

# بۇلاق

4

1988

www.uyghurkitap.com



# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

## 9-يىل نەشرى

## ئومۇمىي 25-سان

1988

AltunOq

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: نىجات مۇخلىس، پەرىدە ئىمىن، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، يالقۇن ئىسمايىل.

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرېشىت ئىسلام، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، تېيىپجان ئېلىيوپ، رەھمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەتتىمىن يۇسۇپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

بۇلاق

بوستاندا

1988 - يىل 4 - سان

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

نۇھ ئەلەيھىسسالام قىسسىسى .................................. رەبغۇزى (1)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: هاجى نۇرهاجى
ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قىسسىسى ..................... رەبغۇزى (12)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىجات مۇخلىس
شېئىرلار ...................................................... موللا نىياز (39)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر بۇلاق
مەسنەۋى ۋە مۇخەممەسلەر ........................................ موللا قۇربان (60)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت..........................

## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

نىزامى گەنجەۋى شېئىرلىرىدىن .................................. (87)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

شائىر خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ھەققىدە....... ئا. مۇھەممەتئىمىن (99)
سەلەي چاققان كىم؟ ........................................ تۇرسۇن قاھارى (116)

## مەشھۇر كلاسسىكلار

سەئدى شىرازى..................................................... (120)

www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


ھۈنەرنىڭ كارامىتى (چۆچەك) ........................................ (123)
رەتلىگۈچى: ئىبراھىم ئىمىن
چۈغۈل دەللىنىڭ ھىيلىسى (چۆچەك) ........................................ (131)
رەتلىگۈچى: ئايگۈل مۆيىدىن
ئالتۇن ئىگەر (چۆچەك) ........................................ (135)
پادىشاھ بىلەن مالچى (چۆچەك) ........................................ (141)
يەككە تاز بىلەن يەتتە تاز (چۆچەك) ........................................ (146)
قەدىمكى لەتىپىلەر ........................................ (149)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇر چىلاشتۇرغۇچى: ھاكىم مۇسا
مايىمخان قوشاقلىرى ........................................ (164)
توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن زېرىدىن
سەلەي چاققان قوشاقلىرى ........................................ (171)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ماخمۇتجان ئىسلام
لاپلار ........................................ (175)
توپلاپ رەتلىگۈچى: ماخمۇت مەھەممەت
چاغاتايچە لۇغەت «ب»، «پ» ........................................ (178)
تۈزگۈچىلەر: غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمايىل قادىرى.


رەسسام: مەھەممەت ئايۇپ.
خەتتات ۋە نەققاش: نىياز كېرىم (شەرقى).
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇ پېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ئىپارخان. (تەسۋىرلىگۈچى: شېرىپ خۇشتار)

2 ـ بېتىدە: ئاتاقلىق تارىخشۇناس ۋە شائىر موللا شاكىر.

سىزغۇچى: سەمەت ئىسمايىل، (تۇنىياز مەتنىياز فوتوسى).

3 ـ بېتىدە: (يۇقىرىدا) يېقىندىن تېپىلغان «لەيلى ـ مەجنۇن» (موللا پازىل) نىڭ قول يازما نۇسخىسىدىكى ئايرىم بەتلىرىنىڭ فوتو سۈرىتى. (تۆۋەندە) موللا قۇربان ۋە موللا نىياز ئەسەرلىرىنىڭ قول يازما نۇسخىسىدىكى ئايرىم بەتلىرىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر.

4 ـ بېتىدە: ئىراق پايتەختى باغداتتىكى «زەۋرا» سەيلىگاھىغا ئورنىتىلغان فارابى ھەيكىلى، (ئابدۇرۇپ پولات فوتوسى).

# «قىسەسۇل ئەنبىيا»دىن

رەبغۇزى

## نۇھ ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلى ئىسمى «لەكەب» ئىدى، ئۇ تولا يىغلىغانلىقى ئۈچۈن «نۇھ» دەپ ئاتالدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يىغلىشىنىڭ سەۋەبلىرى مۇنۇلار ئىدى:

بىر كۈنى شەيتان ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— ئەي مەلئۇن! سەن نېمىگە مۇنچىۋالا خوشامەت قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى. شەيتان:

— ئەي نۇھ، بۇ ئالەمنىڭ خەلقى سېنىڭ بىر دۇئايىڭ بىلەن دوزاخقا چۈشۈپ، ھەممە دوزاخلار ئادەملەر بىلەن تولدى. مەن غەم - غۇسسىدىن خالاس بولدۇم. ئەگەر سەن دۇئا قىلىپ مۇشۇنچە ئادەمنى يوقاتمىغان بولساڭ، بۇ خەلقتىن قانچىلىغان پەيغەمبەر، ئەۋلىيا، ئالىم، زاھىد، پەزىلەتلىك تەقۋادارلار دۇنياغا كەلگەن بولاتتى. ئۇلار ماڭا كۈندە مىڭ مەرتىۋە لەنەت ياغدۇرغان بولاتتى. ئەمدى مانا بۇلار ھەممىسى يوق بولدى. ماڭا سەندەك يەتكۈزۈپ خىزمەت قىلىغان كىشى يوق. مەن شۇڭا سەندىن بەكمۇ مىننەتدارمەن، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— نېمىشقىمۇ سەۋرى قىلماي، بىتاقەتلىك قىلغاندىمەن، — دەپ پۇشايمان قىلىپ يىغلىدى.

يەنە بىر كۈنى بىر ئىت نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى، نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— ئەجەبمۇ سەت ئىتكىنا، — دېدى.

ئىت:

— سەن نەقىشنى ئەيىبلەمسەن ياكى نەققاشنىمۇ؟ ئەگەر نەقىشنى ئەيىبلىمەكچى بولساڭ، مەن ئۆز مەيلىمچە بۇنداق سەت بولۇۋالغان ئەمەسمەن. ئەگەر نەققاشنى ئەيىبلىگەن بولساڭ، نەققاش باشقا بىرسى ئەمەس، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر، — دېدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام دېگەن سۆزىگە پۇشايمان قىلىپ ھەددى - ھېسابسىز يىغلىدى.

بىر كۈنى تەڭرىدىن:

— ئەي نۇھ، كوزا ياسىغىن، — دېگەن پەرمان كەلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن كوزىلارنى ياساپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن تەڭرى ئۇنىڭغا:

— كوزىلارنىڭ ھەممىسىنى سۇندۇرۇۋەتكىن! — دېدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام

www.uyghurkitap.com

ياسىغان كوزىلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۇندۇرۇۋەتتى ۋە:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم! كوزا ياسىغىن، دەپ پەرمان قىلدىڭ. جاپا-مۇشەققەت بىلەن كوزىلارنى ياساپ پۈتتۈرسەم سۇندۇرغىن، دېدىڭ. كوزىنىڭ ھەممىسىنى سۇندۇرۇۋەتتىم. مېنىڭ مېھنىتىمنى زايا قىلغىنىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

تەڭرى:

— ئەي نۇھ، سەن بەش-ئالتە كۈن مېھنەت قىلىپ ياسىغان كوزىلىرىڭنى سۇندۇرۇشقا كۆزۈڭ قىيماي مېھنىتىم زايا بولدى، دەيسەن. ئويلاپ باق، مەشرىقتىن-مەغرىبكىچە بولغان ئارىلىقتا نۇرغۇن ئادەملەر بار ئىدى. قانچىلىغان پەيغەمبەر، ئەۋلىيا، ئالىم، پازىل، زاھىدلار بار ئىدى. ئۇلار ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، زىكرى-تەسبىھ بىلەن مەشغۇل ئىدى. سەن «ھەممىسىنى يوقاتقىن!» دەپ دۇئا قىلدىڭ. مەن ئىجابەت قىلىپ ھەممىسىنى يوق قىلدىم. ئەجەبا مەن «شۇنچە ئادىمىمنى نېمىشقا يوقاتقىن دەيسەن؟» دېمىدىمغۇ، — دېدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خىجىل بولۇپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ «نۇھ» دەپ ئاتالدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا مەشرىقتىن-مەغرىبكىچە بولغان يەر يۈزىدە ئىنسانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆگزىدىن-ئۆگزىگە ئۆتۈپ باشقا مەملىكەتلەرگە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن يەر يۈزىدە ئاشلىق تېرىيدىغان يەر قالماي، ئات-ئۇلاغلار بىلەن تاغ-تاشلارنىڭ ئۈستىگە تويپا توشۇپ ئاشلىق تېرىشاتتى. جاھان ھېچقاچان شۇ چاغلاردىكىدەك ئاۋات بولمىغانىدى.

ئىدرىس ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ، ئىسلام دىنى يوقالدى. ھەممە ئالەمنى بۇزۇقچىلىق، گۇناھلار قاپلاپ كەتتى، ئادەملەر ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈندى. ھابىلنىڭ ئەۋلادى ھەممىسى شەھەرلەردە، ئىمارەتلەردە ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. قابىلنىڭ ئەۋلادىنىڭ ئەرلىرى بەكمۇ سەت، كۆرۈمسىز بولۇپ، ئاياللىرى چىرايلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېيتتا دۇمباق چېلىش ئادىتى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇلار ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن دۇمباق چېلىپ خەلقنى يىغدى. ھەزرىتى شىش ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن بىر ئادەم كېلىپ ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى تاماشا قىلدى. بۇ ئادەم ئاياللارنى كۆرۈپ بەكمۇ زوقلاندى ۋە بېرىپ باشقا يىگىتلەرگە بۇلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. يۈزدەك يىگىت ئۇ ئاياللارغا قىزىقىپ، ئۇلارنى كۆرگىلى باردى. ئۇلار بۇ يەردىكى بەزى پاھىشە ئاياللار بىلەن تونۇشتى. كېيىن باشقا ئادەملەرمۇ كېلىشكە باشلىدى. بۇ يەردە شۇنىڭدىن كېيىن پىسقى-پاسات، قەبىھ ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. بۇ خەلقلەرنى توغرا يولغا دەۋەت قىلىشقا تەڭرىدىن نۇھ ئەلەيھىسسالامغا: «ئىننا ئەرسەلنا نۇھەن ئىلاقەۋمىھى ئەنئەنزىر قەۋمەكە مىن قەبلى ئەن يەئتىيەھۇم ئەزابۇن ئەلىم» (بىز ھەقىقەتەن نۇھنى قەۋمىگە «قەۋمىڭگە قاتتىق ئازاب كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىن» دەپ ئەۋەتتۇق①)، — دەپ پەرمان بولدى.

① قۇرئان كەرىم، 71-سۈرە 1-ئايەت.

ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغۇ: «مېنىڭ
پەرزەنتىم بولساڭلەر قابىلنىڭ ئەۋلادىدىن
ھەرگىز ئۆيلەنمەڭلەر ۋە قىز بەرمەڭلەر»،
دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى.

بىر كۈنى، كەلگەن يىگىتلەرنىڭ
ھەممىسى بىر خوتۇنغا يېپىشتى. بۇ ئايال-
لار كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىززەتلەپ
قارشى ئالاتتى. بۇ يىگىتلەرنى ئىزلەپ
كەينىدىن بىرنەچچە كىشى كەلدى. پاھىشە
ئاياللار ئۇلارنىمۇ تۇتۇۋېلىپ ئازدۇرۇپ،
پىسقى - پاسات، زىنا ئىشلارغا باشلىدى.
ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە كۆڭۈللىرى چۈشۈپ
قېلىشىپ ئەر - خوتۇن بولۇشتى. شۇنىڭ
بىلەن قابىلنىڭ ئەۋلادى ناھايىتى كۆپىيىپ
كەتتى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان-
دىن كېيىن قابىلنىڭ ئەۋلادىدىن بەزىلەر
«ئاتا - بوۋىمىزنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلى-
ساق» — دېيىشتى. بۇنىڭغا بەزىلەر ئۇنى-
مىدى. بىر كۈنى شەيتان كېلىپ قابىلنىڭ
ئەۋلادلىرىغا:

— مەن ياغاچچى بولىمەن. سىلەرگە
بىر سۈرەت (ھەيكەل) ياساپ بېرەي. شۇ
سۈرەتنى تاۋاپ قىلساڭلار، ئادەم ئەلەي-
ھىسسالامنى تاۋاپ قىلغاندەك بولۇسىلەر، —
دېدى. ئۇلار ماقۇل بولدى. شەيتان شۇ
زامان ئۇلارغا سۈرەت ياساپ بەردى.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇتقا باش ئۇرۇشقا
باشلىدى. بۇتپەرەسلىك ئەنە شۇ چاغدىن
باشلانغانىدى.

بۇ چاغلاردا دۇنيادا ئادەم شۇنچىلىك
كۆپ ئىدىكى، بىر - ئىككى ئاي سەپەر
قىلسىمۇ پۈتتۈنلەي كوچا بىلەن يۈرەتتى.
ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامغا تەڭرىدىن:

— كاپىرلارنى بۇتقا ۋە ئوتقا سەجدە
قىلىشتىن قايتۇرۇپ، مېنىڭ بىرلىك ۋە
بارلىقىمنى، ئۆزۈڭنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى
تەرغىب قىلغىن. ماڭا ئۇلار ئىبادەت قىلى-
سۇن. ئۇ چاغدا ئاخىرەتتە ئۇلارغا جەن-
نەت ئاتا قىلىمەن. جەننەتتە تەخت ئۈس-
تىدە ئولتۇرغۇزۇپ تاج ۋە سەلتەنەت
كىيىملىرىنى كىيدۈرىمەن. تۈرلۈك نازۇ-
نېمەتلەرنى ئىنئام قىلىمەن. ئەگەر سېنىڭ
دەۋەت قىلىشىڭغا ئۇنىماي مېنىڭ پەرما-
نىمنى تۇتمىسا، ئىمان - ئىسلامنى قوبۇل
قىلمىسا ئۇلارنى تۈرلۈك ئازابلارغا دۇچار
قىلىمەن. ئاخىرەتتە ئەبەدىلئەبەد دو-
زاختىن خالاس قىلمايمەن! — دېگەن
پەرمان كەلدى. ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىس-
سالام:

— ئەي تەڭرىم، دۇنيا چوڭ، ئادەم
بەك كۆپ تۇرسا، مۇنچىۋالا ئادەمگە يال-
غۇز ئۆزۈمنىڭ كۈچى يېتەرمۇ؟ ئۇلار
مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ئۇنىمىسا قانداق
قىلىمەن؟ — دېدى. تەڭرىدىن:

— ئەي نۇھ، قورقمىغىن. مېنىڭ
يارلىقىمنى يەتكۈزگىن! — دېگەن خىتاب
كەلدى.

ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام كاپىر-
لارغا ھەر بىر كوچىدا، بازارلاردا تۇرۇپ
نەسىھەت قىلدى. تەڭرىنىڭ ئەمر ھۆكۈمە-
لىرىنى يەتكۈزدى. كاپىرلار نۇھنى مەس-
خىرە قىلىپ كۈلۈشۈپ «بۇ جىن تەگكەن
ئادەم بىھۇدە سۆزلەرنى دەۋاتىدۇ» دەپ،
تاش - خىشلار بىلەن ئۇرۇپ، باشلىرىغا
توپا چاچتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— ئەي تەڭرىم، بۇلارغا قانچە نەسى-
ھەت قىلساممۇ قوبۇل قىلمىدى. بۇلارغا
نەسىھەت قىلغىلى ئۈچيۈز ئەللىك يىل
بولدى. شۇنچە يىلدىن بۇيان ئاران

سەكسەن ئادەم مۇسۇلمان بولدى. مەن نەسىھەت قىلسام كۆندىن - كۆنگە ئاھانەت ۋە كۈلپەتكە قىلىۋاتىمەن، — دېدى. تەڭرى:

— سەبرى قىلغىن، — دېدى. كاپىرلار بالا - چاقىلىرىغا:

— ھېلىقى جىن تەگكەن بوۋاينىڭ سۆزىگە كىرمەڭلار. قولۇڭلاردىن كەلسە ئىزا - ئاھانەت قىلىڭلار، — دەپ ۋەسىيەت قىلاتتى. بىر كاپىرنىڭ بالىسى «مەن چوڭ بولغۇچە بۇ بوۋاي يا بار بولىدۇ، يا يوق بولىدۇ. كېيىن ئۇرسەمەن دېگۈچە ھازىرلا ئۇرۇۋالايچۇ، — دەپ، بىر پارچە تاش بىلەن نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا ئۇرۇۋىدى، بېشى يېرىلىپ قان ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ:

— ئەي تەڭرىم، ماڭا بۇ نېمىدېگەن ئىزا - ئاھانەت؟ ئەمدى سەبرى - تاقىتىم قالمىدى. چوڭلىرىغۇ ئۇرىدۇ، ئالتە ياشلىق بالىسىمۇ بۇ ئازابنى سېلىۋاتىدۇ، — دېدى. تەڭرى:

— ئەي نۇھ، نۇرغۇن تېرەك كۆچىتى تىككىن، — دېدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن تېرەكلەرنى تىكتى. ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتتى. بىرەر قېتىممۇ يامغۇر ياغمىدى. كاپىرلارنىڭ خوتۇنلىرى، يىلقىلىرى، كالىلىرى، قارا ماللىرى تۇغمىدى. بۇلاقلار قۇرۇپ كەتتى. نۇھنىڭ تىككەن كۆچەتلىرى چوڭايدى.

شۇ چاغدا تەڭرىدىن:

—ئەي نۇھ، ئەمدى تېرەكلەرنى كەسكىن. توپان بالاسى ئەۋەتىمەن. شەرقتىن - غەربكىچە پۈتۈن دۇنيا سۇغا تولىدۇ. سۇ ئەڭ ئېگىز تاغلاردىنمۇ قىرىق قەرى① يۇقىرى چىقىدۇ. ھېچقانداق جانىۋار تىرىك قالمايدۇ. سەن كېمە ياسايسەن. كېمىگە كىرگەن جانلىقلار تىرىك قالىدۇ. قالغانلار ھەممىسى ئۆلىدۇ، — دېگەن خىتاب كەلدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام تېرەكلەرنى كېسىپ تاختاي تىلدى. تاختايلارنى تۇتاشتۇرۇشقا تۆمۈرلەرنى تەييارلىدى. ئۇلار كېمىنى ئۈچ قەۋەتلىك قىلىپ ياساماقچى بولۇشتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— شىر، ئېيىق، بۆرە، قوي، قۇشقاچ، قۇرغۇيلار بىر - بىرىگە دۈشمەن. ئۇلار بىر - بىرىنى تۇتۇپ يېسە قانداق قىلىمەن؟ — دېدى. تەڭرى:

— ئەي نۇھ، ئۇلار بىر - بىرىگە ھەرگىزمۇ چېقىلمايدۇ، — دېدى.

تاختايلارنى يونۇپ، ھەر بىر تاختايغا بىر پەيغەمبەرنىڭ ئىسمىنى پۈتۈپ چىقتى. كېمە ياغىچىغا تۆت پارچە تاختاي كەملەپ قالدى. بۇ تۆت پارچە تاختاي بولمىسا كېمە پۈتمەيتتى. نۇھ بۇ تاختايلارنى قانداق ھەل قىلىش ھەققىدە تېگىر قاپ تۇرغىنىدا تەڭرىدىن:

— ئەي نۇھ، نىل دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چىنار بار. شۇنى ئەكىلىپ يارساڭ تۆت پارچە تاختاي بولىدۇ، — دېگەن خىتاب كەلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— ئەي تەڭرىم، نىل دەرياسىنىڭ بۇ يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى ئۈچ ئايلىق يول تۇرسا ئۇ چىنارنى يالغۇز ئەپكىلىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، — دېدى. تەڭرى:

— ئەي نۇھ، ئاج ئىبن ئۇنۇقنى بىر قېتىم تويغۇزۇشقا ۋەدە قىلىپ، چىد-

① قەرى — ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى.

غارنى شۇنىڭغا كۆتۈرگۈزۈپ ئەپكەلگىن، — دېدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— ئۇ مىسك پاتمان ئۇنىنىڭ ئىشىغا تويمايدۇ. مەن ئۇنچىۋالا يېمەكلىكنى نە-دىن تاپىمەن؟ — دېدى. تەڭرىدىن:

— ئەي نۇھ، غەم قىلما! ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى ئۆزۈم تويغۇزىمەن، — دېگەن ندا كەلدى.

## ئاچ ئىبىن ئۇنۇقنىڭ ۋەقەسى

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ئاچ ئىبىن ئۇنۇق ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنۇق ھەزرىتى ئادەم ئەلەي-ھىسسالامنىڭ قىزى بولۇپ، ئاچ ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ يول ماڭسا ئىككى قەدە-مىنىڭ ئارىلىقى بىر كۈنلۈك يول كېلەت-تى. ئوزۇقىغا جاڭگاللاردىكى ئورمان ئالا قاغىسىنى يېگىپ، قانات - قۇيرۇقى بىلەن قوشۇپلا ئاغزىغا سېلىپ يەيتتى. دەريا-دىن يوغان - يوغان بېلىقلارنى تۇتۇۋېلىپ، ئاپتاپقا قاخلاپ پىشۇرۇپ يەيتتى. ئاچ توپاندا ھالاك بولمىغانلىقى ئۈچۈن كاپىر ئەمەس ئىدى. ئۇ دەريا ياقىسىدىكى جاڭ-گاللاردا يۈرەتتى. توپان سۈيى ئاران ئۇنىڭ تىزىغا كەلگەنىدى. ئۇ خوتۇننى بەكمۇ كۆنلەيتتى. ئۇ بىر قىزنى تاغنىڭ ئۈستىگە ئەپچىقىپ، ھېچكىم كۆرمەيدىغان جايغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ قىزنى ھەتتا قۇشلارمۇ كۆرمەيتتى. ئاچ ئىبىن ئۇنۇقنىڭ مەقسىتى، قىز چوڭ بولغاندا ئۇنى ئۆزىگە جۆپ قىلىش ئىدى. يىللار ئۆتۈپ قىز چوڭ بولدى. ئاچ ئىبىن ئۇنۇق ئۇنىڭغا تەلەپ قويدى. قىز ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۇنىمىدى. ئەتىسى قىز سىرتقا چىقىپ تاغنىڭ يامرىلىغا كەلدى. ئۇ يەردە ئۇنى بىر يىگىت كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا مەيلى چۈشۈپ قالدى. يىگىت قىز بىلەن بىرگە بولۇشقا ھېچ ئامال تاپالماي، بىر مومايىنى تېپىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەھۋالى-نى ئېيتتى. موماي:

— سەن ياغاچچىغا ئۆزۈڭ ياتقۇدەك بىر ساندۇق ياساتتىپ ئېلىپ كەلگىن، — دېدى. يىگىت بېرىپ ساندۇقنى ياساتتىپ ئەپكەلدى. موماي يىگىتنى ساندۇققا سو-لاپ، ئۇنى تاغنىڭ تۈۋىگە ئاپىرىپ ساند-ۇقنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. بۇ يەرگە ئاچ يېتىپ كەلدى. موماي يىغلاپ تۇرۇپ:

— بۇ ساندۇقتا كىشىنىڭ ئامانىتى بار ئىدى. شۇنى سەن ساقلاپ بەرگەن بولساڭ، — دېدى. ئاچ ساندۇقنى ئۆيىگە ئاپىرىپ بىر بۇلۇڭدا قويدى. ئاچ ھەر كۈنى ئۆيدىن چىقىپ كېتەتتى. قىز بول-سا ساندۇقنى ئېچىپ يىگىت بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلاتتى. شۇ ھالدا بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى ئاچ ئۆيىگە قاي-تىپ كېلىپ، بىر ئادەمنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ قالدى، ۋە:

— بۇ يەرگە كىم كەلدى؟ — دەپ سورىدى. قىز:

— ھېچكىم كەلمىدى، — دېدى. ئاچ ساندۇقنى ئېچىپ يىگىتنى كۆردى. قات-تىق غەزەپلەنگەن ئاچ ھېلىقى موماي، قىز، يىگىت ئۈچەيلەننى بىر يەردە تۇر-غۇزۇپ بېشىغا چوڭ تەرەت قىلىۋىدى، ئۇلار كۆمۈلۈپ قالدى.

ئاچ بىر كەتتىنىڭ خەلقىغە ئاچچىقى

www.uyghurkitap.com

كەلسە بىر پۈتىنى كەنتنىڭ بۇ بېشىدا، يەنە بىر پۈتىنى ئۇ بېشىدا قويۇپ تەرەت قىلسا، كەنت كۆمۈلۈپ قالاتتى.

رۇم ۋىلايىتىدە بىر شەھەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتۇن ئەپكىلىدىغان يېرى يىراق ئىدى. خەلقلەر ئاجنى چاقىرىپ:

— سەن بىزگە ئوتۇن ئەپكىلىپ بەرسەڭ، بىز ساڭا ئوزۇق يىغىپ بېرەيلى، — دېدى.

ئاج ھەر كۈنى جاڭگالدىن ئوتۇن ئەپكىلىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا قوياتتى. يىغقان ئوتۇن يىگىرمە ئوتتۇز مىڭ ئۆيلۈككە يېتەتتى. ئۇلار شەھەرنىڭ سىرتىغا ئىككى كۆل كولىدى. ھەر بىر كۆلنىڭ ئورنى بىر پاتمانلىق يەر ئىدى. ھەر ئۆيلۈك بىر تاۋاقتىن تاماق ئەپچىقىپ بۇ كۆللەرگە قوياتتى. ئاج كۆلگە قويۇلغان ئاش بىلەنناننى يەيتتى. ئۇ ئۆمرىدە تويغۇچە تاماق يەپ باققان ئەمەس ئىدى.

ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام: «ماڭا چىنار ئەپكىلىپ بەرسەڭ مەن سېنى تويغۇزۇپ قوياي، — دېۋىدى، ئاج خۇشال بولۇپ:

— سەن ئۆزۈڭ بېرىپ بىرنى تاللىساڭ، شۇنى ئەپكىلىپ بېرەي، — دېدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— مەن سېنىڭ بىلەن تەڭ ماڭالمايمەن، — دېدى. ئاج ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام يوغانلىقى يىگىرمە قەرى، ئېگىزلىكى توقسان قەرى كېلىدىغان بىر تۈپ چىنارنى كۆرسەتتى. ئاج ئۇنى دەريانىڭ لېۋىدە تۇرۇپ، يۈزمىڭ پاتمان لايقا - پاتقاقلىرى بىلەن قوشۇپ يۇلۇۋالدى. ئۇ ئەتىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنى چىنار بىلەن قوشۇپ دۈمبىسىگە ئارتىپ قايتىپ كەلدى. بۇ چىنارنى تىلىۋىدى، تۆت پارچە تاختاي چىقتى. تاختايلارنى يونۇپ نەقىش چىقارماقچى بولۇۋىدى، چاھارىيارلارنىڭ ئىسىملىرى پۈتۈلۈپ چىقتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— بۇلار كىملەرنىڭ ئىسىملىرىدۇر؟ — دەپ سورىۋىدى، تەڭرىدىن:

— ئەي نۇھ ئۇ ئىسىملاردىكى كىشىلەر دوستۇم مۇھەممەدنىڭ تۆت يارى بولىدۇ، — دېگەن خىتاب كەلدى. بۇ چاغدا ئاج:

— ئەي نۇھ، ئەمدى ماڭا تويغۇدەك تاماق بەرگىن، — دېدى. ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلدى. تەڭرى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:

— ئاج تويغۇدەك ئوزۇقلۇق ئېلىپ كەل، — دەپ پەرمان قىلدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىككى نان ئېلىپ كەلدى. ۋە:

— بۇنى «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ ئاغزىغا سالسۇن، — دېدى. ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئاج، شۇم نەپسىڭنى تويغۇزۇپ قوياي، — دېدى. ئاج كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەي نۇھ، مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟ مەن مۇنداق ناندىن كۈنىگە نەچچە مىڭنى يېسەم ماڭا ناشتا بولمايدۇ، — دېدى. بۇ چاغدا ھەزرىتى نۇھ بىر ناننى ئۈشتۈپ:

— «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دېگىن، — دېدى. ئاج بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دېيىشىگە نۇھ ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر پارچە ناننى سېلىپ قويدى. ئاج

نانىنى چايناپ يۇتتى. قارنى تويغاندەك بولدى، ئاچ نانىنىڭ قالغىنىنى ئاغزىغا سېلىپ يۇتىۋىدى، قورسىقى تويدى. ئاچ ئارزۇسىغا يەتتى. ئۆمرىدە بىر قېتىم مۇرادى ھاسىل بولدى. ئاچ قالغان بىر نانىنى ئېلىپ، يەنە ئۇتۇنچىلىققا ماڭدى.

بىر كۈنى ئاچ دەريا ياقىسىدا بىر يۇتىنى ئۇ قىرغاقتا، بىر يۇتىنى بۇ قىرغاقتا سۇنۇپ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. ئۇنىڭ بىر پاقالچىقى دەرياغا كۆۋرۈك بولۇپ قالدى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن كىشىلەر پاقالچاق سۆڭىكىنىڭ ئىككى بېشىنى تېشىپ ئىلىك ئورنىدىكى كاۋاكتىن كارۋانلار يولى ئاچتى، ئىككى ياقتىن تەڭلا ماڭغان تۆگىلەر بىر-بىرىگە تاقىشىپ ئۆتۈشەلمەي قالغاندىن كېيىن كىشىلەر ئىلىك سۆڭىكىنىڭ ئىككى بېشىغا ناغرا ئورناتتى. قايسى تەرەپتىن كارۋان كىرسە شۇ ياقتىن ناغرا ئاۋازى ئاڭلىناتتى. سۆڭەك كونىرىغانسېرى ئۇنى ياغلاپ تۇرىدىغان بولۇشتى. رىۋايەتتە، تاكى سۇر تارتىلغىچە ئاچنىڭ ئىلىك سۆڭىكى بۇ دەرياغا كۆۋرۈك بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ، دېيىشىدۇ.

يەنە **بىر** رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئاچ **ھەزرىتى مۇسا** ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىغىچە **ياشىغانىدى**. ئۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چېرىكلىرىنى كۆرۈپ «ئۇلارنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ، بىر تاغنى قومۇرۇۋېلىپ بېشىدا كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى. تەڭرى تۆمۈر تۇمشۇققا «تاغنى تەشكىن!» دەپ پەرمان قىلدى. تۆمۈر تۇمشۇق تاغنى تەشكەنىدى، بۇ تاغ ئاچنىڭ بوينىغا سېپىلىپ قالدى. ئاندىن ھەزرىتى مۇساغا تەڭرىدىن:

— ھاساڭ بىلەن ئۇرغىن! — دېگەن پەرمان بولدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام خاسىيەتلىك ھاسىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزى ئون ئىككى گەز يۇقىرى سەكرەپ تۇرۇپ بىرنى ئۇرۇۋىدى، ئاچ يىقىلدى. ئاندىن ھەممىسى ئولىشىپ كېلىپ كېسەك بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ پاقالچاق سۆڭىكىنى نىل دەرياسىغا كۆۋرۈك قىلدى. تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ بۇ خىزمىتىدىن خۇشاللانغان مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەممە جانىۋارلار ئارىسىدا ئىززەتلىك بولدى.

ئەلقىسسە، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تاختايلارنى تەييارلاۋاتقىنىنى كۆرگەن كاپىرلار:

— بۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دېيىشىپ بىر-بىرىدىن سورىشاتتى. ھەزرىتى نۇھ:

— دۇنيانى سۇ باسىدۇ. كىمكى «لائىلاھە ئىللەللاھ نۇھ نەبىيۇللاھ» دېسە، تەڭرىنىڭ ھەقىقەتەن بار ۋە بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، بۇ كېمىگە كىرسە، ئۇ سۇدا ھالاك بولمايدۇ، — دەيتتى. كاپىرلار ئۇنى مەسخىرە قىلىشىپ قايتىپ كېتىشەتتى، ئاخىر كېمە پۈتتى. بىر كېچىسى كاپىرلار يىغىلىپ كېلىپ كېمىنىڭ ئىچىگە تەرەت قىلىپ تۇشقۇزۇۋەتتى، ئۇنى تازىلاشنىڭ ھېچ ئامالى بولمىغاچقا، بىرنەچچە كۈندىلا بۇ نىجاسەتلەر قۇرتلاپ، ھەر بىر قۇرت يىلاندەك يوغىناپ كەتتى. نۇھ ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي تەڭرىم، كېمىنى كاپىرلار گەندە بىلەن تۇشقۇزدى. ئەمدى ئۇنى

www.uyghurkitap.com

قانداق تازىلايمەن؟ــ دېدى. تەگرىدىن:

ــ غەم يېمە، نىجاسەتنى ئۇلار ئۆزلىرى تازىلاپ بېرىدۇ،ــ دېگەن خىتاب كەلدى.

بىرقانچە كۈنلەر ئۆتتى. كاپىرلارنىڭ ھەممىسى موخو كېسىلگە گىرىپتار بولدى. چوڭ ـ كىچىك ھەممىسىنىڭ قاشكىرپىك، چاچ ـ ساقاللىرى چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار ئاغرىق ئازابىغا تاقەت قىلالماي، «بۇنداق جاپا تارتىپ ياشىغۇچە كېمىدىكى ئېچىپ كەتكەن نىجاسەتنى يەپ ئۆلگىنىمىز ياخشى ئوخشايدۇ» دېيىشىپ، ھېلىقى نىجاسەتلەردىن تويغۇچە يېگەندى، كېسەلدىن ساقىيىشتى. ئۇلار بېرىپ باشقىلارغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلار بىر ـ بىرلەپ بېرىپ نىجاسەتنى يېگەندى، كېسەلدىن ساقىيىشتى. كېيىن قالغان كاپىرلار گەندىلەرنى تالىشىپ بىربىرىنىڭ باش ـ كۆزىنى يېرىشتى. قولپۇتلىرىنى سۇندۇرۇشتى. نىجاسەتلەر تۈگىگەندى، ئۇلار كېمىنى يۇيۇپ سۈيىنى ئىچىشتى. ئاخىر كېمىنى كاپىرلار ئۆزلىرى تازىلاشتى. ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام كوچىمۇ ـ كوچا، مەھەللىمۇ ـ مەھەللە، شەھەرمۇ ـ شەھەر يۈرۈپ كاپىرلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا دالالەت قىلسا، ئۇلار قوللىرىغا تاياق ـ توقماق، خىش ـ كېسەكلەرنى ئېلىپ نۇھنى ئۇراتتى. ئاخىر ئۇ:

ــ ئەي تەگرىم، توپان ئەۋەتمەن دېۋىدىڭ، ھازىرغىچە ئەۋەتمەيسەنغۇ؟ــ دېدى. تەگرىدىن:

ــ ئەي نۇھ، ئەمدى بارلىق جانۋارلاردىن بىر جۈپتىن ئەپكىلىپ كېمىگە سالغىن. ئەتە كېچىدە بالا ـ قازا ئەۋەتىمەن،ــ دېگەن خىتاب كەلدى. ھەزرىتى نۇھ:

ــ يالغۇز ئۆزۈم شۇنچە نۇرغۇن جانۋارلارنى جۈپتى بىلەن قانداقمۇ ئەپكىلىپ بولارمەن؟ دېدى. تەگرى:

ــ ئەتە مەن ھەممىسىنى جۈپتى بىلەن كېمىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىمەن،ــ دېدى.

ئەتىسى ھەممە جانۋارلاردىن بىر جۈپتىن ھازىر بولدى. نۇھ ئۇلارنى كېمىگە سالدى. ھەر خىل مېۋە ۋە گىياھلارنىڭ ئۇرۇغىدىن ئالدى. بۇ چاغدا جەمئىي سەكسەن ئادەم مۇسۇلمان بولغانىدى. ئۇلارمۇ كېمىگە چىقتى. نۇھ كېمىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە ئۇچار قۇشلارنى، ئىككىنچى قەۋىتىگە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەسىتىنى قويدى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا ئادەملەرنى ئولتۇرغۇزدى. ئاستىنقى قەۋىتىگە پىلدىن ـ چۈمۈلىگىچە بولغان بارلىق ھايۋاناتلارنى سالدى. ئەڭ كىچىك جانۋارلارنى چوڭلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا ئەپچىقىۋالدى.

ئەتىسى كۈن چىقىلىپ چىققان چاغ ئىدى. بىر ئايال تونۇرغا نان يېقىۋاتاتتى. تونۇردىن سۇ چىقىشقا باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن ھەممە يەردىن سۇ چىقىپ، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. يەر يۈزى سۇغا تولۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن كاپىرلار قېچىپ تاغلارنىڭ ئۈستىلىرىگە چىقىۋالدى. سۇ ئەڭ ئېگىز تاغلاردىنمۇ قىرىق گەز يۇقىرى چىقتى. ھەممە كاپىرلار سۇغا غەرق بولدى.

مالىك ئىبنى سۇلايمان ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

نۇھ ئەلەيھىسسالام يىلان ـ چايانلارغا:

ــ سىلەردىن ئىنسانلارغا زىيان يېتىدۇ، دەپ ئۇلارنى كېمىگە سالمىۋىدى، ئۇلار:

— كىمىكى سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى يادلىسا بىز ئۇ كىشىگە چېقىلمايمىز، — دەپ ۋەدە قىلىشتى.

كېمە توپان سۈيىنىڭ تەسىرىدىن قاراڭغۇلىشىپ ھېچنەرسىنى كۆرگىلى بولمىدى. بۇ چاغدا نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— بىزنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزۇپ، كۆزىمىزنى روشەن قىلغىن! — دەپ تەڭرىگە مۇناجات قىلدى. بىر چاغدا ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ نۇرى پەيدا بولۇپ، شۇ نۇر بىلەن پۈتۈن ئالەم يورۇپ كەتتى.

بىر كۈنى شەيتان ئۈزۈمنىڭ ئۇرۇقىنى ئوغرىلىۋالدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئۈزۈمنىڭ ئۇرۇقىنى ھېچنەدىن تاپالمىغاندىن كېيىن بارلىق ھايۋاناتلاردىن سورىدى. ھەممىسى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاخىر شەيتاننى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى. بۇ چاغدا شەيتان:

— ئۈزۈمنى ئۈچ قېتىم سۇغىرىشىمغا رۇخسەت قىلسىڭىز تېپىپ بېرىمەن، بولمىسا تېپىپ بەرمەيمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى. ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. ئۈزۈم تېرىلغاندا ئۇنى شەيتان ئاۋۋال تۈلكىنىڭ قېنىدا سۇغاردى، ئاندىن تۇڭگۇزنىڭ قېنىدا سۇغاردى، ئەڭ ئاخىرىدا يولۋاسنىڭ قېنىدا سۇغاردى، شۇ سەۋەبتىن ئۈزۈمنىڭ ئىچىغان سۈيى بارلىق ھارام نەرسىلەر ئىچىدە ئەڭ ھارام بولغاچقا ئۇنى «ھاراق» دەپ ئاتىدى، ئۇنى ئىچكەن ئادەم ئالدى بىلەن تۈلكىدەك ھارامزادىلىشىپ، ئۆمرىدە كۆرمىگەن ئادەملەر بىلەن سىرىدىشىپ كېتىدۇ. كېيىن يولۋاستەك ھىممەتلىك بولىدۇ. مەست بولغاندا چوشقىدەك يامانلىشىپ، ھېچنەرسىدىن قورقمايدۇ. ئەسكى ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرىدۇ.

شەيتان ئۈزۈمنى ئۈچ قېتىم سۇغارغاندىن كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام ئىككى قېتىم سۇغاردى. ئۇنىڭ خاسىيىتىدىن ئۈزۈمدىن سىركە بىلەن شىرنە چىقتى، رىۋايەتتە، بۇ نەرسىلەر بار ئۆيدىن بەرىكەت كەتمەيدۇ، دېيىلىدۇ.

ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىگە چىقىدىغان چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

— كېمىدە ھېچقانداق جانىۋار جۈپلەشمىسۇن، — دېدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام بۇنى جانىۋارلارغا خەۋەر قىلدى. لېكىن ئالدى بىلەن ئىت، كېيىن مۈشۈكلەر يوشۇرۇن ھالدا جۈپلەشتى. تەڭرىنىڭ ئۇلارغا غەزىپى كەلدى. ئۇلاردىن كېيىن ھام ئەر-خوتۇن ئىككىسى تېپىشتى، ئۇلارمۇ تەڭرىگە ئاسىي بولدى.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كېمىنىڭ ئىچى كىشىلەرنىڭ نىجاسەتلىرىنىڭ سېسىقچىلىقى بىلەن تولدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە:

— ئەي تەڭرىم، بۇ سېسىقچىلىقنىڭ دەستىدىن ساڭا تائەت-ئىبادەت قىلالمايۋاتىمەن، — دەپ مۇناجات قىلدى.

تەڭرىدىن:

— ئەي نۇھ، پىلنىڭ دۈمبىسىنى سىيلىغىن، — دېگەن خىتاب كەلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام پىلنىڭ دۈمبىسىنى سىيلىۋىدى، تۇمشۇقىدىن تۇڭگۇز چۈشتى. ئۇ بارلىق گەندىلەرنى يەپ كېمىنى پاكىزلىدى. شۇ سەۋەبلىك تۇڭگۇز نىجىس

www.uyghurkitap.com

هارام بولدى. بىر چاغدا شەيتان كېلىپ تۇڭگۇزنىڭ پېشانىسىنى سىيلىغۇدى، بۇرنىدىن چاشقان چۈشتى. چاشقان يۈگۈرۈپ يۈرۈپ كېمىنى تەشكىلى تۇردى. كېمىگە سۇ كىرىشكە باشلىدى، بۇنى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئەقلى-ھوشى ئۇچتى. ئۇلار تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ:

— ئەي تەڭرىم، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېيىشتى، تەڭرى نۇھقا:

— يولۋاسنىڭ پېشانىسىنى سىيلىغىن! — دەپ پەرمان قىلدى. نۇھ يولۋاسنىڭ پېشانىسىنى سىيلىغۇدى، يولۋاسنىڭ ئىككى بۇرنىدىن ئىككى مۈشۈك چۈشتى. مۈشۈكلەر چاشقاننى تۇتۇپ يېدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— كېمىنىڭ تۆشۈكىنى كىم ئېتەلەيدۇ؟ — دەپ سورىغۇدى، يىلان:

— بۇ ئىشنى ئورۇندىسام نېمە بېرىسىز؟ — دېدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— نېمە دېسەڭ شۇنى بېرەي، — دېدى. يىلان:

— ماڭا ئۇززۇقلۇق كېرەك. نېمىنىڭ گۆشى تاتلىق بولسا شۇنى يېيىشكە رۇخسەت قىلىڭ، — دېدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ماقۇل بولدى. يىلان تۆشۈككە كىرىپ تۇگۈلۈپ يېتىۋىدى، كېمىگە كىرىۋاتقان سۇ توختىدى. كېمىدىكىلەر كېمىنىڭ ئىچىدىكى سۇنى سىرتقا تۆكۈپ، كېمىنى قۇرۇتقىنىدىن كېيىن، تۆشۈكنى مەھكەم ئېتىپ ئاندىن خاتىرجەم بولۇشتى. بۇ چاغدا كېمە ماڭماي توختاپ قالدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام چاھارىيارلارنىڭ ئىسمىلىرىنى يېزىپ كېمىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئورناتتى. ئاندىن كېمە يولغا راۋان بولدى. ئۇلار دۇئا ئايىنىڭ ئون ئۇچىنچى كۈنى كېمىگە چىققانىدى. ئۇلار مەككىگە يەتتە قېتىم بېرىپ تاۋاپ قىلىپ، غەربتىن شەرققە قاراپ ئالتە ئاي مىقدارى سۇدا ئۈزدى. كېمىدىكىلەردىن باشقا يەر يۈزىدە ھېچقانداق جانلىق قالمىغانىدى. ئاج ئىبىن ئۇنۇق كېمىگە كىرمىگەنىدى. توپان سۈيى ئاجنىڭ تىزىغا كەلگەنىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەھيى كەلگەندە يۈز ياشقا كىرگەنىدى، ئاخىر ئۇلار كېمىدىن چۈشتى. بۇ چاغدا يىلان دەۋا قىلىپ:

— ئەي نۇھ، ماڭا ۋەدە قىلغان نەرسىڭىزنى بېرىڭ، — دېدى، نۇھ ئەلەيھىسسالام پاشىغا:

— ھەممە نەرسىنىڭ گۆشىنى تېتىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى. پاشا ھەممە جانلىقلارنىڭ گۆشىنى تېتىپ باقتى. ئۇ يولدا قارلىغاچقا ئۇچراپ:

— ئادەم گۆشىدەك تاتلىق گۆش يوقكەن، — دېدى. بۇ چاغدا قارلىغاچ:

— سۆزۈڭ راست بولسا تىلىڭنى چىقارغىن، مەن تېتىپ باقاي، — دېدى. پاشا تىلىنى چىقىرىش ھامان قارلىغاچ ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالدى. پاشا گاچا بولۇپ قالدى. ئۇ غىڭشىغىنىچە نۇھنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەلدى. ئارقىدىن قارلىغاچ كەلدى. نۇھ پاشىدىن نېمىلا گەپ سورىسا غىڭشىپ قارلىغاچقا قارايتتى. قارلىغاچ:

— بايا ئۇ ماڭا يولۇقۇپ «پاقا گۆشى تاتلىقكەن» دېگەنىدى، — دېدى. قارلىغاچنىڭ گېپى بىلەن يىلانغا پاقا گۆشىنى بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن تارتىپ يىلاننىڭ ئوزۇقى پاقا بولۇپ قالدى.

دۇنيـانى سۇ بېسىپ ئـالتە ئايدىن
كېيىن تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن سۇ توخـ
تىدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام كېمىنى بىر تاغـ
نىڭ ئۈستىدە توختاتتى. ئۇ:

— يەريۈزىدىكى سۇلار تۆگىدىمىكىن.
كىم بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ؟ - دې
دى. قاغا:

— مەن بېرىپباقـاي، — دەپ رۇخـ
سەت ئېلىپ كەتتى. ئۇ بېرىپ سۇدا هاـ
لاك بولغان جانلىقلارنىڭ تاپلىرىغا يېپىـ
شىۋېلىپ تېز قـايـتىپ كەلمىدى. شۇڭـا
تەڭرى ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق، جاپا ـ مۇشەقـ
قەتلىك تۇرمۇش بىلەن ئۆمـۈر ئۆتـكۈـ
زۈشنى نېسىپ قىلدى. ئاندىن كېيىن كەپـ
تەرنى بۇيرۇدى. ئۇمـۇ بېرىپ بىر يەرگە
قونغانىدى، پۇتى لايغا پېتىپ قېلىپ نېـ
رى بارالمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ پـۇتى تـۆكـ
لۈك بولۇپ قـالدى. ئـانـدىن دەمدەرنى
بۇيرۇدى. ئۇ بېرىپ زەيتۇن دەرىخىنىڭ
بىر تال يـوپـۇرمىقىنى چىشلـەپ ئېلىپ
كەلدى. تەڭرى:

— ساڭا ئادەم پەرزەندى ئۆز ئۆيىـ
دىن ماكان بەرسۇن، — دەپ بۇنىڭغا زىننەت
ئۈچۈن بىر هالقا بەردى.

نۇھ ئەلەيھىسسالام بىلەن كېمىدىن
چۈشكەنلەر ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ۋە كېلىنلىرى
قوشۇلۇپ جەمئىي سەكسەن يەتتە كىشى ئىـ
دى. بۇلار ھەممىسى مۇسۇلمانىدى. ئۇلار بىر
شەهەر بىنا قىلىپ شۇ شەهەردە هايـات
كەچۈرۈشكە باشلىدى. كېيىن باشقىلار ئۆـ
لۈپ كېتىپ نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۈچ ئوغـ
لى ۋە ئۈچ كېلىنى بىلەن قالدى.

بىر كۈنى نۇھ ئەلەيھىسسالام ئـۇخـ
لاپ قـالغانـدا ئېتىكى ئېچىلىپ قـالدى.
هام بۇنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلىپ كـۈلـ
دى. سام كېلىپ يېپىپ قويدى. نۇھ ئەـ
لەيھىسسالام ئويغانغاندىن كېيىن سام بولـ
غان ۋەقەنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. نۇھ
ئەلەيھىسسالام هامغا ئاچچىقلاپ:

— ئىلاهىم، ئەۋلادىڭ ئۆمـۈر بويى
باشقىلارنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ ئۆتسۇن، —
دەپ قارغىدى. شۇڭا هـامنىڭ ئەۋلادلىرى
هەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ پەستۇر.

هەزرىتى نۇھ دۇنيانىڭ يېرىمىنى —
ئۇمۇد دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپى، بەلخ، بۇـ
خارا ئىراق، شام، خۇراسان، سامان، رۇم،
بـاغداد، مىسىر، مـەككە ـ مەدىنە، يەمەن،
ئەدەن، ئانتاكـىيە، قۇستەنتىنىيە ... قاتارـ
لىق ئۇلۇغ مەملىكەتلەرنى سامغا بەردى.

ئەنديجان، سەمەرقەندە، ئۆرگـەنچ،
قىرغىز، قازاق، قـالماق، مـوغۇل زېمىنـ
لىرىنى خىتايغىچە يافەسكە بەردى.

كونجال، تۇبۇت، بالتى، بولۇر، كەشـ
مىر، هىندىستانلارنى هامغا بەردى.

ئەلـقىسسە، هـەزرىتى نـۇھ ئـەلەيـ
هىسسالامنىڭ بىر قىزى بـار ئىدى. ئۇنىڭـ
غا تۆت يەردىن لايىق چىقتى. هـەزرىتى
نۇھ هەممە ئـەلچىلەرنى «نېسىپ بـولسا
بېرەي» دېگەن جاۋاب بىلەن قـايتۇردى.

بىر كۈنى تـۆت ئادەم تـوي تارتىپ
كەلدى. بىر قىزغا تـۆت يىگىت بـولـۇپ
قـالدى. نـۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشقا
بېشى قېتىپ قارىسا بىر ئىتى كۈچۈكلەپتۇ،
ئېشىكى تـەخەيلەپتـۇ. هـەر ئىككىلىسى
چىشى ئىكەن. نۇھ بۇلارنى ئەپكىرىپ قىزىـ
نىڭ قېشىدا قـويـۇپ دۇئا قىلدى. كـۈـ
چۈك بىلەن تەخەي نـۇھ ئەلەيھىسسالامـ
نىڭ قىزىغا ئوپمۇ ئوخشاش قىزغا ئايلانـ
دى. تەڭرى نۇهقا بىر هـۈر قىزنى ئـەـ
ۋەتتى، ئۇنىڭ بىلەن تـۆت قىز بولدى.

بۇلار بىر-بىرىگە شۇنداق ئوخشايتتىكى، قايسى ئادەم، قايسى ھۆر، قايسى ئىت ياكى ئېشەك ئىكەنلىكىنى ئەسلا ئايرىغىلى بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ تۆت قىزنى بىر كۈندە ياتلىق قىلدى. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قىزى كىمگە چۈشكەنلىكىنى بىلەلمىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن نۇھ ئەلەيھىسسالام بىر كۈيئوغۇلدىن:

— ئايالىڭىزنىڭ خۇي-پەيلى قانداقراق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى. كۈيئوغۇلى:

— يامان ئەمەس، بىراق بەزىدە جاھىللىق قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان نۇھ:

— ئېشەكنىڭ بالىسى شۇ ئىكەن-دە، دەپ بىلدى. يەنە بىر كۈيئوغۇلدىن سورىۋىدى:

— بەك ياخشى، بەزىدە بەدخۇيلۇق قىلىدۇ، — دېدى. بۇ گەپتىن ئۇ قىزنىڭ ئىتنىڭ كۈچىكى ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئاندىن يەنە بىر كۈيئوغۇلدىن سورىدى. ئۇ:

— ئايالىمنىڭ مىجەزى بەك ياخشى، مۇلايىم. ئىتائەتمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان نۇھ بۇ قىزنىڭ ئۆز قىزى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

«سىرەتۇل ئەنبىيا» دا نۇھ ئەلەيھىسسالامنى 950 يىل ئۆمۈر كۆرگەن دەپ يازغان. «قىسسەئى تەبئۇزى» دا 1200 يىل ئۆمۈر كۆرگەن دەپ يازغان.

ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە ئەزرائىل ئۇنىڭدىن:

— ئەي نۇھ، شۇنچە ئۇزۇن يىل ئۆمۈر كۆردىڭىز، بۇ دۇنيانىڭ لەززىتىنى قانچىلىك تېتىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى، نۇھ ئەلەيھىسسالام:

— دۇنيا دېگەن ئىككى ئىشىكلىك ئۆيگە ئوخشايدىكەن. مەن خۇددى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ بۇ ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەندەك بولدۇم، — دېدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ روھ قۇشى بەدەن قەپىسىدىن ئۇچۇپ چىقتى. نۇھنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئەۋلادى پۈتۈن ئالەمگە تارالدى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھ جى نۇرھاجى

# ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئابىرنىڭ يۈز يىلدىن كېيىنكى ئەۋلادىدىن دۇنياغا كەلدى. ئىبراھىم دېگەن «باغرى يۇمشاق»، «دىلى يۇمشاق» دېگەن بولىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا نەمرۇد دېگەن بىر كاپىر بار ئىدى. ئۇ سامنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىن قۇدرەتلىك، ھەيۋەتلىك كاپىر يوق ئىدى. ئۇ تۈركىستان ۋىلايىتىنىمۇ ئىگىلىگەندىن كېيىن، ھىندىستانغا بېرىپ ھامنىڭ ئەۋلادىنى بويسۇندۇردى. مەغرىب زېمىنىنىمۇ ھەم ئىگىلەپ، ئۇ يەرلەرگىمۇ پادىشاھ بولۇپ، كۇفەدە تۇختىدى. بىر رىۋايەتتە، نەمرۇدنى مەغرىبدىن مەشرىققىچە پادىشاھ بولغان دەپ يازىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە، پۈتۈن ئالەمگە تۆت كىشى پادىشاھ بولغان. ئۇلارنىڭ ئىككىسى مۇسۇلمان، ئىككىسى كاپىر ئىدى. مۇسۇلمانىڭ بىرى — ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، يەنە بىرى — ھەزرىتى ئىسكەندەر ئىدى. كاپىرنىڭ بىرى — نەمرۇد، يەنە بىرى — شەدداد ئىدى، دەپ يازىدۇ.

بىر كۈنى نەمرۇد چۈش كۆردى. چۈشىدە ئاسماندىن بىر قوچقار چۈشۈپ ئۇنى ئۇسۇپ تەختىدىن يىقىتىۋەتتى.

نەمرۇد چۆشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى.

ئەتىسى نەمرۇد ھەممە ھۆكۈما، مۇنەججىملەرنى يىغىپ، ئۇلارغا چۈشىنى بايان قىلدى. ھۆكۈما، مۇنەججىملەر نەمرۇدنىڭ چۈشىگە «يېقىن كەلگۈسىدە بىر ئوغۇل دۇنياغا كېلىپ، مەملىكىتىڭىزنى خاراب قىلىدۇ» دەپ تەبىر بېرىشتى. بۇ تەبىردىن نەمرۇدنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچلۇق بىر ئەندىشە پەيدا بولۇپ «ھەرقانداق خوتۇن ئوغۇل تۇغسا دەرھال ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

نەمرۇدنىڭ تارەخ دېگەن بىر بۇت تاراشى ① بار ئىدى. ئۇ بۇت ياسىغانلىقى ئۈچۈن «ئازەر» دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ خوتۇنى ھامىلدار ئىدى. ئۇ خوتۇن چىرايىدىن نۇر يېغىپ، قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇ ئوغۇلغا «ئىبراھىم» دەپ ئات قويدى. ئازەر نەمرۇدنىڭ يارلىقىدىن قورقۇپ، ئىبراھىمنى بىر تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە ئاپىرىپ قويدى. ئىبراھىم ئۆڭكۈردە باش بارمىقىنى ئېمىپ ياتاتتى. ئىبراھىمنىڭ ئانىسى ئۆز ئوغلىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى نەمرۇدنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۈچ-تۆت كۈندە بىر قېتىم ئۆڭكۈرگە بېرىپ ئىبراھىمنى ئېمىتىپ كېلەتتى. ئاللاتائالانىڭ پەرمانى بىلەن ئىبراھىم يەتتە ياشقا كىرگۈچە ئۆڭكۈردە ياشىدى.

بىر كۈنى ئىبراھىمنىڭ ئانىسى ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. ئىبراھىم ئانىسىدىن:

— مەن نەدىن پەيدا بولغان، مېنى ياراتقان كىم؟ — دەپ سورىدى.

ئانىسى:

— سەن مەندىن پەيدا بولغان، — دېدى.

ئىبراھىم:

— سېنى كىم ياراتقان؟ — دېدى.

ئانىسى:

— ئاتاڭ ئازەر ياراتقان، — دېدى.

ئىبراھىم:

— ئازەرنى كىم ياراتقان، — دېدى.

ئانىسى:

نەمرۇد ياراتقان، — دېدى.

ئىبراھىم:

— نەمرۇدنى كىم ياراتقان، — دېدى.

ئانىسى:

— بۇت ياراتقان، — دېدى.

ئىبراھىم:

— بۇتنى كىم ياسىغان، — دەپ سورىدى.

ئانىسى:

— ئاتاڭ ياسىغان، — دېدى.

ئىبراھىم:

— مەخلۇقنى خۇدا ياراتماي، خۇدانى مەخلۇق ياراتامدۇ، — دېدى. ئانىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شۈك بولدى ۋە ئازەرگە ئىبراھىمنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى دەپ، بۇنىڭغا بىر ئامال قىلىش لازىملىقىنى ئېيتتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئىبراھىمنى ئاخىرى يەنە غارغا ئاپىرىپ قويدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام غاردا ئولتۇرۇپ «بۇ دۇنيادا زادى كىمنى ياراتقان؟ مەخلۇقاتلار نەدىن پەيدا بولغان؟» دېگەننى ئويلاپ، پىكرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى. كۈن كەچ بولدى. ئاي چىقىپ ئۇنىڭ نۇرى پۈتۈن ئالەمنى يورۇتتى. ئىبراھىم «يەر-ئاسماننى شۇنەرسە ياراتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئۇنىڭ‍

① بۇت تاراش — بۇت ياسىغۇچى.

www.uyghurkitap.com

غا سەجدە قىلدى. بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئاي ئولتۇردى. ئىبراھىم «بۇ تەڭرى ئەمەس ئىكەن. ئەگەر ئۇ تەڭرى بولغىنىدا يوقاپ كەتمىگەن بولاتتى» دەپ ئويلىدى. سەھەر ۋاقتىدا كۈن چىقتى. ئىبراھىم «تەڭرى شۇ ئوخشايدۇ» دەپ ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. كەچ بولغاندا كۈنمۇ ئولتۇردى. ئىبراھىم «بۇمۇ تەڭرى ئەمەس ئىكەن. قارىغاندا ھەر ئىككىسىنىڭ ياراتقان ئىگىسى بار ئوخشايدۇ» دەپ تەڭرىنى ياد قىلدى. بىر چاغدا ھەزرىتى ئىسلاھىدىن:

— ئەي ئىبراھىم، ئۇلارغا ئىبتىقاد قىلمىدىڭ. سەن زادى كىمگە ئىبتىقاد قىلماقچى، — دېگەن خىتاب كەلدى.

ئىبراھىم:

— يەر ـ كۆكنى، مەخلۇقات ـ مەۋجۇداتلارنى ۋە مېنى كىم ياراتقان بولسا، شۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىمەن، — دېدى.

قۇرئاندا «مەن ھەققەتەن باتىل دىنلاردىن ھەقىقىي دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم. مەن ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس①» دېيىلگەن.

ئىبراھىم سەككىز ياشقا تولغاندا ئانىسى ئۇنى يەنە ئۆيگە ئېلىپ كەلدى.

بىر كۈنى ئاتىسى ئىبراھىمغا بىر بوت ياساپ بەردى ۋە:

— ئوغلۇم، بۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ كەلگىن، دېدى.

ئىبراھىم:

— بۇ نېمە قىلىدىغان نەرسە، بۇنى كىم ئالىدۇ؟ — دېدى.

ئازەر:

— بۇ، ھەممە ئادەمنىڭ تەڭرىسى، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ بويىنىدىن باغلاپ سۆرەپ يۈرۈپ خېرىدار چاقىرىدىكىم:

بۇ نەرسىنىڭ كۆرەرگە كۆزى يوق، سۆزلەشكە تىلى يوق. تىڭشاشقا قۇلىقى، مېڭىشقا پۇتى، تۇتۇشقا قولى يوق. كىم بۇ نەرسىنى سېتىپ ئالسا زىيىنى باركى، پايدىسى بولماس. بۇنداق نەرسىنى ئېلىپ زىيان تارتىدىغان كىشى بارمۇ؟

ئىبراھىم خېرىدار چاقىرىپ يۈرۈپ بىر يەرگە كەلگەندە بۇتنى تامغا يۆلەپ قويۇپ ھاجەتكە ئولتۇردى. بىر ئىت كېلىپ بۇتنىڭ بېشىغا سىيدى. بۇنى كۆرگەن ئىبراھىم «ئاتام شۇنداق نەرسىنىمۇ تەڭرى دەپ ئۇنى ساتقىلى مېنى بازارغا چىقىرىپتۇ» دەپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە ئاتىسىغا:

— ئەي ئاتا، ئۇ نېمەڭنىڭ بېشىغا ئىت سىيىپ قويسا، ئۇ ئىتنى «چاغ» دېيەلمىسە، ئىتمۇ ئۇنىڭدىن قورقمىسا، ئۇ نەرسەڭ قانداقمۇ تەڭرىلىككە يارىسۇن، — دېدى.

ئاتىسى:

— سەن بىزنىڭ تەڭرىمىزنى سۆرەپ يۈرۈپ خار قىلىپسەن، — دېدى.

ئىبراھىم:

— ئەي ئاتا، ئۇ تەڭرى بولسا مەخلۇق ئۇنى سۆرەپ يۈرەلەمدۇ؟ ئىتمۇ ئۇنىڭدىن قورقماي بېشىغا سىيىپ ـ چىچالامدۇ؟ ئۇ ئەسلىدە بىر پارچە ياغاچ ئىدى. سەن ئۇنى ياساپ «تەڭرى» دەۋالدىڭ. تەڭرى دېگەن — يەر ـ كۆكنى، ھەممە مەخلۇقات ـ مەۋجۇداتنى، تاغ ـ دەريالارنى ۋە دەرەخلەرنى ياراتقان بولىدۇ. ئۇ نەرسەڭنى «تەڭرى» دېگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى

① «قۇرئانى كەرىم» 6 – سۈرە، 79 – ئايەت.

يالغانچىلاردۇر. ئەي ئاتا، سەن شەيتانغا ئالدىنىپ ئۇنىڭغا قۇل بولمىغىن! شەيتان — تەڭرىنىڭ دۈشمىنىدۇر، — دېدى.

ئاتىسى:

— ئەي ئوغلۇم، سەن بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلىپ، تەڭرىمىزنى ھاقارەتلىدىڭ. بۇگۈندىن ئېتىبارەن سەن بىلەن ئاتابالىلىقتىن كېچىمەن. ئاللىغان يولۇڭغا ماڭغىن، — دېدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خۇشال بولۇپ، بىر يەرگە بېرىپ تەڭرىگە سېغىنىپ، تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە ئۆيگە كېلىپ:

— ئەي ئاتا، بۇنداق نەرسىلەرنى ياسىماڭ! — دېدى.

ئاتىسى:

— بىزنىڭ نەمرۇدتىن باشقا تەڭرىمىز يوقتۇر. شۇنداق سۆزلەرنى قىلغان ئاغزىڭغا تاش - تۇپراق. سەن مېنى تولا مەسخىرە قىلغۇچى بولما! — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— نەمرۇد قانداقمۇ خۇدا بولالىسۇن. چۈنكى ئۇنى ياراتقان ئىگىسى — تەڭرى باردۇر. مەن سىلەرنىڭ بۇتۇڭلارغا ھەممىڭلار ھەيران قالغۇدەك بىر كارامەت كۆرسىتەي، — دېدى.

بىر كۈنى كاپىرلارنىڭ بايرىمى بولدى. ھەممە كىشىلەر مەرىكە مەيدانىغا يىغىلدى. كاپىرلارنىڭ قائىدە - يوسۇنىدا بايرام كۈنى ھەر بىر كىشى ھەر خىل تاماقلارنى تەييارلاپ، بۇتنىڭ ئالدىغا قوياتتى - دە، تاماقنى يەنە بۇتنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ «تەڭرىمىز بەرگەن تاماق» دەپ يەيتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر پالتىنى ئېلىپ بۇتخانىغا باردى. ئۇ بۇتخانىدىكى ياغاچ بۇت، ئالتۇن بۇت، كۈمۈش بۇتلارنى سۇندۇرۇپ، پالتىنى چوڭ بىر بۇتنىڭ ئالدىدا قويۇپ چىقىپ كەتتى. شەيتان بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ:

— ئەي خالايىقلار، ئىبراھىم سىلەرنىڭ بۇتۇڭلارنى سۇندۇرۇۋەتتى، — دەپ جار سالدى.

كاپىرلار مەرىكە مەيداندىن قايتىپ بۇتخانىسىغا كىرسە، بۇتلىرىنىڭ ھەممىسى سۇنۇپ، يەردە ياتقانىكەن. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نەمرۇدقا ئەرز ئېيىتتى.

نەمرۇد:

— بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى دەرھال ئېنىقلاڭلار! — دېدى.

كاپىرلار:

— بىز ھەممىمىز مەرىكە مەيدانىدا ئىدۇق. بىر چاغدا بىرسى «ھەممە بۇتۇڭلارنى ئىبراھىم سۇندۇردى» دەپ جار سالدى. بۇتخانىغا كېلىپ قارىساق دېگەندەكلا بۇتلارنىڭ ھەممىسى سۇنۇپ، يەردە يېتىپتۇ، — دېيىشتى.

نەمرۇد:

— ئىبراھىمنى دەرھال كەلتۈرۈڭلەر! ئۇ كەلگەندە سىلەر گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈڭسىلەر، — دېدى.

ھەزرىتى ئىبراھىمنى نەمرۇدنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. نەمرۇد:

— ئەي ئىبراھىم، تەڭرىمىزنى نېمىشقا سۇندۇرۇپ چاقتىڭ؟ — دېدى.

ئىبراھىم:

— بۇتۇڭلارنى سۇندۇرغانلىقىمغا كىم گۇۋاھ بولىدۇ؟ — دېدى.

ئازەر:

www.uyghurkitap.com

— سەن ماڭا شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭ-
نى ئېيتقانىدىڭ، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— مەن ئۇنداق قىلمىدىم. ئىشەنمى-
سەڭلەر تەڭرىڭلاردىن سوراڭلار، — دېدى.

نەمرۇد:

— بۇتنىڭ تىلى بولمىسا قانداق
سۆزلەيدۇ؟ — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ئەي ئەخمەق كاپىرلار، ئۇ نەرسەڭ-
لەرنىڭ يا جېنى بولمىسا، سۆزلەشكە تىلى
بولمىسا ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشقا قۇدرىتى
يەتمىسە قانداقمۇ تەڭرى بولالىسۇن؟—
دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن
كاپىرلار بۇتنى ئۇنىڭ سۇندۇرۇپ چاق-
قانلىقىنى بىلىشتى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىس
سالامغا تۈرلۈك ئازابلارنى سېلىشنى مەس-
لىھەتلەشتى.

شۇ چاغدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام
كېلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تەڭرى-
نىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى:

— نەمرۇدنى ئىمانغا دەۋەت قىل-
سۇن! مېنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىمنى،
يەككە-يېگانەلىكىم ۋەپاكلىق-ئۇلۇغلۇقىمنى
بىلدۈرسۇن! ھەرگىزمۇ قورقمىسۇن!
مەن دائىم ئىبراھىمغا ياردەم قىلىمەن!
ھەرگىزمۇ غەم يېمىسۇن!

ئىبراھىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال
لاندى ۋە نەمرۇدنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي كاپىرلار، ئوتقا، بۇتقا
چوقۇنۇشتىن يېنىڭلار! مەن تەڭرىنىڭ
بەرھەق پەيغەمبىرىدۇرمەن! — دەپ جەننەت
ۋە دوزاخلارنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا نەسىھەت
قىلدى.

نەمرۇد:

— ئەي ئىبراھىم، سەن بىزنى
ئاتا-بوۋىمىزنىڭ يولىدىن ياندۇرۇپ،
ئۆزۈڭگە يولغا باشلىماقچىمۇ؟ بىز ھەر-
گىزمۇ دىنىمىزدىن يانمايمىز! — دېدى.

بۇ دەل قەھەتچىلىك يىللار ئىدى.
ئاشلىقنى ھېچيەردىن تاپقىلى بولمايتتى.
خەلق ئاچ-زارلىقتا ئىدى. نەمرۇدنىڭ
بولسا ھەددى-ھېسابسىز ئاشلىقى بار
ئىدى. نەمرۇد خەلققە ئازغىنە ئاشلىقنى
بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۆزىگە سەجدە
قىلدۇراتتى.

بىر كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا
ئاشلىق لازىم بولۇپ، نەمرۇدنىڭ قېشىغا
كەلدى.

نەمرۇد:

— ماڭا سەجدە قىلساڭ، ئاشلىق
بېرىمەن، — دېدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— مەن ھەممە ئالەمنى ياراتقان
تەڭرىگە سەجدە قىلىمەن، — دېدى.

نەمرۇد:

—مەنمۇھەممەئىشلارنى قىلالايمەن—،
دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— مېنىڭ تەڭرىم قۇياشنى ھەركۈنى
مەشرىقتىن چىقىرىدۇ. بۈگۈن سەن قۇياش-
نى مەغرىبتىن چىقىرىپ باقىن، — دېدى.
كاپىرلاربۇسۆزدىن ئەندىشەقىلىشتى. نەمرۇد
«ئىبراھىمنىڭ دېگىنى راست. دېمىسىمۇ
بىزنىڭ بۇتلىرىمىز ھېچنېمىگە يارىمايدۇ»
دەپ ئويلىسىمۇ، لېكىن لەشكەرلىرىدىن
نومۇس قىلىپ، جاھىللىقى غالىب كەلدى.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بارلىق
نەسىھەتلەرنىقىلىپ، دوزاخنىڭ ئازاب-ئوقۇ-

بەتلىرىدىن بايان قىلدى. نەمرۇد:

— مەن سېنىمۇ ئاشۇ دوزىخىڭدىكىگە ئوخشاش ئوت بىلەن ئازابلىيالايمەن. سەن ماڭا مۇنداق بىمەنە سۆزلەرنى قىلىپ ئاۋارە بولما، — دېدى-دە، پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ئوتۇن يىغىشقا بۇيرۇدى.

شەھەر خەلقى تۆت ئايغىچە ئوتۇن يىغىشقا مەشغۇل بولدى. تۇل خوتۇنلار يىپ ئىگىرىپ تاپقان پۇلىغا ئوتۇن سېتىۋالدى. ئۇلار شەھەرنىڭ سىرتىغا بىر مەيدان ھازىرلاپ، مەيداننى ئوتۇن بىلەن تولدۇردى.

نەقىل قىلىنىشىچە، نەمرۇد پۈتۈن ھايۋاناتلارغا ئوتۇن يۆكلىمەكچى بولغاندا ھايۋانلار ئۇنىمىدى. تۆگىگە ئوتۇن يۆكلىۋىدى، ئورنىدىن تۇرغىلى ئۇنىمىدى. كالىغا يۆكلىۋىدى ماڭغىلى ئۇنىمىدى. ئېشەك يېتىۋالدى. پەقەت قېچىرلا ئوتۇن يۆكلەشكە ماقۇل بولدى. بۇ ئىشلارنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۆڭلىدە بىلىپ تۇراتتى. شۇندىن كېيىن قېچىرغا لەنەت ياغدى. شۇ سەۋەبلىك قېچىرنىڭ بالىسىنى قارنىنى يېرىپ ئالىدىغان بولدى. تۇل خوتۇنلارمۇ خارلىقتا قالىدىغان بولدى.

ئوتۇن يىغىلىپ بولغۇچە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قول-پۇتىغا تاقاق-زەنجىر سېلىپ، باغلاپ قويدى. مەيداندىكى ئوتۇنغا ھەر تەرەپتىن ئوت ياقتى. ئوت ئون كېچە-كۈندۈز كۆيدى. ئوتنىڭ شولىسى ئۈچ كۈنلۈك يەرگە يېتىپ باراتتى. نەمرۇد كۆڭلىدە «ئىبراھىم ئوتتىن قورقۇپ، ماڭا ھەرگىزمۇ نەسىھەت قىلمايدىغان بولىدۇ» دەپ ئويلىدى. لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەرگىزمۇ قورقمىدى. ئاخىرى ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. كاپىرلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلاشقا بار كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەرسىمۇ ئوتنىڭ قېشىغا بارالماي، بىر بىرىنى ئىتتىرىشتى. ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلاشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي باشلىرى قېتىپ تۇرغاندا، لەنىتى شەيتان بىر قېرى كىشى قىياپىتىدە پەيدا بولۇپ، كاپىرلارغا مەنجىناق ياساشنى ئۆگىتىپ، ئۇلارغا مەنجىناق ياساتتى. ئۇ دوزاختا مەنجىناق ياسىغاننى كۆرگەنىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قول-پۇتىدىكى تاقاق-زەنجىر يەتمىش پاتمان كېلەتتى. كاپىرلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى تاقاق-زەنجىر بىلەنلا مەنجىناققا ئولتۇرغۇزۇپ، بار كۈچى بىلەن ئوتقا تاشلاشقا ھەرىكەت قىلىپمۇ تاشلىيالمىدى. ئاخىرى ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قول-پۇتلىرىدىكى تاقاق-زەنجىرلەرنى ئېلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەنجىناقنى تەۋرىتەلمىدى. ئاخىرى ئاتىسى ئازەر كېلىپ:

— بۇ مېنىڭ پەرزەنتىم، شۇنداقلا دۈشمىنىم. بۇنى چوقۇم ئوتقا تاشلاش كېرەك، — دەپ غەلۋە قىلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم، ئاتام ماڭا دۈشمەن بولدى. مېنىڭ سەندىن ئۆزگە پاناھىم يوق. ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇردۇم، — دەپ مۇناجات قىلدى.

يەنە تۆت مىڭ كىشى كۈچەپ ھەرىكەت قىلىپمۇ مەنجىناقنى تەۋرىتەلمىدى. شۇ چاغدا شەيتان كېلىپ:

— مەنجىناقنى مىدىرلىتالماسلىقتىكى سەۋەب شۇكى، ھەممە پەرىشتىلەر كېلىپ ئىبراھىمغا ياردەم قىلىپ، ئۇنى

www.uyghurkitap.com

بىسىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا پەرىشتىلەرنى دەرھال قوغلىۋېتىڭلار! — دېدى.

كاپىرلار:

— ئۇلارنى قوغلاشنىڭ قانداق ئىلاجى بار، — دېيىشتى.

شەيتان:

— ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا زىنا قىلسا، پەرىشتىلەر تاقەت قىلالماي قېچىپ كېتىدۇ، — دېدى.

كاپىرلار شۇ ھامان بىر خوتۇننى ئاكىسى بىلەن زىنا قىلدۇردى. ئاكىسىنىڭ ئىسمى «لو»، سىڭلىسىنىڭ ئىسمى «لى» ئىدى. «لولى» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قالغان. ئاندىن كېيىن ئۇلار مەنجىناقنى كۆتۈرۈۋىدى، مەنجىناق كۆتۈرۈلدى. پەرىشتىلەر «بىزگە پەقەت تەڭرىلا كۇپايە قىلىدۇ. ئۇ ناھايىتى ياخشى مەدەتكار. ئۇ ناھايىتى ياخشى ئىگە، ناھايىتى ياخشى ھىمايە قىلغۇچى» دېيىشتى.

ئەلقىسسە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاۋادا كېتىۋاتقىنىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام يەتمىش مىڭ پەرىشتە بىلەن كېلىپ:

— ئەي ئىبراھىم، ساڭا ياردەم بەرگىلى كەلدىم، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ماڭا قانداق ياردەم بېرىسىز، — دېدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

— قانىتىمنى ئوتقا ئۇرسام، ئوت دېڭىز - ئوكيانلارغا چۇشۇپ كېتىدۇ، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— تەڭرىنىڭ پەرمانى شۇنداقمۇ، — دېدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

— ياق، مەن ئۆزۈم ساڭا ياردەم بېرەي دەپ كەلدىم، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي بۇرادىرىم جىبرىئىل، مېنىڭ سىزگە ھاجىتىم يوق، — دېدى.

ئاندىن مىكائىل ئەلەيھىسسالام يەتمىش مىڭ پەرىشتە بىلەن كېلىپ:

— ئەي ئىبراھىم، مەن ساڭا ياردەم بېرەي دەپ كەلدىم دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى. ئاندىن ئىسرائىل ئەلەيھىسسالام يەتمىش مىڭ پەرىشتە بىلەن كېلىۋىدى ئۇنىڭغا ھەم ئۇنىماي، «تەۋەككۇلنى تەڭرىگە قويدۇم» دەپ تۇردى.

ئاندىن شامال كېلىپ:

— ئەي ئىبراھىم، بۇ ئوتلارنى ئۇچۇرۇپ بېرىپ، نەمرۇدنىڭ تەختى - بەختىنى كۆيدۈرۈۋېتەي، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ساڭىمۇ ھاجىتىم يوق، — دېدى.

ئاندىن بۇلۇت كېلىپ:

— ئەي ئىبراھىم، مەن دەريانىڭ سۈيىنى ئېلىپ چىقىپ ئوتقا تۆكەي، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— مېنى تەڭرى ياراتقان. مېنىڭ تەڭرىدىن باشقا ھېچكىمگە ھاجىتىم يوق، — دەپ ئوتقا يېقىن كېلىۋىدى، ئوتنىڭ ئارىسى ئېچىلدى، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا جەننەتنىڭ گۈل - دەرەخلىرى تىكىلىپ گۈلزارلىق ھاسىل قىلىنغانىدى. ئۇ يەرگە جەننەت چىمەنزارلىرىدىن ئوتلار ئۈندى. بۇلاقلاردىن سۇلار چىقىپ ئېقىشقا باشلىدى. ئىپار - ئەنبەرلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن تولغان بۇ باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جەننەتتىن تەخت كەلتۈرۈلۈپ قويۇلادى. تەڭرىدىن:

— ئەي ئوت، سوۋۇغىن! ئىبراھىم ئىسسىقلىمىسۇن، ھەم توڭلىمىسۇن! — دېگەن خىتاب كەلدى.

ئوت ئۆز ھالىدا قالدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يېتىپ كېلىپ تەختتە ئولتۇردى، ئۇ گۇلزارلىقنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى ۋە ئۇنىڭ شۇكرانىسىگە تەرەت ئېلىپ، ئىككى رەكئەت ـ ناماز ئوقۇدى.

ئەلقىسسە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوت ئىچىدە ئۈچ كۈن ئولتۇردى. نەمرۇدنىڭ بىر ئېگىز مۇنارى بار ئىدى. نەمرۇد ئۇ يەرگە چىقىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆزەتتى. ئۇ ئوت ئىچىدىكى گۇلزارلىقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە كۆڭلىدە «ئىسىت، قىلغان ئەمگىكىم پۈتۈنلەي زايا بولدى» دەپ ئويلىدى. نەمرۇد بۇ سىرنى ھېچكىمگە تىنمىدى.

نەمرۇدنىڭ ئەركان ئاتلىق بىر ئادىمى بار ئىدى. نەمرۇد ئۇنىڭغا:

— سەن بېرىپ قاراپ باققىن. ئىبراھىمنىڭ ئوت ئىچىدە ھالى نېمە بولدىكىن؟ — دېدى.

ئەركان ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ قارىغۇدەك بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈچىسىغا جەننەتنىڭ ئېسىل تونىنى، بېشىغا ياقۇت قويۇلغان تاجنى كىيىپ تەختتە ئولتۇرغان؛ تۆت ئەتراپى بۇلاق، بۇلاقنىڭ ئەتراپى ھەر خىل ئوت-چۆپ ۋە گۈل-گىياھلىق بوستان بولۇپ، تۆت ئادەم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقانىكەن. ئەركان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە نەمرۇدقا كۆرگەنلىرىنى ئېيتتى. نەمرۇد ئېگىز دۆڭگە چىقىپ قارىغانىدى، ئەھۋال ئەركاننىڭ دېگىنىدەك بولۇپ چىقتى، ئەركان ھەررىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قىراق كېلىپ:

— ئەي ئىبراھىم، سىزنىڭ تەڭرىڭىز ھەقىقىي تەڭرى ئىكەن، مەن نەمرۇدتىن يېنىپ سىزنىڭ تەڭرىڭىزگە ئېتىقاد قىلسام ماڭا نېمە بېرىدۇ؟ — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ نېمىنى خالىساڭ شۇنى بېرىدۇ، — دېدى.

ئەركان:

— ئەگەر سىزگە قىلغان ئىشلارنى ماڭا قىلسا مەن يەتتە خەزىنە ئالتۇن، يەتتە خەزىنە كۈمۈش بەرگەن بولاتتىم، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— تەڭرى ھەركىمگە ئۆز لايىقىدا نەرسە بېرىدۇ، سەن ھەر نەرسەم بار دەيسەن. بىلىپ قويغىنكى، شۇ نەرسەڭنىڭ ھەممىسى تەڭرىنىڭ ئىلكىدە، — دېدى.

ئەركان قايتىپ كېلىپ كاپىرلارغا:

— ئىبراھىم ئوتپەرەس ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئوتتا كۆيمەپتۇ. بىزنىمۇ ئوتتا كۆيدۈرسە كۆيمەيمىز دېيىشىگە، ئوتنىڭ بىر ئۇچقۇنى چاچراپ ئۇنىڭ كۆزىگە تەگدى ۋە پۈتۈن بەدىنىگە تۇتۇشۇپ ھالاك بولدى.

كاپىرلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مۇسۇلمان بولۇشنى ئىختىيار قىلىسىمۇ، لېكىن نەمرۇدتىن قورقۇپ ھېچنېمە دېيەلمىدى.

ئەلقىسسە، نەمرۇدنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ تاماشا كۆرگىلى چىقىپ بۇ ئەھۋالنى كۆردى ۋە:

— ئىبراھىمنىڭ تەڭرىسى ھەقىقىي تەڭرى بولمايدىغان بولسا، ئىبراھىم شۇنـ

www.uyghurkitap.com

داق ئۇلۇغ ئوتتا كۆيمەي بۇ ئىززەت ھۆرمەتكە ئىگە بولاتتىمۇ؟ — دېدى ۋە مۇناردىن چۈشۈپ ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىشىغىراق كېلىپ:

— ئەي ئىبراھىم، يېنىڭغا باراي دېسەم ئوتتىن قورقىمەن، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چىن كۆڭلىدىن: — «لائىلاھە ئىللەللاھ، ئىبراھىم خەلىلۇللاھ (بىرلا تەڭرىدىن باشقا تەڭرى يوقتۇر، ئىبراھىم تەڭرىنىڭ دوستىدۇر)» دەپ ئوتقا كىرسەڭ ئوت تەسىر قىلالمايدۇ، — دېدى.

ئۇ ئىخلاس بىلەن ئىمان ئېيتىپ ئوتقا كىرىۋىدى، ئوت تەسىر قىلمىدى. ئۇ:

— ئەي ھەقىقىي پەيغەمبەر، ئۆمرۈم قايمۇقۇش بىلەن ئۆتۈپتۇ. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۇلۇغ ئىسلامغا ئىگە بولدۇم. مەن بېرىپ ئاتامنىمۇ ئىمانغا دەۋەت قىلاي، — دېدى.

ئۇ ئاتىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاتىسىنى ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىۋىدى، ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. كاپىرلار قىزنى تۇتماقچى بولۇۋىدى، شۇ زامان بىر پارچە بۇلۇت بىلەن شامال پەيدا بولۇپ قىزنى ئوراپ ئېلىپ، ئۇنى كۆيسقاپقا ئاپىرىپ قويدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، نەمرۇدنىڭ قىزى تاكى قىيامەتكىچە ھەركۈنى جەننەتتىن ئەۋەتىلگەن بىر دانە ئانار بىلەن غىزالىنىپ، تائەت-ئىبادەتكە مەشغۇل بولىدىكەن. بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ كاپىرلارنىڭ بىر قىسمى مۇسۇلمان بولدى. بىر قىسمى يەنىلا نەمرۇدتىن قورقۇپ ئىمان ئېيتمىدى.

ئەلقىسسە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىرىق كۈنگىچە ئوتنىڭ ئىچىدە ئولتۇردى. نەمرۇد بولسا ھېچقانداق تاماق يېمەستىن قايغۇ-ئازابقا پېتىپ، يېنىغا ئادەمىمۇ كىرگۈزمەي مۇنار راۋىقىدا ئولتۇردى. ئۇ كۆڭلىدە «ئىمان ئېيتقان بولسام نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە!» دەپ ئويلىدى. ئاخىرى ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چاقىرتىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەي ئىبراھىم، ئەجەبىمۇ ياخشى تەڭرىڭ بار ئىكەن. مەن تەڭرىڭ يولىدا قۇربانلىق قىلاي دەيمەن، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— كاپىرنىڭ قۇربانلىقىنى تەڭرى ھەرگىز قوبۇل قىلماس، — دېدى.

نەمرۇد:

— كۆپ يىل پادىشاھلىق قىلدىم. خەلقنى مېنى «تەڭرى دەڭلار!» دەپ ئۇلارنى ئۆزۈمگە سەجدە قىلدۇردۇم. ئەمدى بۇ يولدىن قايتسام نومۇس قىلىمەن، — دېدى. تۆت مىڭ كالا ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلدى. ئەمما قۇربانلىقى تەڭرى تەرىپىدىن قوبۇل بولمىدى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەمرۇدنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەي نەمرۇد، تەڭرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەمدى تەڭرىنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا ئىقرار بولغىن. بۇتپەرەسلىكتىن يانغىن. «مەن تەڭرى» دەپ خەلقنى ئۆزۈڭگە سەجدە قىلدۇرغىنىڭغا تۆۋە قىلغىن! — دېدى.

نەمرۇد:

— ئەي ئىبراھىم، ئويلىنىپ ئەتە جاۋابىنى بېرەي، — دېدى.

كىچىسى نەمرۇد ھەممە بەگلىرىنى يىغىپ:

— مەن ئىبراھىمنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە چۈم پۈتتۈم. شۇڭا مەن ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولماقچى، — دەپ مەسلىھەت سالدى.

نەمرۇدنىڭ ۋەزىرلىرى:

— دۇنيادا تەڭرىلىكنى تاشلاپ، قۇلنىڭ قۇلى بولۇشتىن نومۇس ئىش بولمىسا كېرەك. سەن ھەرگىزمۇ بۇنداق خىياللارنى قىلغۇچى بولما! ئىبراھىمنىڭ ئوتتا كۆيمىگەنلىكى بەلكىم بىزنىڭ تەڭرىمىزنىڭ ئۇنى كۆيدۈرمىگەنلىكىدىندۇر، — دېيىشتى.

نەمرۇدنىڭ ئۇخىر دېگەن ئىنىكئانىسى بار ئىدى. ئۇ:

— ئىبراھىمنى سامانلىڭ ئىسىدا قىيناپ ئۆلتۈرەيلى، — دېدى.

ئۇخىر يەرنى چوڭقۇر كولاپ، ئىچىنى سامان بىلەن توشقۇزدى. ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ، سامانغا ئوت ياقتى. كاپىرلار توپ-توپى بىلەن تاماشا كۆرگىلى كەلدى. بىر چاغدا شامال ئوتنى ئۇچۇرۇپ، توپنىڭ ئىچىگە ئوت تۇتاشتى. بىر بۆلەك كاپىرلار ئوتتا كۆيدى. بىر بۆلىكى قېچىپ قۇتۇلدى. ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئوت قىلچە تەسىر قىلمىدى.

ئەلقىسسە، بۇۋى سارە ھازىرنىڭ قىزى ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىككى تۇغقان ئىدى.

بىر كۈنى بۇۋى سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سېنىڭ دىنىڭغا كىرىپ تەڭرىڭنى بىر بىلسەم، تەڭرىڭ ماڭا نېمە بېرىدۇ؟ — دېدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— نېمىنى تىلىسەڭ شۇنى بېرۇر، ئورنۇڭنى جەننەتتە قىلۇر، — دېدى.

بۇۋى سارە ناھايىتى كېلىشكەن ساھىبجامال ئىدى. ئۇ:

— ئەي ئىبراھىم، سەن مېنى ئەمرىڭگە ئالساڭ مۇسۇلمان بولىمەن، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەگەر دىنىمىزغا كىرسەڭ چوقۇم سېنى ئالىمەن، — دېدى.

بۇۋى سارە ناھايىتى باي ئىدى. ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلىرى كۆپ ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلاندى. بۇۋى سارە مال-مۈلۈك، ئۈنچە-مەرۋايىتلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا سوۋغا قىلدى.

نەمرۇد:

— ئەي ئىبراھىم، ئەمدى سەن مېنىڭ شانۇ-شەۋكىتىمنى بۇزغىلى تۇردۇڭ، سەن ھەرقانداق يەرگە بارساڭ قەدىرلىنىپ ھۆرمەتكە ئىگە بولۇۋاتىسەن. مەن ئەمدى لەشكەرلىرىم بىلەن دىنىڭلارغا كىرىشنى مەسلىھەتلىشىپ باقاي. سەن باشقا يۇرتقا بېرىپ تۇرساڭ، — دېدى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «شام تەرەپكە بارايلى» دەپ چىقىپ كەتتى، ئۇ شام شەھىرىدە بىرنەچچە يىل تۇردى.

بىر كۈنى تەڭرىدىن:

— ئەي ئىبراھىم، سەن يەنە بېرىپ نەمرۇدنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىن! — دەپ پەرمان بولدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي بەدبەخت! ئەمدى ئوتقا، بۇتقا چوقۇنۇشتىن يانغىن! بۇ نەرسىلەرنىڭ خۇدالىقىغا يارىماس. ئۆمرۈڭدە قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىشلىرىڭغا پۇشايمان قىلىپ، تۆۋە قىلغىن!— تەڭرىنى بىر بىلىپ، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە قايىل بولۇپ، ئىمان ئېيتقىن!— دېدى.

نەمرۇد:

— ئەي ئىبراھىم، مەندىنمۇ باشقا تەڭرى بارمۇ؟ تىلىڭغا تاش، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي بەدبەخت! سەن قانداقمۇ تەڭرى بولالايسەن؟ سېنى، مېنى، يەر-ئاسماننى، شۇنداقلا ھەممە ئالەمنى تەڭرى ياراتقاندۇر. بۇ دۇنيادا پادشاھلىق ساڭا ئارىيەتتۇر، — دېدى.

نەمرۇد:

— ئەي ئىبراھىم، ئەمدى سېنىڭ تەڭرىڭ بىلەن جەڭ قىلىمەن، — دېدى.

بۇ شۇنداق ۋەقەدۇركى، نەمرۇد كەركەسنىڭ ① باللىرىدىن تۆتنى باقتى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن بۇ قۇشلار چوڭ بولدى. نەمرۇد ئۈستى ۋە ئاستىنقى تەرىپىگە ئىككى ئىشىكى قويۇلغان ساندۇقتىن بىرنى ياساتتى. ساندۇقنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە گۆش باغلىدى. تېگى تەرىپىگە قۇشلارنى باغلىدى. ئۆزى جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىردى. نەمرۇد قۇشلارغا گۆشنى كۆرسەتتى. قۇشلار گۆشنىڭ تەمەسىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ساندۇقنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار گۆشكە گول بولۇپ ئۇچقانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىر كېچە-كۈندۈز بولغاندا نەمرۇد ساندۇقنىڭ ئىشىكىنى ئاچقانىدى، ئاسمان ئىلگىرىكىدەكلا كۆرۈندى. تۆۋەنگە قارىسا ئالەم كۆلدىكى سۇدەك كۆرۈندى. يەنە بىر كېچە-كۈندۈز ئۇچقاندىن كېيىن نەمرۇد تۆۋەنگە قارىغانىدى ھەممە يەر قارا تېرىدەك كۆرۈندى. ئاسمان يەنە-بايىقىدەكلا كۆرۈندى. نەمرۇد «كۆك تەڭرىسىگە بىر ئوق ئۈزۈپ باقاي» دەپ بىر ئوق ئاتتى. تەڭرىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:

— نەمرۇدنىڭ ئوقىغا بىر تال بېلىق سانجىپ بەرگىن. ئۇ گەرچە كاپىر بولسىمۇ دەرگاھىمدىن نائۈمىد يانمىسۇن! — دەپ پەرمان بولدى. نەمرۇد تەڭرىگە يالۋۇرۇپ:

— ئەي تەڭرى، مەن گۇمراھ بەندەڭ ھەر ئىش قىلسام ئۆزۈمنىڭ بەتبەختلىكىمدىن قىلدىم، ھەرقانداق جازا بەرسەڭ قىيامەت كۈنى بېرەرسەن. مېنى لەشكەرلىرىم ئالدىدا رەسۋا قىلمىساڭ. سېنىڭ تەڭرىلىكىڭ ھەق راستۇر. ھەرنە قىلساڭ قىلالايسەن، — دېدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ئاتقان ئوقىغا بېلىقنى سانجىپ بەردى.

ئەلقىسسە، نەمرۇدنىڭ ئوقىغا سانجىلغان بېلىق تەڭرىگە:

— ئەي تەڭرىم، مېنى ناپاك كاپىرنىڭ ئوقىغا نىشانە قىلدىڭ، مەن نېمە گۇناھ قىلغانىدىم؟ — دەپ نالە قىلدى.

شۇ زامان تەڭرىدىن:

— ئەي بېلىق، ئەمدى سېنى ھېچكىم بوغۇزلىمىسۇن. سېنىڭ قېنىڭنى يەرگە تۆكۈشنى ھارام قىلدىم. ئەگەردە نەمرۇد دۈشمەنلىك قىلىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ مەن ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈپ، خەلق ئالدىدا شەرمەندە قىلىمەن، — دېدى.

بېلىق بۇنىڭدىن خۇشاللاندى.

نەمرۇد ئۆزىنىڭ ئاتقان ئوقىغا بېلىقنىڭ سانچىلىپ چوشكەنلىكىنى كۆرۈپ:

① كەركەس — ئۇزۇن يىل ياشايدىغان بىر خىل قۇش.

— مەن ئىبراھىمنىڭ تەڭرىسىنى ئۆل-
تۈردۈم. كۆك مەملىكىتىنى ئالدىم، — دەپ
خۇشال بولدى ۋە بېلىقنى ساندۇقنىڭ تۆ-
ۋەن قەۋىتىگە باغلىدى. يۇقىرى قەۋىتىگە
قۇشنى باغلىدى. قۇش بېلىقنى يېيىش
مەقسىتىدە تۆۋەنگە قاراپ ئۇچتى. نەمرۇد
بۇ خىل ھىيلە-نەيرەڭ بىلەن ئاسمانغا
چىقىپ چۈشتى. نەمرۇد خەلقلەرگە:

— ئەي بەندىلىرىم، بىلىڭلار ۋە ئا-
گاھ بولۇڭلاركىم، مەن كۆك تەڭرىسىنى
بويسۇندۇردۇم، — دېدى.

نەمرۇدنىڭ سۆزىگە كاپىرلار ئىشەن-
مىدى. ئۇنىڭ لەشكىرىدىن بەش مىڭى
ئىمان ئېيتتى. نەمرۇد ئىبراھىم ئەلەي-
ھىسسالامغا:

— تەڭرىڭنى ئۆلتۈرۈپ، كۆك مەم-
لىكىتىنى ئىگىلىدىم، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— شۇنداق دېگەن ئاغزىڭغا تاش-
تۇپراق. سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن. تەڭ-
رىگە ئۆلۈم راۋا ئەمەستۇر. ئۇنىڭ ئەۋ-
ۋەلى ۋە ئاخىرى يوقتۇر، — دېدى.

نەمرۇد:

— تەڭرىڭنىڭ قانچىلىك لەشكىرى
بار؟ — دېدى.

ئىبراھىم ئەيھىسسالام:

— ئەي مەلئۇن. بەتبەخت! تەڭرىنىڭ
لەشكىرىنىڭمۇ ھەددى-ھېسابى بولامدۇ؟
دۇنيادىكى ھەممە جانلىقلار تەڭرىمنىڭ
قۇدرىتى بىلەن يارىتىلغان. سېنىڭ لەش-
كىرىڭمۇ شۇنىڭدۇر، — دېدى.

نەمرۇد:

— ئەي ئىبراھىم، تەڭرىڭگە ئېيتقىن.
مەن لەشكىرىمنىڭ ھەممىسىنى يىغاي، تەڭ-
رىڭمۇ لەشكىرىنى ئەۋەتسۇن. جەڭ قىلىپ
باقايلى، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي مەلئۇن، سەن ئۆزۈڭنىڭ لەش-
كىرىڭنى يىغقىن. تەڭرى بىر ئىشارەت بىلەن
ھەممىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلۇر، —
دېدى.

نەمرۇد ھەر تەرەپكە لەشكەر يىغىش-
قا كىشى ئەۋەتتى. مەغرىبتىن-
مەشرىققىچە لەشكەر يىغىلدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي مەلئۇن، تەڭرىدىن ھايا
قىلماي، قورقماي، مۇنچە خەلقنى ئاۋارە
قىلىپ يۈرۈيسەن. ئەي بەتبەخت! ھې-
لىھەم قىلغان ئىشىڭغا تۆۋە قىلىپ،
ئىمان ئېيتساڭ تەڭرى سېنى ئەپۇ قىل-
لىدۇ. بۇ ئالەمدە مۇنچىلىك دۆلەت،
ئىززەت-ھۆرمەت بەرگەن تەڭرى، ئۇ
دۇنيادا مۇندىن ئون ھەسسە ئارتۇق
ئىززەت-ھۆرمەت بېرىدۇ، — دېدى.

نەمرۇد:

— ئەي ئىبراھىم، تەڭرىڭگە مېنىڭ
پەقەتلا ھاجىتىم چۈشمەيدۇ. لەشكىرىمنى
يىغدىم. ئەمدى مەن جەڭ قىلىمەن، —
دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇناجات
قىلىپ:

— ئەي تەڭرىم، بۇ مەلئۇنغا بىر
بالا ئەۋەتسەڭ، — دەپ دۇئا قىلدى.

شۇ زامان تەڭرىدىن:

— ئەي ئىبراھىم، نەمرۇدنىڭ لەشكىرى
بىلەن جەڭ قىلىشقا بىرمۇنچە پاشا ئەۋە-
تىمەن، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەمرۇدقا:

— ئەي بەتبەخت! لەشكىرىڭ بىلەن
جەڭ قىلىشقا تەڭرى لەشكەر ئەۋەتمەك-

www.uyghurkitap.com

چى. خەۋەردار بول! — دېدى.

نەمرۇد تۇغ-ئەلەملىرىنى① كۆتۈرۈپ، ناغرىلىرىنى چالدۇرۇپ، سەپلىرىنى تۈزۈپ تۇردى.

شۇ ئەسنادا تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن بىر بۆلەك پاشا نەمرۇدنىڭ لەشكىرىگە ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ پاشىلارنىڭ ئاۋازى نەمرۇدنىڭ ناغرىسىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. ھەربىر ئاتلىقنىڭ بېشىغا بىردىن پاشا سانجىلىپ شۇنداق نەشتەر ئۇردىكىم، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىدىن ئۆتۈپ جېنىغا تاقاشتى. توقسان مىڭ لەشكەردىن بىرى قېچىپ قۇتۇلمىدى. ھەممىسى جەھەننەمگە كەتتى. نەمرۇدتىن باشقا لەشكەر قالمىدى، نەمرۇد دېگەن بۇ ئىت «بۇ جانىۋار شۇنچىلىك كىچىك تۇرۇپ ئەجەبا شۇنچە لەشكىرىمنى ۋەيران قىلىۋەتتا؟» دەپ ھەيران بولۇپ تۇراتتى. بىر ئاقساق، بىر كۆزى قارىغۇ پاشا كېلىپ نەمرۇدنى چۆرۈلۈپ يۈردى. نەمرۇد پاشىدىن قېچىپ كېلىپ ئۆيىگە كىرىپ، ئىشىك-تۈڭلۈكىنى مەھكەم بېكىتىپ، بالا-چاقىسى بىلەن دەردمەن بولۇپ ئولتۇردى. پاشا نەمرۇدنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قوندى. نەمرۇد بالا-چاقىسىغا:

— مېنىڭ لەشكەرلىرىمنى ئاشۇ نەرسە ھالاك قىلغان. ئۇنى قوغلىۋېتىڭلار، — دېيىشىگە پاشا ئۇچۇپ كېلىپ نەمرۇدنىڭ بۇرنىغا كىرىۋالدى. ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرى ھەرقانچە قىلىپمۇ نەمرۇدنىڭ بۇرنىدىن پاشىنى كولاپ چىقىرالمىدى. پاشا بارغانچە ئىچكىرىلەپ نەمرۇدنىڭ دىمىقىغا ئاندىن مېڭىسىگە كىرىۋالدى. پاشا ھەر قېتىم نەمرۇدنىڭ مېڭىسىگە نەشتەر ئۇرسا، نەمرۇد چىدىيالماستىن بېشىغا توخماق بىلەن ئۇرغۇزۇپ، پاشىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. نەمرۇد بۇ بالادىن قىرىق يىلغىچە قۇتۇلالمىدى. بېشىدىن توقماق ھەرگىزمۇ خالى بولمىدى. قىرىق يىلدىن كېيىن تەڭرىدىن يەنە:

— ئەي ئىبراھىم، نەمرۇدنى يەنە ئىمانغا دەۋەت قىلغىن! — دېگەن پەرمان بولدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي بەتبەخت! تەڭرىگە ئەمدى ئىمان كەلتۈرگىن! — دېدى.

نەمرۇد:

— ئەي ئىبراھىم، تەڭرىنىڭ بەرھەقلىكىگە، سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە كىم گۇۋاھلىق بېرىدۇ؟ — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— مۇشۇ ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەر گۇۋاھلىق بېرىدۇ، — دېدى.

شۇ زامان ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەر پەرياد قىلىشىپ:

— ئەي نەمرۇد، تەڭرى ھەق راستتۇر. ھەممە نەرسىنى ئۇ ياراتقاندۇر. ئىبراھىم ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدۇر، — دېيىشتى.

نەمرۇد ئۆيدىكى ھەممە نەرسىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. شۇ زامان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— بۇ مەلئۇننىڭ ئۈچ نەپەسلا ئۆمرى قالدى، — دېدى. شۇ ئەسنادا نەمرۇدنىڭ باش ئاغرىقى يەنە تۇتتى. نەمرۇد بىر ئادەمگە توقماق بىلەن بېشىغا ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئادەمى توقماق

① ئەلەم — بايراق.

بەن نەمرۇدنىڭ بېشىغا ئۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باش ئاغرىقى پەسەيمىدى. نەمرۇد ئۇنىڭغا «بەكرەك ئۇرغىن!» دېۋىدى، ئۇ توقماق بىلەن بىرنى ئۇردى. ئىككىنچى توقماقنى ئۇرۇش كەتمىدى. نەمرۇد دېگەن بەتبەختنىڭ جېنى دوزاخقا كەتتى. بۇ مەلئۇننىڭ بېشى تۆت پارچە بولۇپ، پاشا چىقىپ كەتتى. نەمرۇد ئەنە شۇ خىل ئازاب بىلەن جان بەردى.

هېكايە قىلىنىشىچە، شامدا زۇلئەرش ئىبن سادىق دېگەن كاپىر مەملىكەتكە پادىشاھ بولدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ شەھەردىن كۆڭلى سوۋۇپ، باشقا بىر ياققا بېرىشنى ئىختىيار قىلدى. زۇلئەرش دېگەن كاپىر ناھايىتى كۈچىيىپ، مەملىكەتنى قولىغا ئالدى. ئۇ ھەر يەردە، ھەر شەھەردە چىرايلىق قىزلار بولسا ئەكەلدۈرۈپ، ئەيش-ئىشرەت قىلاتتى. يول-يوللارغا كىشى قويۇپ، جاي-جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى.

ئەلقىسسە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام شامغا بېرىپ زۇلئەرش ئىبن سادىقنى ئىمانغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن سەككىز كىشى بىلەن بۈۋى سارەنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇلار شامغا يېتىپ كەلگەندە زۇلئەرش ئىبن سادىقنىڭ يوللارغا قويغان ئادىمىگە ئۇچرىدى. زۇلئەرش ئىبن سادىقنىڭ ئادەملىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ساندۇقىنى ئېچىپ بۈۋى سارەنى كۆردى. ئۇلار بېرىپ زۇلئەرشكە بۈۋى سارەنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەشتى. زۇلئەرشنىڭ كۆڭلىگە غايىبانە بىر زوق پەيدا بولۇپ:

— ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار! — دېدى.

زۇلئەرشنىڭ ئادەملىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوردىغا كەلتۈردى. زۇلئەرش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك، نۇرانە كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆپ ئىززەت-ھۆرمەتلەر قىلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى تەختكە چىقىرىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزدى.

زۇلئەرش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئابدۇللا، — دېدى.

زۇلئەرش:

— ساندۇقتا نېمە بار؟ — دەپ سورىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— سىڭلىم بار، — دېدى.

زۇلئەرش:

— مەن سىزنى مەملىكەتكە باش قىلاي. مال-دۇنيالار بېرەي. ئىززەت-ھۆرمەتلەر قىلاي. ئۇ سىڭلىڭىزنى ماڭا بەرسىڭىز، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام رەنجىگەن ھالدا:

— ئۇ بالاغەتكە يەتتى. ئۆزىدىن سوراڭ، — دېدى.

زۇلئەرش بۈۋى سارەنى ئېلىپ كېلىشكە كىشى بۇيرۇدى. بۈۋى سارە چۈمبەل بىلەن كېلىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. زۇلئەرش:

— ئەي سارە، مېنىڭ ئېسلزادىلاردىن خوتۇنۇم بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن سىزنى ئۇلۇغلاي. مېنى ئۆزىڭىزگە قوبۇل قىلىڭ، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۆۋى سارە ئۈندىمىدى.
زۇلئەرش:
— ئەي ئابدۇللا، سىز سىرتقا چىـ
قىپ تۇرسىڭىز، سىڭلىڭىز سىزدىن خىجىل
بولۇۋاتىدۇ، — دېدى.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سىرتقا چىـ
قىپ كەتتى.
شۇ زامان جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام
كېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەردىنى
ئېچىۋەتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيـ
ھىسسالامغا زۇلئەرش بىلەن بۆۋى سارە
ئەينەن كۆرۈندى. زۇلئەرش بۆۋى سارەـ
گە نەچچە قېتىم بېشىنى قوشۇش ھەققىـ
دە سۆز ئاچقان بولسىمۇ، ئەمما بۆۋى
سارە جاۋاب بەرمىدى. زۇلئەرش بۆۋى
سارەنى كۆرۈشكە بىتاقەت بولۇپ، ئۇنىڭ
يېنىغا كەلدى ۋە چۈمبەلنى كۆتۈرۈشكە
قول سۇنغانىدى، شۇ ھامان قولى قۇرۇپ
قالدى. زۇلئەرش:
— ئەي سارە، نېمە كارامەت قىلـ
دىڭىز، قولۇم قۇرۇپلا قالدىغۇ؟ قولۇمـ
نى ئەسلىگە ئەكەلسىڭىز، نېمە دېسىڭىز
شۇ بويىچە بولسۇن، — دېدى.
بۆۋى سارە بىر دۇئا قىلغانىدى،
زۇلئەرشنىڭ قولى ئەسلىگە كەلدى. زۇلـ
ئەرش بۆۋى سارەگە يەنە قول ئۇزاتقاـ
نىدى. قولى يەنە قۇرۇپ قالدى.
زۇلئەرش:
— قولۇم ئەمدى ئەسلىگە كەلسە
سىزگە ھەرگىز بىھۇدە سۆزلىمەيمەن، —
دېدى.
بۆۋى سارە يەنە دۇئا قىلغانىدى،
زۇلئەرشنىڭ قولى يەنە ئەسلىگە قايتتى.
زۇلئەرش بۆۋى سارەگە يەنە قول سۇنـ
دى. بۇ قېتىم زۇلئەرشنىڭ ھەممە ئەزاـ
سى قۇرۇپ قالدى. زۇلئەرش:
— ھەي قانداق بالا-قازاسەن، مېـ
نى نېمە قىلىپ قويدۇڭ؟ — دېدى.
بۆۋى سارە:
— مەن سېنى ھېچنېمە قىلمىدىم.
بۇنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ ئەدەبسىزلىـ
كىڭ ۋە شۇملۇقۇڭدىن بولدى. چۈنكى
سەن تەڭرىنىڭ پەيغەمبىرىگە زۇلۇم
قىلدىڭ، — دېدى. زۇلئەرش:
— مەن قايسى پەيغەمبەرگە قانداق
زۇلۇم قىپتىمەن؟ — دېدى. بۆۋى سارە:
— مەن ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ ئاياـ
لى، — دېدى. زۇلئەرش:
— ئىبراھىم دېگەن كىم؟ — دەپ
سورىدى.
بۆۋى سارە:
— ئىبراھىم دېگەن — نەمرۇد مەنجىـ
ناقتا سېلىپ ئوتقا تاشلىغاندا ئوتتا كۆيـ
مەي، ئوت ئۇنىڭ ئۈچۈن گۈلىستان
بولغان، نەمرۇدنى ھالاك قىلغان كىشى
شۇ، — دېدى. زۇلئەرش:
— ئۇ ھازىر قەيەردە؟ — دەپ
سورىدى.
بۆۋى سارە:
— بايا مېنى ئېلىپ كەلگەن كىشى
شۇ، — دېدى.
زۇلئەرش:
— ئۇ بىزگە سىزنى خوتۇنۇم دېمەي،
سىڭلىم دېگەنىدى، — دېدى ۋە شۇ زامان
ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چاـ
قىرتىپ كىردى. زۇلئەرش:
— ئىبراھىم دېگەن سىز بولامسىز؟ —
دەپ سورىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:
— ھەئە، مەن شۇ، — دېدى.
زۇلئەرش:

— سىزنىڭ تەڭرىڭىز كىم؟ — دەپ سورىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— مېنىڭ تەڭرىم، يەتتە قات كۆكنى ۋە يەتتە قات يەرنى، ئاي-كۈن، يۇلتۇزلارنى ۋە پۈتۈن مەخلۇقات-مەۋجۇداتلارنى ياراتقان، ئىنسانلارنىڭ يارىلىشى ۋە ئۆلۈشى ئۇنىڭ ئىلكىدە، ئۇنىڭ ئەۋۋىلى ۋە ئاخىرى يوقتۇر. تەڭرىنىڭ شېرىكى بولماس. تەڭرى ھېچنېمىدىن تۇغۇلغان ئەمەس. ئۇ ھېچنەرسىگە ئوخشىمايدۇ. باشقا نەرسىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوخشىشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى.

زۇلئەرش:

— مەن يەتمىش يىلدىن بۇيان زۆھرە يۇلتۇزغا ئېتىقاد قىلىپ كەلدىم. مەن بۇگۈنگىچە ئۇنىڭدىن بىرەر ياخشىلىق ياكى يامانلىق كۆرمۈدۈم. مەن «بۇنداق نەرسىلەر نەدىن پەيدا بولىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم. بۇنىڭ سىرىنى مەن ئەمدى بىلدىم. بۇلارنى ئەسلىدە سىزنىڭ تەڭرىڭىز ياراتقان ئىكەن. ئەمدى مېنىڭ بەدىنىم قۇرۇپ كەتتى. ئەگەر سالامەت بولسام ھېلىھەم بولسىمۇ تەڭرىڭىزگە باش قوياتتىم، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغاندى، زۇلئەرش ئەسلى ھالىتىگە كەلدى. شۇ زامان چىن كۆڭلىدىن:

— «لائىلاھە ئىللەللاھ، ئىبراھىم خەلىلۇللاھ (بىرلا تەڭرىدىن باشقا تەڭرى يوقتۇر. ئىبراھىم تەڭرىنىڭ دوستىدۇر.)» دەپ ئىمان ئېيتتى.

زۇلئەرشنىڭ ھاجەر ئىسىملىك چىرايلىق بىر كېنىزىكى بار ئىدى. پۈتۈن مال-دۇنيانىڭ ئاچقۇچى ئۇنىڭدا ئىدى. زۇلئەرش ئۇنى چاقىرتىپ:

— ئاچقۇچنى ئىبراھىمغا بەرگىن. ھەممە مال-دۇنيالىرىم ئۇنىڭ بولسۇن، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ماڭا مال-دۇنيا لازىم ئەمەس، — دېدى.

شۇ زامان تەڭرىدىن:

— ئەي ئىبراھىم، مال-دۇنيادىن بىر ئاز ئالغىن، باشقا جايلارغا بېرىپ كاپىرلارنى ئىمانغا دەۋەت قىلغىن — دېگەن خىتاب كەلدى.

زۇلئەرش شۇ زامان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بىر تاج، بىر بەلباغ، مىڭ تۆگە، مىڭ ئات، مىڭ قوي ۋە مىڭ ئۆيلۈك قۇلنى بالا-چاقىسى بىلەن بەردى. بۇۋى سارەنىڭ ئالدىغا بىر تاجنى قويدى. بۇ تاج پۈتۈن ئىقلىمدىن ئېلىنغان سېلىق ھېسابىغا ياسالغانىدى. بۇۋى سارە زۇلئەرشكە:

— مەن تەڭرىنىڭ بىر ئاجىز بەندىسى. ماڭا تاج كېرەك ئەمەس. ھەجەرنى ماڭا خىزمەتكە بەرسىڭىز، — دېدى.

زۇلئەرش بۇنى بىجانىدىل قوبۇل قىلىپ، ھەجەرنى بىرمۇنچە مال بىلەن قوشۇپ بۇۋى سارەگە بەردى. ئۇلار بەرگەن ماللارنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.

ئۇلار نەگە بارسا ماللىرى بەش كۈنلۈك يەرنى ئىگىلەيتتى. ئۇلار مېڭىپ بىر يەرگە كەلدى. قارىسا كەڭرى كەتكەن يايلاقتا بىرمۇنچە ماللار يايلاۋاتقانىكەن، ئۇلار شۇ يەرگە چۈشۈپ ئاق ئۆي بارگاھ① تىكتى. ئۇلار بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى. بۇ يەرنىڭ خەلقى:

— بۇلارنىڭ ماللىرى كۆپ ئىكەن.

① بارگاھ — پادىشاھلارنىڭ سارىيى، قەسرى، پادىشاھنىڭ قوبۇلخانىسى.

www.uyghurkitap.com

بۇلار كەلگەندىن بۇيان بىزنىڭ ماللىرىمىزغا ئوت-چۆپ يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا بۇ يەردىن ئۇلارنى كۆچۈرۈش كېرەك، — دېدى.

شۇ چاغدا بۇ مەملىكەتنىڭ شاھى بۇ يەرگە كېلىپ قالدى. خەلقلەر ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى. پادىشاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چاقىرتىپ، خەلقنىڭ سۆزىنى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— بىز مۇساپىر غېرىبلارمىز. قەيەرنى خالىساق شۇ يەرگە بارىمىز، — دېدى.

پادىشاھ:

— سىلەر بىردىن قوي ئۆلتۈرۈپ ئاش ئېتىپ كېلىڭلار. ئەگەر قايسىڭلارنىڭ ئېشى كۆپ ئادەمگە يەتسە، يايلاق شۇنىڭ بولسۇن، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر قوينىڭ گۆشىدە ئاش ئەتتى. ئېشى ھەممە خەلققە يەتتى. ئۇلارمۇ بىر قوينىڭ گۆشىدە ئاش ئەتتى. ئېشى خەلقنىڭ يېرىمىغا يەتتى. پادىشاھ يايلاقنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاملارغا بۇيرۇدى.

ئەلقىسسە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە بىرقانچە يىل تۇردى. ئاندىن مۇقەددەسە دېگەن يەرگە باردى. ئۇ يەر چۆللۈك ئىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئىبراھىم، دۇئا قىلسىڭىز دەرەخلەر، مېۋىلەر پەيدا بولۇپ، بۇ يەر ئاۋاتلىشىدۇ، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغانىدى، شۇ زامان باغۇ-بوستانلار، مېۋىلەر ۋە ئېقىن سۇلار پەيدا بولدى. بۇ يەردە ئۇلار ئورۇنلىشىپ ئىمارەتلەرنى ياسىدى. خەلق ھەر تەرەپتىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. بۇ يەر بىر چوڭ شەھەرگە ئايلىنىپ ئاۋاتلاشتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئىلىم شەرىئەتنى ئۆگەتتى. خەلقلەر:

— بىزگە بىر قىبلىنى كۆرسىتىپ قويسا، بىز ئۇنىڭغا قاراپ تائەت-ئىبادەت قىلساق، — دېيىشتى.

ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىر تاشنى ئەكېلىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

— بۇ تاش سىزدىن كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەرلەرگىمۇ قىبلە بولىدۇ، — دېدى.

ئۇ تاش بەيتۇلمۇقەددەس ئىدى.

ئۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىبلىسى بولدى.

بىر كۈنى بۇۋى سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

— ئەمدى مەن قېرىدىم. ھاجەرنى سىزگە ئېلىپ بەرسەم، — دەپ ھاجەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نىكاھ قىلدۇردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى ئۆمرىنى بۇۋى ھاجەر بىلەن ئۆتكۈزدى.

## ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام قىسسىسى

بۇۋى سارە توقسان ياشقا كىردى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىدە ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەخت نۇرلىرى بار ئىدى. بۇۋى سارە بۇ بەخت نۇرىدىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈرەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇۋى ھاجەر بىلەن جۈپلەشكەندە بۇ بەخت نۇرى بۇۋى ھاجەرگە

ئۆتتى. بۇۋى سارە بۇنى ئاڭلاپ كۆپ پەرشان بولدى. ئۇ ئاچچىقىدا:

— مەن ھاجەرنىڭ ئۆچ يېرىدىن قان چىقارمىسام، — دەپ قەسەم قىلدى. بۇنى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاڭلاپ:

— سىز شۇنداق دەپ قەسەم قىلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇۋى سارە:

— بۇ نۇرنىڭ ھەسرىتىدە ئۆمرۈم شۇ يەرگە يەتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ نۇر ھاجەرگە ئۆتۈپتۇ. مەن بۇنىڭغا قانداقمۇ تاقەت قىلالايمەن؟ — دەپ پەرىشان بولدى.

بىر كۈنى بۇۋى ھاجەر كالا سېغىپ ئولتۇرغىنىدا بۇۋى سارە ئاچچىق بىلەن كېلىپ، بۇۋى ھاجەرنى كۆتۈرۈپ بېسىپ:

— قۇلاق-بۇرنۇڭنى كېسىۋېتىمەن، — دېدى. شۇ زامان تەڭرىدىن:

— ئەي ئىبراھىم، سارەگە ئېيتقىن. ھاجەرنىڭ قۇلاق-بۇرنىنى ئۈچ يەردىن تەشسە قەسىمىنى ئورۇندىغان بولىدۇ، — دەپ پەرمان بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كېلىپ قارىسا بۇۋى سارە بۇۋى ھاجەرنى بېسىۋېلىپ پىچاق بىلەن ئۇنىڭ قۇلاق-بۇرنىنى كەسمەكچى بولۇۋاتقانىكەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاجرىتىپ، تەڭرىنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى. بۇۋى سارە بۇۋى ھاجەرنىڭ قۇلاق-بۇرنىنى ئۈچ يەردىن تەشتى. بۇۋى سارەنىڭ ۋەدىسى ئادا بولدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام جەننەتتىن ئۈچ دانە ھالقا كەلتۈرۈپ، بۇۋى ھاجەرگە بەردى. بۇۋى ھاجەر بۇ ھالقىلارنىڭ ئىككىسىنى قۇلىقىغا، بىرسىنى بۇرنىغا سالغانىدى، ئۇ بۇرۇنقىدىن ئون ھەسسە گۈزەللىشىپ كەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇۋى ھاجەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرزەنت بولمىسىمۇ، لېكىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇۋى ھاجەرگە كۆپ مېھرىبانلىق قىلدى. ئەمما بۇۋى سارەنىڭ ئاچچىقى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئاداۋىتى كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇرلىشىپ، تاقەت قىلالماس بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى بۇۋى سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

— ھاجەرنىڭ سەۋەبىدىن مېنىڭ كۆڭلۈم سۇنۇق. شۇڭا ھاجەرنى كۆزۈمدىن يىراق قىلسىڭىز، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىككى تۆگىنى كەلتۈرۈپ بىرىگە ئۆزى مىندى. يەنە بىرىگە بۇۋى ھاجەرنى مىندۈرۈپ مېڭىشقا ھازىرلاندى. بۇۋى سارە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

— مېنىڭ سىزگە ئۈچ ۋەسىيىتىم بار. ئۇنى قوبۇل قىلسىڭىز مەن قىلغان خىزمىتىمگە رازى بولغان بولاتتىم. بىرىنچى، بۇۋى ھاجەرنى ئادەم يوق يەردە قويۇڭ. ئىككىنچى، بارغان يېرىڭىزدە تۆگىدىن چۈشمەڭ. ئۈچىنچى، ھاجەرنىڭ قېشىدا قونماڭ، — دېدى.

ئاندىن ئۇلار يولغا راۋان بولدى. پەرىشتىلەر يولنى قىسقارتتى. ئۇلار مەككىگە بىر كۈندە يېتىپ باردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇۋى ھاجەرنى بىر چۆلگە ئاپىرىپ قويدى. ئۇ يەردە بىر تامچە سۇ ياكى بىرەر تۈپ گىياھمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا مەككىنىڭ ھېچ ئىزناسى يوق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇ بىچارىنى بىر پارچە نان ۋە ئازغىنە سۇ بىلەن قويۇپ ياندى. بىر كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن بۇۋى ھاجەر چىرايىدىن نۇر

يېغىپ تۇرىدىغان تولۇن ئايدەك بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ يەردە ئوت ياكى سۇ بولمىغانلىقتىن بۈۋى ھاجەر قىينىلىپ تۇراتتى، سەفا① تېغىدىن:

— ئەي ھاجەر، بۇ ياقتا كەل! — دېگەن ئاۋاز كەلدى. بۈۋى ھاجەر يۈگۈرۈپ بارسا ئۇ يەردە سۇدىن ھېچ ئەسەر يوق ئىدى. ئۇنى چاقىرغان شەيتاندى. شۇ ۋاقىتتا يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل ئىككى سونجىقىنى يەرگە ئۇرۇپ يىغلىغانىدى، سونجىقى تەگكەن يەردىن سۇ پەيدا بولۇپ، ئىككى بۇلاق چىقتى. بۇلاقتىن چىققان سۇلار يېيىلىپ ئېقىشقا باشلىغانىدى، بۈۋى ھاجەر كېلىپ «توختا!» دېدى. سۇ توختاپ قالدى. ئەگەر سۇنى توختاتمىغان بولسا مەككىدە قىيامەتكىچە سۇ ئاققان بولاتتى.

ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا تەگرىنىڭ بەرگەن ئىنئامى ئاشۇ ئابى زەمزەم بولدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بەنى جۇرھۇم ناملىق سودىگەر خەلقلەر شامغا سەپەر قىلدى. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ قارىسا قۇشلار ئۇچۇپ يۈرگەن، بىرمۇنچە كىيىكلەر ئوتلاپ يۈرگەنىكەن. ئۇلار «بۇ يەردە چوقۇم سۇ بار ئىكەن» دەپ ئىزدەپ يۈرۈپ بۇلاقنىكى سۇنى ۋە بۈۋى ھاجەرنى كۆردى. ئۇلار بۈۋى ھاجەردىن:

— بۇ قانداق بۇلاق؟ — دەپ سورىدى. بۈۋى ھاجەر:

— بۇ ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ ئوغلىنىڭ بۇلىقى، بۇ بۇلاق مۇشۇ ئوغۇلنىڭ مۆجىزىسى، — دېدى.

ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئاڭلىغانىدى.

— ئۇنداقتا بىز يايلاقتا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشايلى. سىزمۇ ياغلۇز ئىكەنسىز. بىزنىڭ ماللىرىمىز كۆپ. بىز ھەر يىلدا مېلىمىزنىڭ زاكاتىنى سىزگە بېرەيلى، — دېدى، ئۇلار.

بۈۋى ھاجەر ماقۇل بولدى. جەمئىي ئۈچ مىڭ بەش يۈز كىشى كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار ماللىرىنىڭ بىر يىللىق زاكاتى ئۈچۈن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئىككى تۆگە ۋە بەش مىڭ قوي بەردى.

ئەلقىسسە، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام يىگىرمە ياشقا كىردى. ئۇنىڭ تۆگە، قويلىرى ھەددى-ھېسابسىز كۆپەيدى. بۇ يەرگە سۇ پەيدا بولۇپ، يايلاقلارنىڭ ئاۋاتلاشقانلىقى ۋە خەلقلەرنىڭ توپ-توپى بىلەن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىق خەۋىرى مىسىر بىلەن شامغا ئاڭلاندى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. ئۇ ئوغلىنى يوقلاپ كېلىپ قارىسا، بۇ يەر تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ-سوراپ يۈرۈپ تاپتى. ئۆيدە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بار ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى سورىسا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۆيدىنمۇ چىقماستىن:

— ئىسمائىل ئۆيدە يوق، — دەپ جاۋاب بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئىسمائىلنىڭ خوتۇنى، — دەپ جاۋاب بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئىسمائىل كەلگەندە دادىڭىز كېلىپ

① سەفا — مەككىدىكى بىر تاغنىڭ ئىسمى.

كەتتى. دادىڭىز «بوسۇغىنى يۆتكەپ ئور-
ناتسۇن!» دېدى، دەپ قويۇڭ، — دېدى.
كەچ بولغاندا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام
شىكاردىن قايتىپ كەلدى. ئايالى ئىبراھىم
ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگەنلىكىنى ۋە تاپىل-
غان سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئىسمائىل
ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى
ۋە شۇ زامان ئايالىنى تالاق قىلدى. ئايالى
بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:
— مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ — دەپ
سورىدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:
— ئاتام كەلسە ئالدىغا چىقىپ، ئاتام-
نى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن
قارشى ئالماپسەن، — دېدى.
شۇندىن كېيىن ئىسمائىل ئەلەيھىس-
سالام جۇرھۇم قەبىلىسىدىن سەيىدە ئىسىم-
لىك بىر قىزنى ئالدى. سەيىدە تولىمۇ
ئەقىللىق، ساھىبجامال ئىدى.
بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىبراھىم
ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ-
كىگە يەنە كەلدى. ئۇ كۈنى ئىسمائىل ئە-
لەيھىسسالام شىكارغا چىقىپ كەتكەنىدى.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تۆگىدىن چۈشمەي
تۇرۇپ:
— ئىسمائىل ئۆيدە بارمۇ؟ — دەپ
سورىدى.
سەيىدە:
— سىز كىم بولىسىز؟ — دېدى.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:
— مەن ئىسمائىلنىڭ دادىسى بولى-
مەن، — دېدى.
سەيىدە بۇنى ئاڭلاپ ئۆيدىن چىقىپ،
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردى.
تۆگىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ «تۆگىدىن
چۈشسىلە» دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام
تۆگىدىن چۈشۈپ، بىر تاش ئۈستىدە ئول-
تۇردى. سەيىدە ئۆيدىن نان، سۈت ۋە
ماي ئېلىپ چىقىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام-
نىڭ ئالدىغا قويدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسا-
لام غىزالانغاندىن كېيىن، سەيىدە چىلاپ-
چا ۋە ئاپتۇۋا ئېلىپ چىقىپ قولىغا سۇ
قۇيدى ۋە «يولنىڭ چاڭ - توزانلىرى قونۇپ
قاپتۇ» دەپ مۇبارەك چاچلىرىنى تاراپ قوي-
دى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام
بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ:
— ئەۋلادىڭىز كۆپ بولسۇن. مېلىڭىز-
غا تەڭرى بەرىكەت بەرسۇن. ياخشى پەر-
زەنت كۆرگەيسىز! — دەپ دۇئا قىلدى.
كەچتە ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىس-
سالام شىكاردىن كەلگەندە سەيىدە ئۆيگە
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگەنلىكىنى
ۋە ياخشى تىلەكلەر تىلىگەنلىكىنى ئېيتىپ
بەردى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۆيگە
دادىسىنىڭ ئىككى قېتىم كەلگەندە كۆرۈ-
شەلمىگەنلىكىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى.
سەيىدەنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئىز-
زەت - ئىكرام قىلغىنىغا خۇشال بولۇپ ئۇنى
ئىززەتلىدى.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاندىن بۇۋى
ھاجەرنىڭ ئۆيىگە كەلدى. بۇۋى ھاجەر
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى يىراقتىن تونۇپ
يۈگۈرۈپ ئالدىغا بېرىپ، ئاياغ - ئاستىغا يىق-
لىپ، يۈزلىرىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ
ئاياغلىرىغا سۈرتۈپ يىغلىدى ۋە «تۆگىدىن
چۈشۈڭ» دەپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئىب-
راھىم ئەلەيھىسسالام:
— تۆگىدىن چۈشمەسلىككە قىلغان
ۋەدەم بار ئىدى، — دېدى.
بۇۋى ھاجەر تۆگىنىڭ يېنىغا بىر
تاشنى ئەكىلىپ قويدى. ئىبراھىم ئەلەيھىس-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سالام تاشتا ئولتۇردى ۋە ھال ئەھۋاللاشـ
تى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگەن
يېرى مەككىگە قىرىق كۈنلۈك يول ئىدى.
لېكىن ئۇ بۇۋى سارەنىڭ «بۇۋى ھاجەر-
نىڭ يېنىدا قونماڭ» دېگەن شەرتىگە
ماقۇل دەپ ۋەدە بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن،
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەلگىنىدە پەرىشـ
تىلەر ئۇنىڭ يولىنى قىسقارتىپ قويۇپتىـ
دە، بىر كۈندىلا كېلىپ كېتەتتى.

## ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىلىنىش ۋەقەسى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇقەددەسـ
دېگەن جايدا تۇراتتى. كېيىن ئىسمائىل
ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇپ
قالدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا
بەكمۇ مېھرىبان ئىدى. ئۇنىڭدىن بىرەر
سائەت ئايرىلىشقىمۇ كۆزى قىيمايتتى. ئاتا-
بالىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مېھرى-مۇھەب-
بىتى ھەممە ئالەم خەلقىغە ۋە پەرىشتىلەر-
گە مەشھۇر بولدى. پەرىشتىلەر:

— ئەي تەڭرى، ئىبراھىم سېنى دوس-
تۇم دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئوغلىغا قىلغان
مېھرىبانلىقى ساڭا قىلغىنىدىن ئېشىپ چۈ-
شىدۇ، — دېيىشتى.

تەڭرىدىن:

— ئەي پەرىشتىلەر، سىلەر شۇنداق
ئويلامسىلەر؟ مەن سىلەرگە ئىبراھىمنىڭ
ماڭا قانچىلىك سەمىمىي ئىكەنلىكىنى كۆر-
سىتىپ قوياي، — دېگەن خىتاب كەلدى.

بىر كۈنى تەڭرىدىن ئىبراھىم ئەلەيـ
ھىسسالامغا:

— قۇربانلىق قىلغىن! — دېگەن پەر-
مان بولدى.

ئۇ كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام
بەش يۈز تۆگە ۋە مىڭ قوي ئۆلتۈردى.

تەڭرىدىن يەنە:

— ئەي ئىبراھىم، قۇربانلىق قىلغىن! —
دېگەن پەرمان بولدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— قانداق نەرسىنى قۇربانلىق قىلسام
ئاندىن قوبۇل بولىدۇ؟ — دېدى.

تەڭرىدىن:

— دۇنيادا نېمىگە ئەڭ مېھرىبان
بولساڭ شۇنى قۇربانلىق قىلغىن. ھەرقانداق
بەندە ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان
نەرسىسىنى قۇربانلىق قىلسا مەن رازى
بولىمەن، — دېگەن خىتاب كەلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەڭرىگە:

— مەن دۇنيادا ھېچنەرسىگە ئوغلۇم-
غا ئامراق بولغاندەك ئامراق ئەمەسمەن.
ئوغلۇمنى قۇربانلىق قىلسام قوبۇل بولام-
دۇ؟ — دەپ مۇناجات قىلدى.

تەڭرىدىن:

— قۇربانلىق قىلىدىغان نەرسىنى ئۆ-
زۈڭ ئوبدان بىلىسەن، — دېگەن خىتاب
كەلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇۋى ھاجەر-
نىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي ھاجەر، مەن ئىسمائىلنى ئە-
زىز دوستۇمنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن، —
دەپ ئىسمائىلنىڭ چاچلىرىنى تاراپ، ئېسىل
تون كىيگۈزۈپ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقتى.
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك چىرا-
يى ئاۋۋالقىدىن ئون ھەسسە چىرايلىقلاشتى.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا بولغان

مېھرى - مۇھەببىتى تېخىمۇ ئاشتى. دۇنيا-
دا ھېچقانداق ئادەم ئۆز پەرزەنتىگە بۇن-
داق مېھرى - مۇھەببەتلىك بولغان ئەمەس.
ئەلـقىسسە، ئىبراھىم ئەلەيـھىسسالام
بىر پىچاق، بىر تانا ئېلىپ، ئىسمائىل ئە-
لەيھىسسالامنى ئېلىپ ماڭدى. يولدا ئۇلارغا
لەنىتى شەيتان ئۇچراپ:
— ئەي ئىسمائىل، نەگە بارىسەن؟ —
دېدى.
ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:
— ئاتام مېـنى دوسـتىنىڭ قېشىغـا
ئېلىپ بارىدۇ، — دېدى.
شەيتان:
— ئاتاڭ سـېنى ئۆلتـۈرگىلى ئېلىپ
كېتىپ بارىدۇ، — دېدى.
ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:
— ئاتام مېنى ھەرگىز ئۆلـتـۈرمەيـ-
دۇ، — دېدى. شەيتان:
— سېنى ئۆلتۈرۈشنى ئاتاڭنىڭ ئاشۇ
دوستى بۇيرۇغانىكەن، — دېدى. ئىسمائىل
ئەلەيھىسسالام:
— ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولـسـا
ھېلىغۇ بىر جېنىم بار ئىكەن، مىڭ جېنىم
بولغاندىمۇ جېنىمنى پـىدا قىلىشـقـا رازى-
مەن، — دېدى.
بۇ سۆزدىن شەيتان ئۈمىدسىزلىنىپ
بۇۋى ھاجەرنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:
— ئەي ھاجەر، ئوغلـۇڭـنى ئاتـىسى
ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ ماڭدى. مەن ئوغلۇڭغا
چىدىماي ساڭا خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلدىم.
سەن بېرىپ ئوغلۇڭنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇز-
غىن! — دېدى.
بۇۋى ھاجەر:
— سەن يالغان ئېيتىسەن، — دېدى.
شەيتان:
— ئىبراھىمنىڭ دوسـتـى «ئوغلـۇڭ
ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلغىن» دەپ ئېيتـ-
قانىكەن. ئىسمائىلنى شۇنىڭ ئۈچـۈن ئې-
لىپ ماڭدى، — دېدى.
بۇۋى ھاجەر:
— ئەگەر ئىبراھىمنىڭ دوستى شۇن-
داق دېگەن بولسا، ئوغلۇم ئۇنىڭ دوستى-
نىڭ پىداسى بولسۇن! — دېدى.
لەنىتى شەيتان ئوسال ھالەتـكە قې-
لىپ قايغۇرغان ھالدا ئىسمائىل ئەلەيھىـ-
سالامنىڭ قېشىغا بېرىپ:
— ئەي ئىسمائىل، زايا بولۇپ كېتـ-
سەن، — دېدى.
ھەزرىـتـى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:
— ئاتام ماڭـا سەن كـۆيگـەنـچىلىك
كۆيمەسمۇ؟ — دېدى.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:
— ئەي ئوغلۇم، كىم بىلـەن سـۆز-
لىشىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.
ئىسمائىل:
— بىر قـېـرى «ئاتاڭ سـېـنى
ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا قې-
چىپ كەتكىن» دەۋاتىدۇ، — دېدى.
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:
— ئەي ئوغلۇم، ئۇ دېگەن لەنىتى
شەيتاندۇر. شەيتان تەڭرىنىڭ دۈشمىنـى.
ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماڭ. ئۇ سىزنى
ئازدۇرۇپ، تەڭرى دەرگاھىدا ئاسىي قىلـ-
ماقچى، ئۇ يەنە كەلسە ئۇنىڭغا تاش ئې-
تىپ قوغلاڭ، — دېدى.
ئەلقىسسە، شەيتان ئىسمـائىل ئەلەيـ-
ھىسسالامنىڭ كەينىدىن يەتتە قېتىم كېلىپ
ئۇنىڭغا قېچىشنى ئېيتتى. ئۇ ھەر قـېتىم
كەلگىنىدە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا
تاش ئېتىپ قـوغلـىدى. ھەج قىلىشـتا ئۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

يەرگە بېرىپ يەتتە قېتىم تاش ئېتىش شۇنىڭدىن قالغان سۈننەتتۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مىنا تىبغىغا① بېرىپ:

— ئەي ئوغلۇم، تەڭرىدىن سىزنى قۇربانلىق قىلىش ھەققىدە پەرمان بولدى. سىز بۇنى قوبۇل قىلامسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:

— ئەگەر تەڭرىنىڭ ھۆكمى شۇنداق بولسا ئۇنى ئورۇنداش كېرەك. تەڭرى ئاتا-باللىق مېھرىنى ئاردىن كۆتۈرۈۋەتسۇن. ئەي ئاتا، نېمە ئۈچۈن ئۆيدە مېنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلمىدىڭىز؟ بۇ ئىشنى ئۆيدە بىلگەن بولسام ئانام بىلەن رازىلىشىۋالغان بولاتتىم. ھېلىھەم بولسىمۇ مەندىن ئانامغا دۇئايى سالام دەپ قويۇڭ. ئانامنىڭ ئالدىدا ئەدەبسىزلىك قىلىپ قويغان يەرلىرىم بولسا، مەندىن رازى بولسۇن. مېنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ، ماڭا بولغان مېھرى-مۇھەببىتىنى ئۈزسۇن! — دېدى.

ئاتا-بالا قۇچاقلىشىپ رازىلىق بېرىشتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام سوزۇلۇپ ياتتى ۋە:

— ئەي ئاتا، پۇتۇمنى باغلاپ قويۇڭ. جان ئاچچىقىمدا پۇتۇمنى مىدىرلىتىۋەتسەم ئاسىي بولۇپ قالىمەن. كۆزۈمنى تېڭىپ قويۇڭ. سىزگە قاراپ سالسام گۇناھكار بولۇپ قالىمەن، — دېدى.

شۇ زامان تەڭرىدىن خىتاب كەلدى:

— ئەي پەرىشتىلەر، كۆرۈڭلار، ئىبراھىم مېنىڭ پەرمانىم بىلەن مېھرىبان ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى.

پەرىشتىلەر، ھۆر — غىلمانلار ۋە روھلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بۇ ئەھۋالنى كۆردى.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئاتا، مېنىڭ قانلىق كۆڭلىكىمنى ئانام بىچارىگە ئاپىرىپ بەرگەيسىز. ئۇنى پۇراپ مېنىڭ پىراقىم ئوتىنى ئۆنذۈتسۇن. ئاتا، ئەمدى تەڭرىنىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈڭ، — دەپ قولىنى باغلىتىشقا تەييار تۇردى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنىڭ قول-پۇتىنى باغلاپ، كۆزىنى تاڭدى. يەرگە ياتقۇزۇپ بوغۇزىغا پىچاقنى سۈردى.

شۇ زامان تەڭرىدىن پىچاققا:

— كەسمىگىن! — دەپ پەرمان بولدى.

پىچاق ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بوغۇزىغا ئۆتمىدى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئاتا، ئالدىرىماڭ! پىچاقنى ياخشى بىلەپ ئاندىن سېلىڭ، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاچچىقىدا پىچاقنىڭ ئۇچىنى سانجىغانىدى، پىچاق ئېگىلىپ كەتتى. ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈۋاتقان پەرىشتىلەرگە قاراپ كۈلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «ئوغلۇم مېنىڭ پىچاقنى ئۆتكۈزەلمىگىنىمگە كۈلۈۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ پىچاقنى تاشقا بىر ئۇرۇۋىدى، پىچاق تاشقا سانجىلىپ قالدى. تاش تىترەپ كەتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي پىچاق، سېنى تاشقا سالسام ئۇنى كېسىسەن. ئىسمائىلغا سالسام نېمىشقا كەسمەيسەن؟ — دېدى.

پىچاقتىن دەرھال ئاۋاز كەلدى:

— ئەي تەڭرىنىڭ دوستى، ماڭا نېمىدەپ ئاچچىقلايسىز؟ نەمرۇد سىزنى ئوتقا تاشلىغاندا تەڭرىدىن ئوتقا «ئىبراھىمنى كۆيدۈرمىگىن!» دەپ پەرمان بو-

① مىنا تىبغى — مەككىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.

لۇۋىدى ئۇت گۇلىستانلىققا ئايلاندى. سىز ماڭا «كەسكىن!» دەپ بىر قېتىم ئېيتقۇچە، تەڭرى يەتمىش قېتىم «كەسمىگىن!» دەيدۇ. مەن تەڭرىنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلمەن، — دېدى.

پىچاق تاشقا سانجىلغاندا تاشتىن قان ئاققاندى. بۇنى كۆرگەن ھەممە پەرىشتە ۋە ھۇر-غىلمانلار:

— ئەي تەڭرى، دۇنيادا مۇنداقمۇ دوستلۇق بولامدۇ؟ — دېيىشىپ ھەيرانلىقتا قوللىرىنى چىشلەشتى ۋە: ئەي تەڭرى، لەۋھۇلمەھفۇزدا «ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادىدىن كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەر دۇنياغا كېلىدۇ» دېگەننى كۆرگەنىدۇق، سېنىڭ بۇنداق قوللۇققا قايىل بەندىلىرىڭ بار ئىكەن، — دېيىشتى.

شۇ زامان تەڭرىدىن:

— ئەي ئىبراھىم، سەن بىزنىڭ دوستلۇغىمىز ئۈچۈن بىر جاننى پىدا قىلدىڭ. بىز سېنىڭ دوستلۇغۇڭ ئۈچۈن ھەددى-ھېسابسىز جاننى پىدا قىلدۇرايلى، — دەپ خىتاب بولدى.

ئاندىن «ئەللاھۇ ئەكبەر!» (تەڭرى ھەممىدىن ئۇلۇغ) دېگەن ئاۋاز كەلدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قارىغۇدەك بولسا ئاسماندىن بىر كۆك قوچقار چۈشۈپتۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ:

— ئەي ئىبراھىم، ئەمدى تەڭرى «بۇقوچقارنى ئىسمائىلنىڭ ئورنىدا قۇربانلىق قىلسۇن!» دەپ پەرمان قىلدى، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پىچاقىنىڭ ئىسمائىلغا ئۆتمىگەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇ قوچقارنى تەڭرىنىڭ ئەۋەتكەنلىكىگە خۇشال بولۇپ «ئەللاھۇئەكبەر! ئەللاھۇئەكبەر! لائىلاھەئىللەللاھۇۋەللاھۇئەكبەر! ئەللاھۇئەكبەر ۋەلىللاھىل-ھەمد! (تەڭرى ھەممىدىن ئۇلۇغ، تەڭرى ھەممىدىن ئۇلۇغ، پەقەت بىر تەڭرىدىن ئۆزگە تەڭرى يوقتۇر. تەڭرى ھەممىدىن ئۇلۇغ، تەڭرى ھەممىدىن ئۇلۇغ. تەڭرىگە تەشەككۈرلەر بولسۇن!)» دەپ شۈكرانە تەكبىر ئېيتتى.

بۇ تۆت تەكبىر① نى قۇربان ھېيت كۈنى ئېيتىش ۋاجىب② ھەم سۈننەت③ بولدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قول-پۇتىنى يەشتى. تەڭرى:

— ئەي ئىبراھىم، سىلەر مېنىڭ پەرمانىمنى تۇتۇپ بۇ ئىشنى قىلدىڭلار. مەن ھەم سىلەرنىڭ ئېيتقان ھەرقانداق سۆزۈڭلارنى ھەرگىز رەت قىلمايمەن، — دەپ ۋەدە قىلدى.

ئەلقىسسە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قوچقارنى ئۆلتۈردى. تېرىسىنى سۇپرا قىلىپ، يۇڭىدا گىلەم توقۇدى ۋە گىلەمنى تاۋۇتى جايلاشقان ئورۇندا قويدى. كېيىن ئۇ گىلەمنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەردى. تەڭرىدىن ھەرقېتىم ۋەھى كەلگەندە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاشۇ گىلەمگە يۆگىنىپ ئولتۇراتتى.

① تەكبىر — ئۇلۇغلاش.

② ۋاجىب — تېگىشلىك، كېرەكلىك، لازىم، زۆرۈر.

③ سۈننەت — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ قىلغان ۋە رۇخسەت بەرگەن ئىشى، دېگەن گەپلىرى ئادەت، قائىدە.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ كەئبىنى بىنا قىلىشى

مۇقەددەس كەئبىنىڭ ئورنىدا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىر ئۆي بىنا قىلغانىدى. ئۇنى بەلتۇلمەئمۇر دەپ ئاتايتتى. بەيتۇلمەئمۇر ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا يۈز بەرگەن توپان بالاسىدىمۇ بار ئىدى. خەلقلەر ئۇ يەرنى تاۋاپ قىلاتتى. توپان بالاسى يۈز بەرگەندە تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن پەرىشتىلەر بەيتۇلمەئمۇرنى تۆتىنچى ئاسمانغا ئەپچىقىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شامدىن بىر تاغنى ئەكىلىپ قويدى. بىر كۈنى تەڭرىدىن:

— ئەي ئىبراھىم، كەئبىنى بىنا قىلغىن! — دەپ پەرمان بولدى. تەڭرى يەنە بىر پارچە بۇلۇتنى ئەۋەتىپ:

— ياسىلىدىغان كەئبىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئاشۇ بۇلۇتچىلىك بولسۇن. ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان تاشلارنى بەش تاغدىن يەنى تورى سىينا، تورى زىينا، سەبرۇلبەنان، جۇدى، ئەبۇ قۇبەيس تاغلىرىدىن ئالغىن! — دەپ پەرمان بولدى.

بۇ تاغلاردىن تاش ئېلىپ كەئبىنى ياساشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ بەش تاغچىلىك ئېغىر گۇناھى بولغان تەقدىردىمۇ مۇقەددەس مەككىنى تاۋاپ قىلسا، تەڭرى ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ساۋابى ئاشۇ تاغلاردەك چوڭ بولىدۇ، دېيىلىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى ياساشقا تۇتۇش قىلدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تۇرى سىينا قاتارلىق بەش تاغدىن تاش ئەكىلىپ بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنىڭ تېمىنى قوپاردى. كەئبە تۆت تۈۋرۈكلۈك، تۆت بۇرجەكلىك قىلىپ ياسالدى. بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ بىرىدىن ياھەننان (ئەي ناھايىتى مەرھەمەتلىك تەڭرى)، بىرىدىن يامەننان (ئەي زور ئىنئاملارنى قىلغۇچى)، بىرىدىن يادەييان (ئەي ياخشىلىق - يامانلىقنى ئايرىپ جازالاپ تۇرغۇچى تەڭرى)، يەنە بىرىدىن ياسۇبھان (ئەي پاك تەڭرى) دېگەن ئاۋاز كەلدى. كەئبىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن سۇبھانەللا (تەڭرىنى ھەرقانداق كەمچىلىكلەردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن)، بىر بۇرجىكىدىن ئەلھەمدۇلىللا (تەڭرىگە شۈكرى)، بىر بۇرجىكىدىن لائىلاھە ئىللەللاھ (بىرلا تەڭرىدىن باشقا تەڭرى يوقتۇر)، يەنە بىر بۇرجىكىدىن ئەللاھۇ ئەكبەر (تەڭرى ھەممىدىن ئۇلۇغ) دېگەن ئاۋاز كەلدى. تام ئېگىزلىگەنسېرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تامغا بويى يەتمەي پۇتىغا تاشنى قويدى. تام قانچە ئېگىزلىسە، پۇتىغا قويغان تاشمۇ شۇنچە كۆپىيىپ تۇردى. كەئبە ياسىلىپ پۈتكەندە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «ئەي پەرۋەردىگارىمىز، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن (دۇئالىرىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن. (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن»،① «ئەي پەرۋەردىگارىم، بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن. ئاھالىسىدىن تەڭرى ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن»②

① «قۇرئان كەرىم» 1- پارە، 2- سۈرە بەقەرە، 127- ئايەتنىڭ تەرجىمىسى.

② «قۇرئان كەرىم» 1- پارە، 2- سۈرە بەقەرە، 126- ئايەتنىڭ تەزجىمىسى.

«سەن ھەج قىلغۇچىنى قوبۇل قىلغۇچى،
نەسلىمىزدىن بىر پەيغەمبەر كەلتۈرگىن.
ئۇ سېنىڭ كالامىڭنى بەندىلىرىڭگە يەتـ
كۈزسۇن. كىتابلارغا يېزىلغان ئىسمى
زاتىڭنى، سۈپەتلىرىڭنى خەلققە بىلدۇرسۇن،
ئۇنىڭ ئۇممەتلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ
قىلغىن»، دەپ دۇئا قىلدى.

ئاندىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: «ئالەم خەلقىنى
كەئبىگە تەكلىپ قىلغىن!» دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:
— بۇ ئالەم چەكسىز تۇرسا، مەندەك
بىر ئاجىز بەندە چاقىرغان ئاۋازنى كىم
ئاڭلىيالايدۇ؟— دېدى.

تەڭرىدىن:
— ئىبراھىم، چاقىرىش سەندىن،
ئاڭلاتماق مەندىن. ئەزەل كۈنىدىن تاكى
ئىسراپىل سۇرنى تارتقۇچە (ئاخىر زامانـ
غىچە) دۇنياغا كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە
ئاۋازىڭنى ئاڭلىتىمەن،— دېگەن ندا
كەلدى.

شۇ زامان ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيـ
ھىسسالام ئەبى قۇبەيس تېغىغا چىقىپ،
تۆت ئەتراپقا قاراپ:
— ئەي ئىنسانلار، بىلىڭلار ۋە ئاگاھ
بولۇڭلار، تەڭرىنىڭ يارلىقى شۇدۇركى، بۇ
جايغا كېلىپ تاۋاپ قىلىڭلار. ئۆزۈڭلارنى
گۇناھ مەئسىيەتتىن ① خالاس قىلىڭلار!—
دەپ چاقىردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام
ھېچكىمنى كۆرمەي، مۆمىنلەرنىڭ قايتۇر-
غان جاۋابەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى: «ئەي
تەڭرىم، مانا مەن ھۇزۇرۇڭدا، مانا مەن
ئىتائەتىڭدە؛ سېنىڭ ھېچبىر شېرىكىڭ
يوق. مانا مەن سېنىڭ ئەمرىڭدە. بارلىق
ھەمدۇ - سانا ۋە نېئمەتلەر ساڭا خاستۇر
ۋە بارلىق مۈلۈك ھېچبىر شېرىكىڭ بولـ
مىغان ھالدا سېنىڭدۇر.»

ھەممە مۆمىنلەر كېلىپ كەئبىنى تاـ
ۋاپ قىلدى. تەڭرى ئۇلارنىڭ ھەممە
گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلدى.

خەۋەرلەردە شۇنداق دېيىلدۇكى،
مۇقەددەس كەئبە ياسىلىپ پۈتۈپ، تەڭرىـ
دىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا خەلقنى
ھەج قىلىشقا چاقىرىش بۇيرۇقى بېرىلگەنـ
دە، ئاۋۋال جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چاـ
قىردى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام
چاقىردى. لەنىتى شەيتان: «مەنمۇ خالاـ
يىقنى چاقىرىپ، بۇ ساۋابتىن ئۇلارنى
مەھرۇم قىلاي» دەپ چاقىرىۋىدى، ئۇنىڭ
ئاۋازى ئالەمنىڭ ھەممە يېرىگە يەتتى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازى
ھەممە يەرگە يەتتى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىـ
نى ئاڭلاپ كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى يولغا
چىققانلار ئۆلدى. ئۇلار تاكى قىيامەت
كۈنىگىچە ھەر يىلدا بىر قېتىم تاۋاپ
قىلغانىنىڭ ساۋابىنى تاپتى. ئىبراھىم
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەلگەن
خەلقلەر كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، ئۆز جايلىـ
رىغا پاك قايتىپ، گۇناھ ئۆتكۈزمەي ئۆلـ
دى. شەيتاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەئبىنى
تاۋاپ قىلغانلار ئۆز جايىغا قايتقاندىن
كېيىن يەنە گۇناھ ئۆتكۈزدى. ئۇلار كەـ
ئبىنى تاۋاپ قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر قېتىم
ساۋاب ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قىلغان
گۇناھىنىڭ ھېسابىنى ئاخىرەتتە بېرىدۇ.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:
— ئەي تەڭرىم، بۇ يەردىكى خەلقـ

---
① مەئسىيەت — خاتالىق، گۇناھ.

لەرگە مېۋىلەردىن نېسىپ قىلغىن. ئۇلار مېۋىلەرنى يەپ، شۈكرى قىلسۇن،— دېدى. مەككە ئەسلىدە تاشلىق يەر ئىدى.

شۇ زامان تەڭرىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا:

— ئۇن پەرسەڭ يەرگە تۇپراق تۆكۈپ، ئۇ يەرگە مېۋىلەرنى ئۈندۈرگىن!— دەپ پەرمان بولدى. بۇ جايغا «تائىف» ① دەپ ئات قويىدى. ئۇ يەردىن مۇقەددەس مەككىگە مېۋە ئەكىلىدىغان بولدى. بۇ كەئبىنىڭ مۆجىزىسى بولۇپ قالدى.

تۆۋەندىكى مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس كەئبىنىڭدۇر:

مۇقەددەس كەئبىنىڭ ئۈستىدىن ھەرقانداق جانىۋار ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ. كەئبىدە زەمزەم قۇدۇقى بار. ھەرقانداق كىشى مۇقەددەس كەئبىگە كەلسە، خۇددى گۇناھكار گۇناھىدىن خالاس بولغاندەك، كېسىلىدىن شىپا تاپىدۇ.

يەنە بىر مۆجىزە شۇكى، يەمەن پادىشاھى ئەبرەھە خىرىستىيان دىنىدا ئىدى. ئۇ دۇنيادىكى ھەممە جاۋاھىراتلارنى يىغىپ ئۇنىڭ پۇلىغا چوڭ بىر چېركاۋ سالدۇردى. تامىرىغا ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇردى. خەلقنى شۇ چېركاۋغا سەجدە قىلدۇردى. ئۇ پادىشاھ:

— بۇ دۇنيادا مەن سالدۇرغان ئاشۇ چېركاۋدىن ياخشىراق ئىمارەت تېپىلمايدۇ،— دېدى. بۇنى ئاڭلىغان شاھنىڭ يېنىدىكى ئادەملەر:

— ئەرەبتە مەككە دېگەن بىر مۇقەددەس ئۆي بار. ئۇ ئۆي بۇنىڭدىن ياخشى. خەلقنىڭ كۆپىنچىسى ئۇ يەرگە بېرىپ تاۋاپ قىلىدۇ،— دېدى.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئىچى تارلىقى كېلىپ، ئاچچىقلاندى. ئۇ كەئبىنى بۇزۇشقا يۈز مىڭ لەشكەر، ئون مىڭ پىلنى ئەۋەتتى. بۇ لەشكەرلەر كېلىپ بۆيۈك مەككىنى قورشىدى.

ئەتىسى ئون مىڭ پىلنىڭ ھەممىسى كېلىپ كەئبىگە سەجدە قىلدى. تەڭرىنىڭ غەزىپى بىلەن يۈز مىڭ لەشكەرنىڭ ھەممىسىگە ئوت تۇتىشىپ ھالاك بولدى. ئۇلار «ئەسھابۇل پىل» (پىل ئىگىلىرى) دەپ ئاتالدى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىجات مۇخلىس

① تائىف — تاۋاپ قىلغۇچى، زىيارەت قىلغۇچى؛ مەككىنىڭ بىر شەھىرى.

# شئىرلار

موللا نىياز
نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر بۇلاق

## موللا نىياز ئاخۇندنىڭ ئارسلان خەت ھەجۋىي قىلغانلارنىڭ بەيانى

ئىنشائەللاھ، تۇتۇپ سەلامەت،
قىلغاي كۆرۈشۈرنى ھەق كەرامەت.
نەيلەيكى، قەزايى ئاسمانى،
سالدى ماڭا دەردى بىدەۋانى.
مەئلۇم قىلاي ئەمدى ئەرزى ـ ھالىم،
نې قىلدى ماڭا بۇچەرخى زالىم.
ئول كۈن ئاراغە تۇشۇپ جۇدالىق،
بۇ چاغقىچە بىزگە بىنەۋالىق.
تەن مۇندا، ئەگەرچە جانىم ئاندا،
مەن مۇندا، ۋەلى خەيالىم ئاندا.
غۇربەت ئوتى تەننى قىلدى يارە،
فۇرقەت ئوقى جاننى قىلدى پارە.
مەندەك بۇ جەھاندا بارمۇ ـ بارمۇ،
تەقدىرى خۇداغە چارە بارمۇ؟
كۈندۈز ھەم كۆڭلۈم چۇجۇقدۇر،
تاڭ ئاتقۇچە كۆزلەرىم ئاچۇقدۇر.
گەر گاھى بەگاھى كەلسە ئۇيقۇ،
دىيـدارلارى كۆزۈمگە ئۇترۇ.
ئويغانسامۇ كۆرمەسەم بەناگاھ،
تارتىپ يەنە ئاھۇ دەمبەدەم ئاھ.
باشىمغە ئەسەر قىلىپ جۇنۇنلۇق،
رو بەرگۈسى تۇرفە ۋاژگۈنلۇق.
دەردىمى كىشىگە قىلمايىن فاش،
دائىم قۇرۇماي كۆزۈمدە جىق ياش.
سىزلەرنى قىلىپ تۇمەن ـ تۇمەن ياد
ھەرلەھزە چېكىپ فىغانۇ فەرياد.
بىر يىل كۆرۈنۈپ كۆزۈمگە بىر كۈن،
يەلدا كېچەدىن ئۇزاق قارا تۈن.
باشىم ئاقىزىپكى ژالە ـ ژالە،
تا سۇبھى قىلىپ فىغانۇ نالە.
ئۆز ـ ئۆزۈمە تولغانىپ يىلاندەك،
سىزلەر قانداغ فەقىر يۈز ئاندەك.
خۇرشىد يۈزۈڭنى ئەي قەرىنداش،
ئولكۈن يەنە كۆرمەسەم ئىكەن كاش.
كۆردۈم ئۆزۈم بەلاغە سالدىم،
ئەۋۋەلقىچە يۈز جەفاغە قالدىم.
نەيلەيكى قەزايى ئاسمانى،
سالدى ماڭا دەردى بىدەۋانى.
يۈز دەشتى فىراق ئارا يۈگۈردۈم،
فەرۋانەدەك ئۆزۈمنى ئوتغە ئۇردۇم.
ھەيھات، نېتەي بۇ سىپېھرى غەددار،
ھىجرانىڭغە مېنى قىلىپ گىرىفتار.
ئەۋۋەل بۇ سىفەت غەرىبى قىلدى،
فۇرقەت ئوتىنى ماڭا نەسىبى قىلدى.
ئۇلفەت ماڭا ھەجر، مۇنىسىم غەم،
كۆڭلۈمدە فىراق، كۆزلەرىم نەم.
جانىمدا فىراقىنىڭ شەرارى،
فۇرقەت ئوتىنىڭكى يوق قەرارى.
رەنجىمنى بىلىپ، دەۋانى بىلمەس،
دەردىمگە تەبىبلەر چارە قىلالماس.

www.uyghurkitap.com

كۆپ مۇشكۇل ئىكەن فىراق بەلاسى،
ئالەم ئارا يوق ئانىڭ دەۋاسى.
يادىڭ بىلە مەن غەرىبى مىسكىن،
بىر نەۋئى بىرىپ ئۆتۈمغە تەسكىن.
ئارمان قىلىبان ئۆزۈم ئۆزۈمگە،
گەر بولسا بەھەم يانا كۆزۈمگە.
كۆرسەم يانا بىر جەمالىڭىزنى،
ئاڭلاپ ئىشىتسەم مەقالىڭىزنى.
رۇھۇمغە غىزا سۆزۈڭنى بىلسەم،
جانىمغە غىزا يۈزۈڭنى كۆرسەم.
سۇھبەتلەرىدە ئەگەر يېسەم تاش،
يۈز شۈكرى قىلىپ يېيدىم دىبەم ئاش.
سۇ ئىچسەم ئەگەر تاپىپ سەقانى،
بىلسەم ئانى جامۇ جەم مىسالى.
باشىمغە تاپىلسە تاقىيىئى نەۋ،
بىلسەم ئانى مىسلى تاجى خۇسرەۋ.
يۈرگۈنچە بۇ رەڭ فىراقلاردا،
ھەر كېچە ياتسام ئاياغلاردا.
گۈل يۈزلەرىڭىزگە بۇلبۇل ئولسام،
بەلكىم ئىشىكىڭدە ئەگەر قۇل ئولسام.
قىلسام ئۆزۈم بۇ نەۋئى ئادەت،
خۇش دەۋلەت ئىرۇر زىھى سەئادەت.
نې چارە قىلاي بۇ ئالەمى دۇن،
ھەسرەتدە ئىچىمگە تولدۇرۇپ خۇن.
ئەي گەۋھەرى مەھزەنى شەرافەت،
ئەي جەۋھەرى مەئدەنى سەئادەت.
ئۇممانى، تىللا ئەتتىم جەھانى.
غەۋۋاسى جىۋاھىرۇلمە ئانى.
ئەلتاف ھەدىقەسى ئاراگۈل،
ئەۋساف تەرىقەسىدە بۇلبۇل.
شەفقەت چەمەنى ئارا ئاچىلغان،
گۈللار ئاياغىڭ ئارا ساچىلغان.
ئەي كانۇ ۋەفاۋۇ ئەقل ئەلتاف،
سەنجىدە سىفەت، ھەمىدە ئەۋساف.
زاتىڭدا كەمال ئەقل دانىش،
دانىش ئەھلى دەرگەھىڭدە دەرۋىش.

ئەي باغى ئىرەمدە گۈل مەسەللىك،
گۈللار ئىشىكىڭدە گۈل مەسەللىك.
ئەي، ھەمدەمى خەيل ناتەۋانى،
ئەي، خۇسرەۋ ئېلى كامىرانى.
ئەي، مېھرى ۋەفا سىپېھرىدە ماھ،
ئەي، سىدقى سەفا سەرىدە ئەي شاھ.
ئەي، جانۇ جەھان مېھرىبانى،
ئەي، يارى دىيار دۇر دىلىستانى.
ھەم ھەمدەمىمۇ دىلىمگە قۇۋۋەت،
ئاتىڭنى دىسەم كۆڭۈلگە قۇۋۋەت.
غۇربەتتە مۇشفىق ئۈنس ئولغان،
فۇرقەتتە رەفىقۇ مۇنىس ئولغان.
يەئنىكى ھەمە بەرادەرىمغە،
چوڭ - كىچىك ئەقرەبالەرىمغە.
يالغۇز باشىمغە فىراق تۈشكەن،
يارانلارىدىن يىراق تۈشكەن.
غۇربەت ئېلىنىڭ ئىچىدە قالغان،
فۇرقەتدە سۈكەكلەرى ئۇشالغان.
غەم دەشتىنى تۈرفە - تۈرفە كەزگەن،
ئۆز مەملىكەتىدىن ئەمما تەزگەن.
گۈلدەك يۈزىڭىزگە ئەندەلىبدىن،
بۇ موللا نىياز دىگەن غەرىبدىن.
چوڭلارغە بەلا نەھايە قۇللۇق،
ئۇششاقلارغە بارچە سەر نىگۈنلۇق.
سائەتتە يېتىپ قەبۇل ئولغاي،
رۇقئەم مەن ئۈچۈن ۋۇسۇل ئولغاي.
بۇ نەۋئى ئەسىر ئېتىپ فىراقغە،
مۇنداغ مېنى تاشلادى يىراقغە.
ئەمدى تەلەبىم بۇدۇر خۇدادىن،
بۇ بەندەسىنىڭ بىرىپ مۇرادىن.
سىزلەرنى داغى تۇتۇپ سەلامەت،
خۇشـۋەقتلىغىن قىلىپ كەرامەت.
ئۆز ھىفزى ھىمايىتىدا تۇتقاي،
ئىشرەتدە كۆڭۈللەرىن ئۇتغاي.
مەن مۇندا ئىمامـلارىم قاشىدا،

تەھارەت ئالىبان كۆزۈم ياشىدا،
ھـەر لەھزە قىلىپ دۇئا ـ مۇناجات،
ئىزھار ئېتىبان ئۇلارغە ھاجات.
ئۆمرۈڭنى تىلەپ ئۇزۇنلۇقىنى،
دەۋلەتلەرىنىڭ فۇزۇنلۇقىنى.
بەرگەي ھەمەڭىزگە شادىمانلىق،
ئالەم ئارا ئەيش كامرانلىق.
ئىشرەتلەرىنى مەدام قىلسۇن،
غەم ـ غۇسسەنى ھەم ھەرام قىلسۇن.
ئاسراپ ھەمەئى بەلا ـ قەزادىن،
ھاسىل قىلغاي بېرىپ مۇرادىن.
ھـەم قىلسۇن ئەتا ھەياتى جاۋىد،
ھەرقايسـى ھىلالىڭىزنى خۇرشىد.
فەرزەندلەرىڭىز كەمال تاپسۇن،
ئەئدالارىڭىز زەۋال تاپسۇن.
مەن مۇندا مەدام بۇ تەلەبدە،
مۇتلەب بۇ دەۋام نەزدي رەبدە.
ھەر قايدا ئىسەم ساڭا فەناجۇي،
ھەر يەردە ئىسەم ساڭا دۇئا گۇي.
سىزلەر داغى جەمئ بولساڭىز شاد،
ئەلبەتتە فەقىرنى ئەيلەڭىز ياد.
كۆتاھ قىلاي ئەمدى سۆزنى بارى،
كۆرگۈم يەنە ئۆمرى بەرسە يارى.
كۆزدىن نەچچە قەترە ياش ئاقىزدىم،
بۇ ياش بىلە تۇرفە رۇقئە سىزدىم.
كۆپ ئەجزۇ نىياز ئىلە خوتەنلىك،
ئىرسال ئېتىبان تىلەپ ئىسەنلىك.

## مـولـلا نىيـاز ئـاخۇندنىڭ تىيۇە، ئاتنى ھەجۋىي قىلغانلارىنىڭ بەيانى

قىلايىن ئەمدى بىر ھىكايەتلەر،
ياخشى سۆزلەر بىلەن رىۋايەتلەر.
بىر كۈنى ھەزرەتى سۇلەيمانى،
يىغدىلار جەمئ بولدى ھەيۋانى.
ھەممە ھەيۋانغە يەر قىلىپ تەئيىن،
يىغىلىپ كەلدى ئولتۇرۇرغە ھەممىن.
ئات كېلىپ ئولتۇرۇپ ئىدىكى بۇرۇن،
تىيۇە ئاتدىن كېلىپ تالاشتى ئورۇن.
ئول كۈنى بولدى بىر ئەجايىب جەڭ،
سۆزلەشىپ تۇرفە ھايى رەڭگا ـ رەڭ.
بۇقۇراپ كـىردى تىيۇە سۆزگە رەۋان،
دېدى: «ئۇشبۇ سۆزۈمدە يوقتۇر گۇمان»
تىيۇە ئاتنى دېدىكى: «ئەي كونا قاق،
شەئنىيى شەۋكەتىمنى كۆر، ماڭا باق.
ھەرقاچان چوڭ تۇرۇرمە، مەن سەندىن،
يۇقارى ئولتۇرماقىڭ نەھەد مەندىن.
باردۇر ساڭا ئوخشە، جىق ھەيۋان،
فەرق يوق ئەمما ساڭا ياخشى ـ يامان.
ساڭا يوق فەرقى پادىشاھ ـ قۇلنىڭ،
پاتاچى، ئاتغۇچى ۋە يا قۇلنىڭ.
چوڭلارنىڭ ئىززەتىنى قىلمايسەن،
پادىشاھۇ گەدانى بىلمەيسەن.
ھەر كىشىكىم ئۇچاڭغە ئۇرسە تاياق،
چاپاسەن ئاقسۇ بىرلە شامۇ ئىراق.
مىنەدۇر قويچى بىرلە ئەلگەكچى،
ھەر قەدەمدە ئۇرادۇر ئون قامچى.
خۇرجۇن ئارتىپ مىنەر قەلەندەرلەر،
ماڭماساڭ ئازنى كۈن ساتاي دەرلەر.
قۇيرۇقۇڭنى چىگىپ بازارغە سالۇر،
ماڭماساڭ ئۆلتۇرۇپ ساتىپ قۇتۇلۇر.
بىدىكلەر باقار تىشىڭنى ئېچىپ،
قەرى دەپ ئالماسا يۇرۇرسە چىچىپ،
يۈك قويارلار سېنىڭ ئۇچاڭغە ئېغىر،
كۆپ جەفالار بىلەن قىلۇرلار يېغىر.»
تىيۇە ئەيتتى ئۆزىنى تەئرىف ئېتىپ:
«بىلگەنىمچە بۇ سۆزنى دەي تۈگەتىپ.

www.uyghurkitap.com

بىر ئاتىم تىيۋەدۇر، بىرى ئۇشتۇر،
تۇرۇقۇم لاچىنۇ ۋەيا سوخىۇر.
تۇرۇقۇم مېنىڭ ئېگىز تاغدەك،
ئولتۇرۇپ، قوپاشىم سەرىغ ياغدەك.
خۇشمۇ ئۇزدۇر مېنىڭ مېگىش - تۇرۇشۇم،
ئولتۇرۇپ، يۈكۈنۈپ دۇكان قورۇشۇم.
مەست بولسام بىلىمنى مۇكچەيتىپ،
غەزەل ئەيتسام كۆزۈمنى چەكچەيتىپ.
قىز - جەۋانلار چىقىپ نەزارە قىلۇر،
مېنىڭ ئۈچۈن يۈرەكنى پارە قىلۇر.
بولماغاي مەندىن ئۆز چىرايلىغراق،
غۇنچە بويلۇق سىلىغ پۇتۇم يۇمالاق.
نۇر ئۈلەشكەندە مەن تولا ئالغان،
ئۆزگەلەر تەگمەيمن باقىپ قالغان.
تەكرى بىزنى بۈلەك ئەزىز قىلدى،
بويلۇغۇ خۇيلۇغۇ لەزىز قىلدى.
تەكرى بىزنى ئەزىز ياراتقاندۇر،
پادىشاھ، بەگلەرگە تاراتقاندۇر.
تۇمشۇقۇم بىر قارى ئۆزۈمدىن ئېگىز،
بارچە ھەيۋان ئارا ئەجايىب بىز.
ساقلايالماس فەقىر گەدالار مېنى،
خۇرجۇن ئارتىپ مىنەر شاھلار مېنى.»
تىيۋە بولدى ئۆزىنى تەئرىف ئېتىپ،
نەۋبەت ئەمدى بۇ ئاتغە كەلدى يېتىپ.
ئات دېدى: «ئەمدى مەن سۆزۈمنى قىلاي،
خەلق ئاراسىدا مەن سەلاھغە سالاي.
ھېچ سۆزۈك قالدىمۇ يەنە ئاڭلاي،
تەئرىف ئەتتىك ئۆزۈڭنى كۆسا ماڭلاي.
سېنى مال دەپ خۇدا ياراتقان ئەمەس،
بەدمەقام بولسۇ دەپ سەۋاتقان ئەمەس.
ياراتىپدۇر سېنى تەفەررۇجگە،
بولماسا ئوخشاماسمىدىڭ بىزگە.
ساڭا لازىم ئەمەس بۇ پوقنى يېمەك،
ماۋۇمەنلىك دۇرۇر ئۆزىنى دېمەك.
بوي بار سەندە فەھم جەنبىش يوق،
باردۇر سەندە ئون ئالتە زەنبىل پوق.
تەكرى باشتا سېنى گەدا قىلغان،
بۇ جەھان مۈلكىدىن جۇدا قىلغان.
قۇيرۇقۇڭنىڭ بارى چىقار چارەك،
كالغۇكۇڭ بار ئاغىر يېرىم چارەك.
چوكلار سېنى ئالادۇر يۈككە،
گول بولامسەن ئۈچاكىداقى تۈككە.
ياتقۇزۇپ بىر - بىرىڭنى قوغلايدۇر،
كىپلەشىڭ بىرلە چوڭگە قوغلايدۇر.
قۇرساقىڭ بار سېنىڭ يوغان يامەدەك،
كالغۇكۇڭ بار سېنىڭ قەرى ئامەدەك.
يېيىشىڭ قامغۇقۇ ۋەيا يانتاق،
تۇرۇشۇڭ خىتايۇ ۋەيا قالماق.
جاۋىدالار سېنى ئوتانغە سالۇر،
ماكماساڭ پالدۇ بىلەن يوتاڭغە سالۇر.
ئۇسسالىقىغە قاتىپ قالىپ ماياقىڭ،
كۈندە باردۇر يىگىرمە بەش تاياقىڭ.
بالالار مەسخىرە قىلىپ قوغلار،
خادا بىرلە سېنى ئۇرۇپ ئۆكلار.
لوكاڭىز بار ئېگىز ئىگەرچىمىدىڭ،
... كېز قاپقارا كۆمۈرچىمىدىڭ.
يېتىلەيدۇر سېنى چورۇق باغىدا،
باقىرايسەن تاياق ئۇرار چاغىدا.
ئۇشبۇ خارلىق ھەممىسى بار سەندە،
تەئرىف ئەتتىڭ ئۆزۈڭنى شەرمەندە.
قارچىغە، لاچىنۇ مېنىڭ ئۇماقىم،
يۈنجى - مەرجان ئېرۇر مېنىڭ تۇۋاقىم.
ئادەمى نەسلىدىن ئېرۇر نەسلىم،
پادىشاھلارغە يېتىشۇر ئەسلىم.
بولماسام بۇ جەھاندا چوڭ بولماس،
ئۇل يىراقىغە بارۇرغە قوڭ بولماس.
ياغىلىقدا ياغىلارنىڭ باشىمەن،
چوكلارنىڭ مېھرىبان قەرىنداشىمەن.
ئارغۇماق كەلسە بۇ دىيارىغە،
كىم يېتەدۇر ئاتىڭ بەھارىغە.

بەندەئى شۈكرى قىلسە رەھمانغە،
مىنگەلى بىزنى ئات ياراتغانىغە.
تۇرۇقۇمدۇر مېنىڭ غۇنچەئى گۈل،
مۇرتەزاغە بولۇپ ئىدىم دۇلدۇل.
بەندەلەرگە مېنى قىلىپ ئېھسان،
رەھمەتى ھەممەگە بولۇپ يەكسان.
تۇرۇقۇڭدۇر سېنىڭ بەد ھەيبەت،
تولا مۇندىن دېسەم بولۇر غەيبەت.
ھەر كىشىكىم ئۈزىنى تەئرىق ئەتمەك يوق،
تەئرىق ئەتكەن كىشىنىڭ ئاغزىغە چىقىيوق،

**مۇللا نىياز ئاخۇن سۇلتان بۇبىنى ھەجۋىي قىلغانلارنىڭ بەيانى**

خوتەنگە بولدى پەيدا بىر ئەجايىب بىپەدەر سۇلتان.
قەلەندەر فېئلى مەشرەبخان تولا، شىۋەغە سۇلتان،
ئۈزى مەزلۇم ئەمما قىرىق بىر ئۇششاقى ئەر سۇلتان،
يۈرۈيدۇر دەشتى سەھرا چۆل ـ بەيابان دەربەدەر سۇلتان،
نەمازۇ رۇزەۋۇ ھەمدى ـ سەنادىن بىخەبەر سۇلتان،
كېچە بىدار ئېرۇر دائىم ئۇيۇقلايدۇر سەھەر سۇلتان.

ئېرۇر شامۇ سەبا ھەمراھى ئانىڭ قىرىق بىر بەڭگى،
خۇدادىن بىخەبەر ھەرقايىسى بىر ئۈيلەنمەگەن زەڭگى،
قويارغان سارغىيلغان بىر ـ بىرىنىڭ رەڭگىدىن رەڭگى،
ئېرۇركىم بىر مادەنىڭ كەينىدە قىرىق بىر ھاڭگى،
كى ھىممەت يوقدۇرۇر بۇ قىرىقىدا نامۇس يا نەڭگى،
شەرىئەت ئۇشبۇ سۈرەتلىك نە دەيدۇر مادە خەر سۇلتان.

ئاتاڭ دەللال ئېرۇر مەششاتدۇر كويلاغاڭ ھەمزە،
قىلۇرسەن ھەم ئۆزۈڭ ھەر كىمنى كۆرسەڭ بىر بۆلەك غەمزە،
يىگىت جاھىل، قەرى غافىلنى ئازغۇرغان شۇبۇ رەمزە،
ئۆزۈڭ بىل ھەقنى دەمزە يا مۇفەررەھ مايەسىن يەمزە،
①.........................................................
فەقىر بىزارمەن بولساڭ ئەگەر شەمسۇ قەمەر سۇلتان.

ھەرام ئېرمىش ۋەگەر مەزلۇملارنىڭ باڭى ئاۋازى،
ۋەگەر بىگانەلەرنىڭ سۆھبەتى ھەمرازى ـ ھەمرازى،
ھىراتۇ بەلخ لۇلىسىدا يوقتۇر مۇنچە غەممازى،
قىلۇر بىر كۆرمەگەن ئادەمى تاپسە كۈنى كۈن نازى.

① ئەسلى قول يازمىدا بىر مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەزا ئەفلاكىدىن چاڭگال ئاچىپ گەر يەتسە شەھبازى،
زەلالەت دەشتىدە لەب تەشنە كەتكۈڭدۇر خەتەر سۇلتان.

سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ تائەت ئەمەس فىسقۇ كەسافەتدۇر،
سېنىڭدەك لەندىگە دەئۋايى سەييىدلىق قەباھەتدۇر،
ھەمە سەييىدلارنىڭ روھىغە سەندىن ھەقارەتدۇر،
مەنۇ دىلخەستەغە مۇندىن خىجالەت بىنىھايەتدۇر،
ئاتىڭ ھەم ھەيفدۇر سۇلتان بۇيى بولساڭ كىفايەتدۇر،
بولۇر شەيتان ئەگەر بەش نۆۋبەتە قىلساڭ مۇختەسەر سۇلتان.

قىلۇرسەن نە سەبەبدىن فىسق ئارا مۇنداغ دىلاۋەرلىك،
چېكەرسەن ھەر زەمان دەريايى غەفلەتتە، شۇناۋەرلىك،
ھەرام ئىرمەسمۇدۇر مەزلۇم كىشىلەرگە قەلەندەرلىك،
مۇسەللەم بولماسا غەرلىك ساڭا بولماسمىدىڭ ئەرلىك،
خىتا سۇلتانىغە تەككۈك ئەگەر ياراتماساڭ يەرلىك،
جەھان ئەيۋانىدا يوقتۇر سېنىڭدەك خەيرۇشەر سۇلتان.

سېنىڭ ئەي بىسەبا دائىم مەزاردا نې ئىشىڭ باردۇر،
مەگەر ھەر قەبرىدە پىنھان قىلىنغان بىر كىشىڭ باردۇر،
دېگىل نازىڭ نېمە دەپ ساپ يۇرۇپ نې قىلمىشىڭ باردۇر،
بىرەۋنى قارغىشىڭ باردۇر ۋەيا بىر ئالقىشىڭ باردۇر،
ئۆيۈڭدە قىلماقىڭ لازىم ئەگەر ھەر نالەشىڭ باردۇر،
ئۇلۇغ دەرگاھدۇر قىلماق كىبرەك ئاندىن ھەزەر سۇلتان.

چىراغى بەئرىفەتنى قولغە ئال سوردۇم قىلمە ئاھىڭنى،
قارا قىلمە مەجازى دەۋرىدىن يۈز بىرلە ئاھىڭنى،
يىگىتلەر بەزمىدىن كەچ ھەر سەھەر ياد ئەت ئىلاھىڭنى،
بۇ دەرگەھدىن بۆلەك بىر يەردە تاپتىڭمۇ پەناھىڭنى،
ئۆزۈڭ بىرلە ياراتمىش ئەزۋە دەپ ھەر بىر گۇۋاھىڭنى،
ئاڭا بىر خار، ئاجىز بەندە سەن بولساڭ ئەگەر سۇلتان.

مەلاھەت فانىدۇر باقى [ئەمەس] ھىچ كىمگە سۇلتانلىق،
ھەۋايى نەفس ئۈچۈن يولدىن ئازىقماق كۆللى نادانلىق،
تەكەببۇردىن ئۇلۇغ تۇتماق ئۆزىنى بەلكى شەيتانلىق،
ئۆزۈڭنى يولغە ئال كۆڭلۈڭدە بولسا بۇيى ئىنسانلىق،

①.......................................................

هەلى بىر ئەسكى قانچىق تۆلكى سەن بول شىرنەر سۇلتان.

ئەگەر ئاشىق ئىسەڭ دايىم سەھەردە ئۆزنى بىيدار ئەت،
ئۇياتغۇڭ كەلسە كۆندۆز، كېچە تائەتلەر نەمۇدار ئەت،
كۆڭۆلگە فەيز توشقارغىل ئۆزۆڭنى مەست دىيدار ئەت،
سەھەر غەفلەتدىن ئويغان كۆز ياشىدىن يۆزنى گۇلزار ئەت،
ئەمىر قىلغىل ئۆزۆڭگە ئىككى ئالەمنى خەرىدار ئەت،
هەلى خەرمۇھرىدۇرسەن يۆلغە كىر بولغىن گۇھەر سۇلتان.

نەدىن هەر شەمئىگە پەرۋانەسەن هەربىرىنىڭ شەمئى،
ئېرۇر كۆڭلۆڭدە بولسە بۇيى ئىمان رەڭگىدىن نەمئى،
ئېرۇر پەرۋانەدەك هەرلەھزە ئەتراپىڭدە بىر جەمئى،
دىلۇ ئەقلىڭدە يوقتۇر چەرخ ئىلە چىقىرىقچىلىق شەمئى،
گۇنەھ ئالۇدەلىكدىن بولسە نېگە جەئفەرى تەمئى،
تەھارەت بىرلە خىزمەت قىل تاپىپ بىر ياخشى ئەرسۇلتان.

ئۆزۆڭ ئۇزرامەسەللىك رۇزى ـ شەب ئارقاڭدا يۆز ۋامىق،
بولۇر بىر بۇلھەۋەس فېئلىيۇ ئەتۋارىڭ كۆرۈپ ئاشىق،
ئەمەس هەرگىز قارا تىل بىرلە كۆڭلۆڭ بىر نەپەس سادىق،
جەمالۇ قامەتۇ هۆسنۆڭ بۇ فېئلىڭگە ئەمەس لايىق،
ئۆزۆڭنى چاغلا بىر ئاغرىق فەقىرنى هاكىمى سادىق،
دەۋا بولغاي ساڭا تەرياق ئالىشتۇرغان زەھەر سۇلتان.

گەھى فەرياد ئېتىپ مەشرەب ئوقۇيدۇرسەن هۇ ـ هۇلاپ،
كەرەشمەڭ بىرلە يولدىن ئازغۇرۇپ ئەلنى مۇرىد ئولاپ،
قىچىشسە... يېرىڭ تاكى مۇرىدلار ئۇلاشىپ كولاپ،
باشىڭ كەتمىش ئىدى بەگلەر كىرىپ ئامبانلارغە بولاپ،
ئاران قۇتقاردىلار هاكىم بېگىم شەفقەت بىلەن زولاپ،
كېسلمەك كۆن بەلەند ئولسە دەرەختى بىسەمەر سۇلتان.

قىغانىڭ ناگەھى بۇلبۇل، خىرامىڭ جىلۋەئى تاۋۇس،
مەقالىڭ قىسسەئى تۇتى، كەلامىڭ نەغمەئى قەقنۇس،
ئۆزۆڭنى چاغلامىشسەن گۇيىيا سۇلتانى كەيكاۋۇس،

① ئەسلى قول يازمىدا بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

ۋە لېكىن سەندە يوق شەرمۇ ھەيا يا نەڭ ئىلە نامۇس،
ئەگەر سەن دۇختەرى مەھمۇد مەن ھەم سايەئى فىردەۋس،
كۆرۈپمەن يۈز تۈمەنمىڭ تاج دۇرر زەررىن كەمەر سۇلتان.

قىيا كۆز بىرلە باقتىم سەندە كۆردۇم رەڭگى دىگەر ھال،
كىتاب ئالدىمۇ ئىقبال فىئلى ئەتۋارىڭدىن ئاچتىم فال،
ئەلاماتى قىيامەت چىقتى ئەي ھەمشىرەئى دەججال،
قارا قىلمە بۇ يەڭلىغ فىسقى بىرلە نامەئى ئەئمال،
نەدامەت سۇد قىلماس، قولدايالماس ئوسمە بىرلە خال،
كېتەرسەن جۇرم ئىلە بۇ نەۋئى فىننارى سەقەر سۇلتان.

قەسەمنا كۈنلەرىدە باغلاغان ئەھدىڭنى سىندۇرمە،
فۇسۇنۇ شيۋە بىرلە ياخشى يولدىن ئەلنى ياندۇرمە،
رەسۇل ئۈممەتلەرىنى ئازغۇرۇپ بۇ نەۋئ فەندۇرمە،
ئاتاسىدىن ئوغۇلنى، ئېرىدىن خاتۇننى تاندۇرمە،
تاپىپ بىر ئەرگە تەگكىل، كۆرگەن ئەلنى ۋەتنى قىلدۇرمە،
①..............................................................

ئەگەر دەئۋايى سۇلتانلىق قىلۇرسەن بول ئاگا بەندە،
ۋەيا ئەركەك قەلەندەر بول تىلەپ ئالتە پۇل چەندە،
نەچە مۇفلىسلارىڭ كۆرگەچ دىماغىڭ تۇتماغىل گەندە
يېتەر بىر كۈن قەزا ئاخىر يۈرۈرسەن ئاقىبەت ئاندە،
يېتەر سەندىن مۇرىدلار قولدا يالماس مەشرەبى خەندە،
بولۇپ شەرمەندە گۈنەگۈن ئوقۇبەتلەر يېتەر سۇلتان.

يۈزۈڭ پوشىدە تۇتغىل ئىزدەگىل ھەقنىڭ رىزاسىنى،
ھەمىشە چەكمەگىل بىگانەلەرنىڭكى ئىزاسىنى،
ئەدا قىل ھەر كېچە يىغلاپ نەمازىڭنىڭ قەزاسىنى،
جەھان ئەھلىغە قوي بۇ فانى دەۋران ماجەراسىنى،
ئەمەل قىل ئاڭلا بۇ شورىدە بۇلبۇلنىڭ نەۋاسىنى،
كېرەكتۇر تۇشەئى ئېرمەس ساڭا مەشرەب ھۈنەر سۇلتان.

سېنى ئەۋۋەل سىتايىش ئەيلەدىم كۆپ بىلمەدىم قەدرىن،
شۇبۇ يەلدا بىلەن تۇتتۇڭ بەرابەر لەيلەتۇلقەدرىن،

① ئەسلى قول يازمىدا بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

شۇئائى بەرق ئىلە بىر كۆردۇك شۇئىلەئى بەدرىن،
مۇزەھەب خىشىت ئىلە قىلماي تەفاۋۇت ھارەئى شۇدرىن،
قويۇپ قۇلىلۇقنى ۋەرزىش ئەيلەدىك مەشرەب بىلە سەدرىن،
قاچان تائەت بىلەن غەفلەت بەرابەر خەيرى شەر سۇلتان.

قاچاندىن خاجە بولدۇك، كىم ئىدىك ئەۋۋەل دىگىل زاتىك،
قەنى كىمدۇر گۇۋاھىك بارمۇ سەيىيدلىككە ئىسپاتىك،
گۇۋاھدۇر تەلبەئى مەجنۇن تۇغۇلغەنە بارچە ئاياتىك،
يېتەر ھەردەم فەلەككە خەندەئى ھەيھاتۇ ھەيھاتىك،
بۇ بەدكىردارلىق كارىڭغە باقسە ھەيغدۇر ئاتىك،
يۇرۇشۇك قانجىق ئىتتەكدۇر كۇنىدۇر لاجۇۋەر سۇلتان.

ئوقۇدۇك ئىلمى نارىنجاتنى باشتىن ـ ئاياغ راسلاپ،
ھەممە ئەزالەرىڭنىك مويىنى ئايىنەدەك داسلاپ،
بوياغچى، ئاتقۇچى، بۆزچى، تۆمۇرچى قالدىسى قاسساپ،
ئىشىك مونچاقى ئادرەسمان قۇرۇق قامغاق بىلە ئىسلاپ،
ۋەفا كۆز تۇتىلار سەندىن خەلىپەم قىلدىلار داسلاپ،
سىنىك كارىڭغە ھەيراندۇر ھەممە خەلقى شەھەر سۇلتان.

كەل ئەمدى ئەي پەناھ دىگەر قىچقىرغىل ئەيىيۇھەنناسى،
كىشىكىم قىلسەلەر سۇلتان ئىسملىغ لەندىگە ئىخلاسى،
بىسارماخان ۋەيرانلىق يېتەركۇن ـ كۇندىن ئىفلاسى،
بۇ لەندىنىك فىغانى مىسلى شەيتاننىڭكى ۋەسۋاسى،
ئۆزى مانەندى خەنناسى ھەمـە ئىللەتدە سەنناسى،
شەياتىن خەيلىدىن بولغان ئەمەس ھەرگىز بەشەر سۇلتان.

تۇشۇپدۇر قايسى كۆكدىن ئۇنمەگەن بۇ يەردە بۇ مەررە،
ئۆزىن خۇرشىد چاغلايدۇر كۆرۇپ كەينىدە مىك زەررە،
خەلايىق قىلسە كۆپ ئىززەت بولۇپ ئالدىغە غەررە،
باشىڭغە ئەررە لازىمدۇر ئۇچاڭغە كۇندە يۈز دەررە،
ھەجايى خوك سەن بولساڭ ئەگەر چەندىكى كوبەررە،
سىنى سەگسار ئېتەر ئېردى ئەگەر بولسا ئۇمەر سۇلتان.

گۇياتماي يا بۇبى بولساڭ لۇۋلى كۆپ بىچارەلىك چەكمە،
ھەيا يوق بى نۇقتىسىز لۇۋلى دۇررۇ دۇشۋارلىق چەكمە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەلدۇر نۇقتەسى قىلماي ئەمەل ئەۋۋارەلىق چەكمە،
مۇسەللەم تۇت بىرىن ھەريەردە مۇنداغ خارلىق چەكمە،
ھەمىشە ئاي - يىل غەۋغايى بەدكىردارلىق چەكمە،
سېنىڭدەك ئۆتتى ئۆي بۇزدۇرمادى ئالەمدە بىر سۇلتان.

قىسەند ئولماس نەدامەت سۇد قىلماس ئاندا ئەي لەندى،
مۇسۇلمانلارنى يولدىن ئازغۇرۇپ فەندۇر ماغىل ئەمدى،
بەسى يولدىن چىقاردى خەلقنى بۇ لۇۋلىنىڭ فەندى،
ئوقۇيدۇر گۇنەگۇن مەشرەپ ئىچىپ كۆك چاي بىلە كەندى،
ئانىڭ دامىغە ئەي قۇش تۇشمەگىل بولساڭ خىرەدمەندى،
فوسۇن دامىن قۇرۇپ ھەر كىمگە بىر تەدبىر ئېتەي سۇلتان،

سەن ئۆز ھالىڭغە گۇل بولساڭ فەقىر ھەم بۇلبۇلى گۇيا،
ئەگەر سەن دەشتى سەن بىل ئۆزگەنى ھەم مەۋجلىغ دەريا،
مېنى مەجنۇندىن ئەفسۇن بىل ئۆزۈڭنى چاغلاساڭ لەيلا،
كۆرۈبدۇر قەريەۋۇ قەلئە زىيىبدۇر تاغ ئىلە سەھرا،
سېنىڭ سۇلتانلىقىڭدىن بۇ تەبارى تەلبەنى پەيدا،
ئېرۇرگەرسەن يۇھى ئايا ئەژدەھايى سەبقى سەر سۇلتان.

لىباسى ئارىيەت بولغاي بىلۇرسەن بۇ جەھان فانى،
سېنىڭدەك نەچچە گۇللارنى توزۇتقان دەھرى بوستانى،
مېنىڭدەك نەچچە بۇلبۇللارنى كۆيدۇرگەن گۇلىستانى،
نەسىھەت ئاڭلا مەندىن ئوخشەدۇر ئايىنۇ دوستانى،
①.......................................................
ئەمەس ھېچكىمگە باغى ھەشمەتى جاۋىد سۇلتان.

قىلىپ قۇللۇقنى سۇلتان تۇت، كۆڭۈلنى بارچەدىن كەم تۇت،
كۆزۈڭنى كېچە لازىم تۇت، ئۆزۈڭنى شاد - خۇررەم تۇت،
جەمئىي خەلقدىن رەم تۇت، خۇدانىڭ بۇيرۇغىدىن ھەم تۇت،
بولۇپ جەننەتكە داخىل بەئەزىن ئۆزۈڭنى بىغەم تۇت،
جەھاندىن مۇنداغ ئۆتسەڭ كۇندە ئۆز ھالىڭغە ماتەم تۇت،
نە بۇلبۇلدىن نىشان قالدى، نە گۇلدىن بىر ئەسەر سۇلتان.

① ئەسلى قول يازمىدا بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

ئۆزىن دەرۋىش تۇتقانلارغە تەسلىمۇ رىزا لازىم،
ئېرۇر مەشرەبكە بىهاجەت ئاڭا هەمدۇ سەنا لازىم،
ساڭا تەقۋا كېرەك مەستۇرەلىك بىرلە هەيا لازىم،
باشىڭغە چادىرى ئىسمەت لىباسىڭغە قەبا لازىم،
بۇ يەڭلىغ فاهىشە ئىشلارنى قىلماقدىن ئىبا لازىم،
ياتارسەن ئاقىبەت بۇ كۆن تارلىكدىن جۇدا سۇلتان.

خۇدانىڭ قۇللۇغىن بىرلەن خىرامىڭنى خىرامان تۇت،
ئانىڭ يادى بىلەن [هەر كۆن] ئۆزۆڭنى شاد خەندان تۇت،
بۇ فانى باغ ئارا بىرنەچچە كۆنلۆك ئۆزنى مېهمان تۇت،
هەمىشە قىلما بىفەرمانلىق ئەمدى هەقغە فەرمان تۇت،
بولۇپ سابىت قەدەم قۇللۇقدا ئۆزنى ئەمدى سۇلتان تۇت،
جەهانغە نەچچە سەندەك كەلدى ـ كەتدى بىپەدەرسۇلتان.

رەسۇلىللاهنىڭ ئۇممەتلەرىغە قويما مۇنداغ دام،
ئەگەر كامىڭ ۋىسالى يار بولسە ئالمە ئەلدىن كام،
ئەگەر ئاشىق ئېسەڭ ئۆي ئىچرە تۇتغىل ئۆزنى بىئارام،
شەرىئەت بىرلە بولغىل خەلق بىرلە چەكمەگىل بەدنام،
نېتەرسەن هەر كېچە بىگانەلەرنىڭ بەزمىدە ئەي خام،
ئۇياتسىز بىهەيا قاشىقاقلىقىڭدىن ئەلهەزەر سۇلتان.

ئەگەر ئاشىق ئېسەڭ مەستۇرەلەر رەسمىنى ئادەت قىل،
خۇدايىڭ هەرنە بەرسە شۆكرى، سەبرى، قەنائەت قىل،
ئۆزۆڭ شامۇ سەبا هۇشيارلىغ بىرلە ئىبادەت قىل،
هەۋايى نەفس، شەهۋەت ئۆزە قىلسە سەبرى تاقەت قىل،
ئۆزۆڭنى پاك ساقلاپ ئەلنى تائەتغە دەلالەت قىل،
قۇيۇندەك بولماغىل هەر يەردە مۇنداغ جىلۋەگەر سۇلتان.

ۋاڭخۇلەنىڭ مۇخەممەسىنىڭ بەيانىدۇر

ۋاڭخۇلە ئىشقى شور ـ شور باشلادى ئىبتىدا بۇ يىل،
.سىزگە بولمادى بۇ مەيل يىلداقى دىلبەرا بۇ يىل،
سالدى فىراق ئوتىغە يىلداقى كۆپ جەفا بۇ يىل،
كويىغە ئىشق خەيالنى ئەيلەدى ئىنتىزا [ر] بۇ يىل،
..................................................

ۋاگخۇلە ۋەسفىنى دېدىم دەردىگە پايلاماسلىقىم،
يار كويىغە كىرگەلى ھەددىن ئاشىپدۇر گاسلىقىم،
باشىم چىقتى ئىشقىنىڭ تەختىنى ئاگلاماسلىقىم،
ئاشىقىنكىم، گەدانىكىم دەردىنى چاغلاماسلىقىم،
يار كۆرۈنمەگەچ ماڭا ئىشقىدە مەن گەدا بۇ يىل.

ۋاگخۇلەنىڭ سەيرىسى بولدى تالاشلىغىنىنە،
چۈنكى رۇھىم، دىلىم ئىدى ھەرگىزكى قاياشلىغىنىنە،
باشدا كۆكۈلنى ئالغۇچە قىلدى يۇۋاشلىغىنىنە،
......................................................
كويىدا بىنەۋالارنىڭ قىچقىرىشۇر نەۋا بۇ يىل.

ۋاگخۇلە سەيرىگاھىغە بىرگىنە ئىختىيار قىل،
لەئلى لەبىڭ زەكاتىدىن ناشتەلىغ نىسار قىل،
باغلار [دا] گۈللار ئاچىلىپ سەبزەلەنى بەھار قىل،
سەبزەلەنى ئىختىيار ئېتىپ غەيرىنى زار - زار قىل،
ئوينايلى ۋەسلى باغىدا بۇرناقىدەك يانا بۇ يىل.

ۋاگخۇلەغە ھەر ھۇشىن چىقماسەمۇكىم خانلىقى،
قالمادى دوستىغە كىم بۇرناقى مېھرىبانلىقى،
نەچچە كۆرۈنسە دىلدا ئاچچىغى، تىلىدا تاتلىغى،
جانۇ دىلىم بىلەن سوراي كەلسە، كېلىپدۇر ئاچچىغى،
قالمادى دەردىغە كۆيمەگۈنچە جانى... بۇ يىل.

ۋاگخۇلەغەكى قاراي - قاراي، قالمادى ھېچ مەجالىمىز،
يەتمەدى باغرى تاشىغە مۇنداقى كۆرگەن ھالىمىز،
قويماسە ناز ئۇيقۇدىن، چىقماسە سەرۋى نازىمىز،
رەھمى كېلىپ كۆرۈنمەسە كىمگە بولۇر ۋەبالىمىز،
كۆبرۈك ئېتىپدۇر ئاللىدە يىلداقىدىن گۇنا [ھ] بۇ يىل.

ۋاگخۇلە ۋەسفىن ئەتكەلى دەرد ئىلە فىغان كېرەك،
ئاللىدا بولسە مەھۋەشى قىلغالى خەستە جان كېرەك،
چەككەلى ناخۇن ئاللىدا رۇستەمى داستان كېرەك،
تارىقە ناخۇن ئۇرغالى ئاشىقى بىگۇمان كېرەك،
ۋەسلىغە شۇكرىلەر قىلىپ تەگرىگە دەي سەنا بۇ يىل.

ۋاڭخۇله ئەممادی جەفاگىرگە كەلمەگەچ بۇ يىل،
بەرگىدە غۇنچە بولمادی ئۆزگەلی كەلمەگەچ بۇ يىل،
بۇلبۇلكی گۇڭگۇ لال ئېرۇر، گۈل يۈزی كۆرمەگەچ بۇ يىل،
ۋاڭخۇله [دۇر] قاراڭغۇ قىش، كۈن يۈزی كۆرمەگەچ بۇ يىل،
ئىككی جەهان بولۇر خەراب، سورمادی دادخا [ه] بۇ يىل.

ۋاڭخۇلەنىڭ ئىشقىنی خوب بەرمەسە ئەگەر خاكىدىن،
يا پەرىلەر مەكانىمۇ، ئۆچتی كۆزۈم قاراغىدىن،
هەر سالسە جىلۋەسی ئىلە ئوت چىقارۇر ئاياغىدىن،
مۇندا قەری كۆرۈنمەگەچ نەچچە يىل ئۆتتی چاغىدىن،
هۇردىمىكىن، پەرىمىكىن جانغە كۆپ جەفا بۇ يىل.

شەهری ماچىن ئىچىدىن مەن ئاشىقی بىنەۋا ئۆزۈم،
هەر كىشی ئىشق يولىدا، يۈرەك ئاڭا فىدا ئۆزۈم،
مەشهۇر بو[ل] تەرەههۇم ئەت يازۇقۇمە گۇۋا[ه] ئۆزۈم،
①..........................................................
[يىر] اقداقی بىۋەفانی دەپ بولدی [بىزگە] جەفا بۇ يىل.

× ×

بىلىڭ، ئەي دوستلار، ئىگنىمدەدۇر دىۋانە مەن يەڭلىغ،
كۆرۈڭ، بارمۇ مەلامەت ئەهلىغە ئەفسانە مەن يەڭلىغ؟
قەنی هىجران شەرابىدىن ئىچىپ مەستانە مەن يەڭلىغ،
كىم ئول كۆڭلی بۇزۇغ بۇ مەردىمی دىۋانە مەن يەڭلىغ،
بۇ رەڭ جەۋرۇ جەفا [لار] كىم ئېرۇر رىندانە مەن يەڭلىغ.

× ×

موللالارنىڭ يوق ئىلاجی ئىسقەتقە كىرمەكدىن بۆلەك،
..........................................................
كۆچدا رۇستەم، پۇلدا قارۇن بولسە، ئالەمدە ئېرۇر،
ئاقىبەت چارەسی يوق گورغە كىرمەكدىن بۆلەك.
دەريا سۈيی مەۋج ئۇرادۇر يازی بولسە چايقالىپ،
كۆز بۇلاچە يوق ئىلاجی نۇرغە كىرمەكدىن بۆلەك.

① كۆپ چېكىت ئورنىدىكی مىسرا قول يازمىدا كۆچۈرۈلمەي قالغان،

قارچىغە ئاسماندا گەر شەيدايى مىكرى شاھباز،
قارنى ئاچسە يوق ئىلاجى تورغە كىرمەكدىن بۆلەك.
ئاق بېلىق دەريادا سويلايدۇر، بۇدۇرنان ھەر تەرەف،
بارا ـ بارا چارەسى يوق چورغە كىرمەكدىن بۆلەك.
چاقماقى شۇئلە ئوتى ساچىپ قاراڭغۇ تۇن ئارا،
ئوت بولۇرغە يوق ئىلاجى قورغا كىرمەكدىن بۆلەك.
نان پىشار بولسە تونۇردا ئوت ئەيلەپ تاب ناك،
ناگەھان يوقتۇر ئىلاجى شورغە كىرمەكدىن بۆلەك،
خاھ گەدا، خاھ پادىشاھ بولسە بۇ دۇنيادە تىرىك،
ئاخىرى چارەسى يوق گورغە كىرمەكدىن بۆلەك.
ئاخىرى مەنزىل ئۇشۇلدۇر، ئۆلمەگۈنچە چارە يوق،
مانتۇلارنىڭ يوق ئىلاجى ھورغە كىرمەكدىن بۆلەك.

### موللا نىياز ئاخۇندنىڭ توينىڭ ۋاقىئەلەرنى ھەجۋى قىلغانلارنىڭ بەيانى

يەتىپدۇر ھەم يىگىرمە ئۈچكە ياشىم،
قاتىپدۇر غەم بىلە بۇ خەستە باشىم،
يۈرۈپمەن نەچچە كۈن ھەسرەت بىلە بوي،
قىلىپ ئېردىم بۇ ئۆتكەن ئەرتەياز توي.
تاۋار مەشرۇھ ئۆتۈك ھەم ئاشقە تۈردى،
ماڭا ئالتە قەرى ھەم ئۇشتە قويدى.
دادام بىرلە ئانامغە چاسۇ ياغلىق،
قويۇپدۇر ئۆزگەگە يانچۇقغە چاغلىق.
قىلىپ توينى بۇ يەڭلىغ ئۆيگە ياندىم،
دېدىم كۆڭلۈمدە خاتۇنغە ئۇلاندىم.
خاتۇنۇمغە ئاناسى ئۆرگەتىپ سۆز،
بۇگۈن كەلسە ئېرىڭگە سالماغىل كۆز.
قەيىن ئانام ئەزازىلدىن زىيادە،
ئانىڭكى ئالىدا شەيتان پىيادە.
خاتۇنۇمغە ئاناسى ئۆرگەتىپ سۆز،
خاتۇنۇم سالمادى بارسام ماڭا كۆز.
چىرايلىغ سەن، ئېرىڭ ئەسكى مىيانە،
دېمىش كەلسە تۇتۇپ سوق تازىيانە.
ئاناسى ئۇشبۇ يەڭلىغ ئۆرگەتىپ سۆز،
بۇگۈن كەلسە ئېرىڭگە سالماغىل كۆز.

قاتىپ بەرمەي خوتۇنۇمنى ئاناسى،
يامان ئىكەن خاتۇنىنىڭ بىھەياسى،
يىغىپ ئۆيگە يەنە ياش ـ ياش ئوغۇلدىن،
باشى ئات باش، ئاياغ غوڭرات مۇغۇلدىن.
بۇلار بىرلە ئىچىپدۇر ھەر كېچە مەي،
چالىپ بەربابۇ دۇمباق داف بىلە نەي.
مەنى بارسام تۇتۇپ سوقماقغە تۈردى،
تاياق راستلاپ بولۇپ توخماقغە تۈردى.
گۇۋاھدۇر ئۇشبۇ ئىشدا موللا تۇردۇش،
تاياق تۇشتى ماڭا بىرنەچچە بىر مۇش.

× ×

ئۆزۈم بىيۇە ئاجىز سەرىغ يازىدىن،
قالىپ خارلىقغە مەن فۇلۇم ئازىدىن.
يىگىرمە ئىككى يىل بولدى بىر ئۆيدە بىز،
بالام بار ئىدى ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىز.
فەقىر ئەسكىلىك بىر گەدايغە تېگىپ،
خوتۇن قىلدى بوينۇمنى ئانچە ئېگىپ.
تىجارەت قىلىپ ئىشلەدىم روزى ـ شەب،
كېچە ياتمادىم ئانچە ھەقدىن تىلەپ.
كى ياز بولسە ئىشلەپ قاپاردى قولۇم،

www.uyghurkitap.com

تاغارغا كىلۇر ئىدى تاپقان پۇلۇم.
تويۇپ قارنى ئاشقە ئىگىنگە تەنى،
قەرى دەپ بۇ كۈندە چىقاردى مەنى.
دېدى: «ئەي قەرى [بۇ] سەقالىڭغە باق،
كى سەندە سەقال يوق باشىڭ بولدى ئاق.
تىشىڭ ھەم تۈشۈپدۇر بولۇپ سەن قېرى،
ئىشىڭ يوق سېنىڭ چىقىپ كەت نېرى.
مېنى زۇلم بىرلەن چىقاردى قويۇپ،
ئالىپ قالدى تاپقان پۇلۇمنى سويۇپ.
قىلىپدۇر مېنى كوھنە مازدەككىنە،
چىقاردى مېنى سويغان پىيازدەككىنە.
ئاغىر بولۇپدۇر مېنىڭ قۇرساقىمدا بالام،
كۆيۈشلۈك دادام يوق ئىدى يا ئانام.
بۇ گەدايغا تەككەندە مەن ياش ئىدىم،
چىرايلىغ ئەجايىب قەلەم قاش ئىدىم.
بىجىقىم مېنىڭ توم قىزىل ئالمادەك،
ئۇۋاپ تاشلاپ ئەتتى مېنى چالمادەك.

## مۇھەببەتنامەئى بۇ تۇرۇرلار

بەيان ئەيلەدىم ئەرزى ھالىم خېنىم،
مېنىڭ قالمادى ئەمدى ھالىم خېنىم،
فەلەككە يېتىشتى فىغانىم خېنىم،
ساڭا يەتمەدى ئۇشبۇ ئاھىم خېنىم،
تۆگەندى فىراقىڭدا جانىم خېنىم.

تىلەيمەن سېنى تەڭرىگە يالبارىپ،
تاپالماي ئىلاجىمنى تۇردۇم ھارىب،
كى سەنسىز شەھەر ئىچرە بولدۇم غەرىب،
يۇرۇرمەن چېكىپ ئاھنى سارغەرىب،
كى تەبرەنگۈچە يوق مەجالىم خېنىم.

بۇ جاننى نېتەي سەنسىز ئەي ماھرۇي،
ساغىنىدىم سالادۇر دىماغىمغە بوي،
يىغى - نالەدىن ئۆزگە يوق مەندە كۈي،
ئەلەم - قايغۇ بىزگە، خەلايىققە توي،
مېنىڭ يوقتۇر سەبرى قارارىم خېنىم.

فىراقىڭ ماڭا يۈزلەنىپ دەمبەدەم،
كېتىپ شادلىق يەتتى غەم ئۈزرەغەم،
كۆڭۈلگە يېتىپ قايغۇ جانغە ئەلەم،
نېتەي قالمادى ئەمدى ئاغزىمدا نەم،
رەفىقىم مېنىڭ غەمگۇزارىم خېنىم.

كى چۈن چارە يوق ھەر نەچە يىغلاسام،
كىيىپ جەندە بەلگە كەمەر باغلاسام،
كى ئۆلگەي ئىدىم ئەۋۋەلى ئاڭلاسام،
بۇ ئىشدىن ئۆلۈم ياخشىدۇر چاغلاسام،
خېنىم مۇنىسىم تاجدارىم خېنىم.

خېنىم يىغلاماي ئەمدى تۇردۇم باقىپ،
تۆگەندى فىراقىڭدا جانىم چىقىپ، ①
ياتۇرمەنكى سىينەمنى يەرگە ياقىپ،
قاراردى كۆزۈم بوينۇڭغا باقىپ،
كۆڭۈلنىڭ [ئۆيىدە] چىراغىم خېنىم.

كېتىپسەن قويۇپ بۇ جەھان مۈلكىنى،
كى چىقماس بۇ دەردىم قىيامەت كۈنى،
نېتەي داغ ھەسرەتدە قويدۇڭ مېنى،
①..............................
كۆڭۈلنىڭ خۇشى مېھرىبانىم خېنىم.

---

① ئەسلى قول يازمىدا «چىقىپ» دېگەن سۆز «خېنىم» دەپ يېزىلىپ قالغان.
② ئەسلى قوليازمىدا بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

سېنى ئىزدەبان مەن نە يەردىن تاپاي،
كى دەشتى بەيابىننى ئىزدەپ باقاي،
باقىپ قىچقىرىپ ھەر تەرەفكە چىقاي،
ۋەيا ھەجر دەرياسىدا مەن ئاقاي،
كى شەمشاد سەرۋى رەۋانىم خېنىم.

چەمەن ئىچرە گوياكى ئەنبەر گۈلۈم،
ھەمە گۈل ئاراسىدەكى خۇشبۇيۇم،
ئۆزى ئاقىلۇ بارچەدىن خۇش خۇيۇم،
سېنى ياد ئېتىپ يىغلاماقدا كويۇم،
ھەمىشە تاپىشسام خەيالىم خېنىم.

دەرىغا مېنىڭ سەن ئىدىڭ دەۋلەتىم،
كى ھەددىن ئاشىپدۇر مېنىڭ فۇرقەتىم
مۇڭا يوق چىدارغە مېنىڭ تاقەتىم،
ئىشىم يوق كىشى بىرلە ھەم ئۈلفەتىم،
ئېرۇر سەندە پىكرى خىيالىم خېنىم.

فىراقىڭدە ئەمدى قاتىپدۇر باشىم،
كى سەندىن بۆلەك يوق ئىدى مۇڭداشىم،
كى دەريا سۈيىدەك ئاقادۇر ياشىم،
فەلەك چەرخىدەك چەرخ ئۇرادۇر باشىم،
مېنىڭ ھەم گېپىم رازدارىم خېنىم.

نېتەي يىغلاماي ئوتنى ياقتىڭ يامان،
چىرايىمنى قىلدى فىراقىڭ سامان،
سېنى مەن ساغىنسام بارايىن قايان،
قىلاي ئەرز ھالىمنى بىر-بىر بەيان،
مېنىڭ دەۋلەتىم مېھمانىم خېنىم.

فىراقىڭ مېنى ئۆرتەدى ۋاي-ۋاي،
بۇ ھىجران بەلاسىغە قايداغ چىداي،
ئۆزۈم كىمگە دەي مەن نەيەرگە باراي،
بۇ دەردى فىغانىمنى كىمدىن سوراي،
بۇ كۈندە مېنىڭ يوق ئىلاجىم خېنىم.

مېنى تاشلادىڭ ئەمدى كۆزنى سالىپ،
ماڭا سۆزلەمەيسەن قايىداپ قالىپ،
نە دەپ رەھم قىلمايسە ھالىم بىلىپ،
ئەجەب يىغلاتىپ خۇشمۇ غەمگە قالىپ،
جانىم راھەتى غەمگۇزارىم خېنىم.

فىراقىڭدا ھالىم بولۇپدۇر خەراب،
يۈرەك بىرلە باغرىم ئوتۇڭدا كەباب،
قىلىپ رەھم قىلغىل بۇ ھالىم سوراپ
ئاقاردى كۆزۈم يولىڭىزغە قاراپ،
ۋەفادارلىغ مېھرىبانىم خېنىم.

× ×

سەن ئەمدى يەنە مەنى ئۇنۇتتۇڭ،
مەن بىيۋەنى كۆيدۈرۈپ قۇرۇتتۇڭ،
كۆيگەندە ساڭا كىچىك ئىدىم مەن،
بىر رەھم قىلۇرمىكى دېدىم مەن.
رەھم ئەيلەمەدى فەقىرغە قىلچە،
مەن كۆيگەلى بولدى ئالتە يىلچە.
ھىجران قىلىچى سۆڭەككە يەتتى،
ئەمدى ئوتىڭىز يۈرەككە يەتتى.
كۆيدۈم ئوتىدا بۇ خانلارىمنىڭ،
ئەمدى نە ئىشى بۇ جانلارىمنىڭ.
شەھەرگە كىرىپ قاچىپمۇ باقتىم،
تاشىدا مۇدۇرۇپ، سۇغەمۇ ئاقتىم،
دەريادىن ئۆتەردە قايدى باشىم،
باشىمنى يۆلەرگە يوق ئاداشىم.

**مۇھەببەتنامەئى بەيت**

لەختالىق مەندىن ئۆتتى، ئەي نىگار، دەردى بىرلە نالە ئەيلەپ بىقەرار،
سەندىن ئاجراتتى مېنى پەرۋەردىگار، كىمنى كۆرسەم «ئاھ» دەپ بىئىختىيار.
روز-شەب يىغلاپ يۈرۈرمەن زار-زار،

ئول كۇنكىم يولغا چىقتىم خۇبلاشىپ،
ئۆيگە كەلدىم دەشتۇ سەھرالار ئاشىپ،
بارچە ئالەم خەلقى كەلدى چۇلغاشىپ،
يىغلاسام ھالىمغە ئول ھەم يىغلاشىپ،
ئول ئەمەس گويا كۆزۈمگە تىيرە غار.

بۇ رەفىقىم ھەر قايان بارسام غەرىب،
يەرگە باغرىمنى ياقىپ يىغلاپ ھارىپ،
گاھى بارغان يەرلەرىگە ھەم بارىپ،
يىغلاماقدىن ئۆزگە ئىش يوق سارغارىپ،
ئەمدى بۇ ئالەم كۆزۈمگە تەڭگۇ تار.

ئىشق ئارا ئۆلمەككە يەتتى ھالەتىم،
كۆيدى ئەقلۇ ھۇشۇ سەبرۇ تاقەتىم،
بولدى كۇن - كۇندىن زىيادە فۇرقەتىم،
سەندىن ئۆزگە ھىچ كىشىم يوق مەن يەتىم،
قىل يەتىمگە رەھم، ئەي كۆزى خۇمار.

ھالىمە رەھىم ئەت، خۇدانى چوڭلاساڭ،
ساڭا رەھىم ئەتكەي باشىمنى ئوڭلاساڭ،
نەچچە ياللبارغانچە مۇزدەك توڭلاساڭ،
قايدا بارغۇم دەرگاھىڭدىن قوغلاساڭ،
كىمنىڭ ئىشىكدە بولايىن خارۇزار.

كۆزلەرىمدىن قان بولۇپ ئاقتى ياشىم،
ئەمدى تاشدەك قاتتى بىر قاتغان باشىم،
ئەرز - ھالىم ئايغالى يوق ھىچ كىشىم،
سەندىن ئۆزگەلەر بىلە يوقتۇر ئىشىم،
بارچە ئەھۋالىم خۇداغە ئاشكار.

يار باقماس بولسا مەن ئۆلمەي نىتەي،
ئاقىبەت مەنزىل ئوشۇ ئاندا كىتەي،
ئۇشبۇ دەردىم بىرلە مەنزىلگە يىتەي،
روزى مەھشەردە خۇداغە داد ئىتەي،
شاھى ئادىلدۇر ئىگەم شايەد سورار.

دوستلار ئۆلسەم يارىمنىڭ داغىدا،
دەفنە ئەيلەڭ يولىنىڭ تۇفراغىدا،
دەپسەسۇن قەبرىمدىن ئۆتكەن چاغىدا،
ئەمدى قارۇلدۇم ئۆزۈمنىڭ ياغىدا،
ئەيب ئەمەسدۇر ئىشق ھەجرى بولسا خار.

مەقسۇدۇم، شاد ئولغۇسى رۇھۇم قۇشى،
تۇرفە مۇشكىلدۇر بۇ ئاشىقلىق ئىشى،
مەن ئۆزۈم ئۆزۈمگە زۇلم ئەتكەن كىشى،
سالدى بۇ كويغە فەلەكنىڭ گەردىشى،
......

بولمادى كۆڭلۈم مىنىڭ جانان بىلە،
ۋەسىل بولماي كەتسە جانۇ جان بىلە،
كەتكۇسى ھەسرەتلەرۇ ئارمان بىلە،
روزى مەھشەردە قوپار ئەفغان بىلە،
قىل ھەزەر بىر كۇن مىنىڭ ئاھىم تۇتار.

ئەي مۇسۇلمانلار يارىمغە ياللبارىڭ،
مەن يەتىمنىڭ بويىندىن باغلاپ بارىڭ،
زەخمىلىغ كۆكسۈمنى رەھىم ئەيلەپ يارىڭ،
بىر يولى كۆڭلۈمنى غەمدىن قۇتغارىڭ،
ئۆزگە ئۆز قەسد ئەتكۇسىدۇر نابكار،

ئول قۇتۇلسۇن نالە - زارىمدىن مىنىڭ،
مەن قۇتۇلغۇم جانى زارىمدىن مىنىڭ،
بىر خەبەر يەتكۇرسە يارىمدىن مىنىڭ،
..............................................
ئاڭلايىن ئاندىن قىلايىن جان نىسار،

ئەللاھ، ئەللاھ! بۇ نە كۇندۇر بۇ نە ساچ،
كۆزلەرى جان ئالغۇچى، ساچ بىر غۇلاچ،
مەن يەتىمنى يىغلاتىپ تاپماس رەۋاج،
بولسا يارىمنىڭ باشىدا گەرچە تاج،
ھەم يەتىمدۇر، ھەم غەرىب، ھەم ئىلمى بار،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇغماغاي ئېردى ئانام ھەم كاشكى،
كەلمەسەم ئېردى بۇ يەرگە كاشكى،
يا سېنى مەن كۆرمەس ئېردىم كاشكى،
كۆرمەسەم ئېردى يۈزۈڭنى كاشكى،
تارتماغاي ئېردىم بۇ يەڭلىغ ئىنتىزار.

ئاھ ئۇرۇپ، يىغلاپ يۈرۈپ ئۆتكەن كۈنۈم،
نەچچە قىچقىرسام ساڭا يەتمەس ئۈنۈم،
ھەم قاراڭغۇ ھەم ئۇزاقدۇر ھەم تۈنۈم،
يىغلاماقتىن ئۆز [گە] چىقماس ھىچ ئۇنۇم،
ئىككى يۈزلۈك، تاش باغىرلىق بىۋەفا.

دەردى بۇ باغرىمنى بەريان ئەيلەدى،
كۆزلەرىمنى ھەجرى گىريان ئەيلەدى،
ئەمدى فۇرقەت تۇرفە ھەيران ئەيلەدى،
كۆڭۈل ھەيران، خانەۋەيران ئەيلەدى،
نالە قىلماقلىق ئىشىم لەيلۇ نەھار.

مېنى رەسۋا ئەيلەگەن كافىر بەچە،
ئەيىش ① ئىلە ئۇيقۇلايدۇر ھەر كېچە،
ئەمدى مەن سەندىن بۆلەكنى كۆرگۈچە،
يۈرمەسەم يادىڭدا تا مەن ئۆلگۈچە،
شاھ يادىدا يۈرمەسەم [مەن] خارۇ-زار.

ئەي خېنىم قاشىمدا بىردەم ئولتۇرۇڭ،
ئەرز ئېتەي ھالىمنى ئاندىن ئۆلتۈرۈڭ،
ئۆلتۈرۈپ جىسمىمنى ئوتقە كۆيدۈرۈڭ،
كۆيدۈرۈپ كۈلۈمنى كۆككە ساۋۇرۇڭ،
ئاندىن ئەيلەي خانىمانىم تار - مار.

چۆلدە چۇغدەكدەك ياتارمەن چۇلغاشىپ،
كۆلدە ئۆردەكدەك باشىمغە بۇلغاشىپ،
ئوتقە تۇشكەن قىل مەسەللىك تولغانىپ،
نالىشىمدىن ئۇيقۇلۇغلار ئويغانىپ،
جۇي قىلدىم قان باشىمدىن لالە-زار.

نې قارا كۈن تۇشتى باشىمغە مېنىڭ،
تەگدى بولغاي كۆز قاياشىمغە مېنىڭ،
ئاڭلاسام نې كەلدى باشىمغە مېنىڭ،
نې بولۇر بىر كەلسە قاشىمغە مېنىڭ،
بىۋەفا يارىم مېنى قىلسە شىكار①.

يارنىڭ پەرۋايى يوق قان يىغلاسام،
غەم يېمەس ھەرگىز بارىپ جان يىغلاسام،
يارنىڭ ئالدىدا چەندان يىغلاسام،
ئول كېلۇرمۇ زارۇ ئەفغان يىغلاسام،
مەن ئاڭا يارۇ ئانىڭ ھەم يارى بار.

گۈل يۈزۈڭنى كۆرمەدىم گۈلباغ ئارا،
مەن ئانىڭ قەدرىنى بىلگەن چاغ ئارا،
چەرخى كەج رەفتار قويدى داغ ئارا،
يارنىڭ ۋەسلىدە ئېردىم تاغ ئارا،
بۇ قارا كۈنلەرگە سالغان روزگار.

تاشقە ئۇرسام باشىمنى دەمبەدەم،
غەم ماڭا، يارىمغە يوقتۇر زەررە غەم،
ئەللاھ، ئەللاھ! بۇ نەچۆك زۇلمۇ سىتەم،
يوقنى بارۇ، بارنى يوق قىلغان ئىگەم،
ھەرنە قىلساڭ قۇدرەتىڭ قىلماقغە بار.

ئەي مېنى سەرگەشتە زار ئەتكەن كۆڭۈل،
تەلبە ئەيلەپ، تەلبە سۆزلەتكەن كۆڭۈل،
يارنىڭ مىئادىغە يەتكەن كۆڭۈل،

---

① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «ئەرش» دەپ يېزىلىپ قالغان.

① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «ئاشكار» يېزىلىپ قالغان. مەنە ۋە ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن «شىكار» ئېلىندى.

ئەي مېنى تاشلاپ ئۆزى كەتكەن كۆڭۈل،
قوي مېنى، ئەي جان، سەن ھەم ئاندايار.

يارغە يىغلاپ ئايتغىل بەندەلىك،
يارى بولسۇن شادۇ خۇررەم خەندەلىك،
رەھم ئېتىپ بەرسۇن [ماڭا] بىرجەندەلىك،
ھەق تەئالاغە قىلايىن بەندەلىك،
بەندەدۇرمەن، بەندەسى، نې ئىختىيار.

جەندەسىز دۇرمەن قەلەندەردەككىنە،
ئۆرتەنۈر جانىم سەمەندەردەككىنە،
يىغلاسام كۆڭلۈمدە دەمدەردەككىنە،
جۆرەسىندىن ئاجراغان نەردەككىنە،
كۆزلەرىمنىڭ ياشى چۇن ئەبرى بەھار.

سافىدىن خەم غۇنچەئى نەۋرەس ئىدىم،
تەلبە بولدۇم تەلبە ھەم ئېرمەس ئىدىم،
ھەجر ئاجىز قىلدى، بىر نەركەس ئىدىم،
ئاھكىم دەۋزەخكە تۈشكەن خەس ئىدىم،
ئاتەشى دەۋزەخدە خەس قايداغ چىدار؟

بىۋەفا يارنىڭ ئۇتى مۇشكىل ئىكەن،
ھەر نەفەس ئىشق ئەھلى [غە] مىڭ يىل ئىكەن،
ئاشىقى شامۇ سەھەر بىيدار ئىكەن،
ھەر بەلاغە سالغۇچى كۆز، تىل ئىكەن،
گاھى ھۇشى يوق ئىكەندۈك، گاھى بار.

ئەي مېنىڭ نازۇك نىھالىم قايداسىز؟
بىۋەفا، بىرەھىم، زالىم قايداسىز؟
زالىمۇ قاتىل يار خۇنخارسىز،
رەھمىڭىز يوق يا مەگەر كۇففارسىز،
سىزچە ئېرمەس بىۋەفا ئەھلى كۇففار.

ھەر گۇناھىكى قىلىپ مەن قىلمادىم،
تەۋبە، تەۋبە قىلدىمۇ مەن بىلمەدىم،
سەندىن ئۆزگەنى كۆزۈمگە ئىلمادىم،
مەن قاچان سىينەمنى غەمدىن تىلمادىم،
بولمىشام ئەلھەمدۇلىللاھ گۇل ئۇزار.

زەئىف ئىكەندۈك ئىشق ئوتىنىڭ شىدەتى،
مۇشكىل ئېركەن بىۋەفانىڭ فۇرقەتى،
يۈزدە نۇرۇم يوق، تىزدىمنىڭ قۇۋۋەتى،
ئەۋلىيالار، ئەنبىيالار ھۇرمەتى،
رەھم قىل مەن خەستەگە ئەي بىۋەفا.

پەستلەرنى ھەم بەلەند ئەتكەن خۇدا،
خارلارنى ئەرجۇمەند ئەتكەن خۇدا،
مەئشۇقۇم زۇلفىن كەمەند ئەتكەن خۇدا،
ھەم ئاڭا كۆڭلۈمنى بەند ئەتكەن خۇدا،
قىل مېنى شەيدا ئاڭا، ئەي شەھرىيار.

بۇ ئەجايىب بۇ نە كۈندۇر، بۇ نە ھال؟
تولان ئايدەك يۈزدە باردۇر ئىككى خال،
ئەي ئەجەل، قىلدىم بەھىل جانىمنى ئال،
ھەر ئوتىكىم مەندەدۇر يارىمغە سال،
قىل يارىمنى مەندىن ئارتۇق دىلفىگار.

گۇل ئىدى يارىم، فەقىر بۇلبۇل ئىدىم،
ئەمدى پىشتىم ئەۋۋەلا دۇمبۇل ئىدىم،
يارنىڭ شېرىن سۆزىگە قۇل ئىدىم،
يار ئايتۇر: «سەن تىكەن، مەن گۇل ئىدىم»
ھەمنشىن ئوتغە تۇتۇندەك، گۇلغە خار.

يار تاشلاپ ئاتسا مەن ئۆلمەي نېتەي،
باش ئالىپ چۆللەر سارى يىغلاپ كېتەي،
ئەمدى مەن دىۋانەئى ئۆلمەي نېتەي،
ئاھ خۇدا، ھەزرەتىڭە مەن داد ئېتەي،
يەتكەسەن ھالىمغە ئەي پەرۋەردىگار.

www.uyghurkitap.com

ياردىن ئايرىلغۇنچە ئۆلگەن ياخشىراق،
بەندى بەندىدىن بۆلۈنگەن ياخشىراق،
بۇ قارا يەرگە كۆمۈلگەن ياخشىراق،
ئۇشبۇ ئالەمدىن تۈگەنگەن ياخشىراق،
تەڭرى بەرگەن ئىلمنى قىلغۇنچە خار.

قاننى كىم يۇپدۇر جەھاندا قان بىلە،
خوپ بولۇرمۇ مېنى يىغلاتقان بىلە،
ئۆلتۈرۈپ ئىچىڭ ئەزىز ئەتغان بىلە،
ھەر قەزا جان ئالغۇچى فەرمان بىلە،
قىل ھەزەر بىر كۈن مېنىڭ ئاھىم تۇتار.

قايىسى تىل بىلە قىلاي ئەرزىم بەيان،
بارچە ئەھۋالىم ئىبرۇر سىزگە ئەيان،
ئەي يارانلار ئەمدى مەن بارغۇم قايان،
مەن ئۆلۈپ بارسام تېبخى سىزگە ئايان،
ھەر ئىككىمىزنى ياراتقان تەڭرى بار.

ئەي مۇسۇلمانلار مېنىڭ يارىم قېنى؟
ھەم ۋەفادارۇ جەفاكارىم قېنى؟
قەدرىدانۇ مېھرىبان يارىم قېنى؟
سەرۋ بويلۇغ لالە رۇخسارىم قېنى؟
..........................................①

× ×

كۆيۈپ ئوتۇڭدا كۆل بولدۇم نە قىلغايمەن گۈلى غۇنچە،
قاشىمدا تۇرمادىڭ بىردەم مېنىڭ كۆڭلۈم ئاچىلغۇنچە.
لەتافەت چەھار باغىدا ئاچىلغايمۇ سېنىڭدەك گۈل،
يۈرەكلەر سۇ بولۇپ ئاقتى سېنىڭدەك گۈل ئاچىلغۇنچە.
غەرەزگويىنىڭ ۋىسالىدىن، مېنى سەندىن ئايىرغايلار،
باشىمنى كەسسە كەسسۇنلەر مېنى سەندىن ئايىرغۇنچە.

× ×

كۆرۈپ ئايدەك جەمالىڭنى كۆزۈم ھەيران بولۇپ قالدى،
سېنى كۆرمەستەكى تاقەتلەر بىلمەيمەن قايان قالدى.
گۈلۈڭدىن غۇنچە ئۈزمەككە ئۈمىدىم كۆپ ئىدى ئەي يار،
فىراقىڭدا كۆزۈم كۆرمەيدۇ گۈلباغىڭ قايان قالدى.
خەبەردار ئولمادىڭ ئەي يار، ھالىمدىن مېنىڭ ھەرگىز،
ئاشىم كۆلدە، سۈيۈم چۆلدە، ئەزىز جانىم قايان قالدى.
جەمالىڭنى كۆرۈپ ئۆلسەم ئەزاب قىلماس فەرىشتەلەر،
سورارمەن بارچە زىجاندىن بۇ جانانىم قايان قالدى.

× ×

خەيالىڭدا كەچۈرمەيسەن سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن كۆيسەم،
كى ھالىمدىن خەبەردار ئولمادىڭ ئوتۇڭدا مەن كۆيسەم،
سېنىڭ ئۇشبۇ فىراقىڭدا ئەجەب مەستانەلەر بولدۇم،
كى ئارزۇم قالمادى ھەرگىز جەمالىڭ سىنچىلاپ كۆرسەم.
سېنىڭ گۈل - غۇنچەلەردەك يۈزلەرىڭ ئوخشايدۇرۇر ئايغە،
..........................................................

① بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرى كۆچۈرۈلمەي قالغان.

× ×

..........................................................

گەھى دىۋانە يەڭلىغ گاھى مەن ئۇك،
يۈرۈرمەن ئۆيقۇسىز تاڭ ئاتقۇچە زوك.
ئۇنۇتماسمەن خېنىم، سىزما ئۇنۇتماڭ،
خەتىمنى ئوقۇتۇپ كىشىگە تونۇتماڭ.
مۇھەببەتنامە قىلدىم ئاڭلاسۇن دەپ،
مېنىڭكى كۆيگەنىمنى چاغلاسۇن دەپ.
جەھان رەئنالارىنىڭ شاھى سەنسەن،
فەلەك ئۈستىدە يۈرگەن ماھى سەنسەن،
خېنىم سەن بىر قىزىلگۈل مەن گەدايىڭ،
بۇ دەردىم بار، سېنىڭ يوقتۇر خەبەرىڭ.

× ×

نەچە كۈن بولدى سورمايسەن مېنىڭ هالىم ئايا مەھبۇب،
كۆڭۈل ئۈزدۈڭمۇ سەن مەندىن قىيا باقمايسەنا مەھبۇب.
ئىچىمگە ئوت سالىپ قويدۇڭ، سېنىڭ ئەسلا خەبەرىڭ يوق،
ئۆلەر هالەتكە يەتتىم، [سەن] تېخى بىلمەيسەنا مەھبۇب.
فىراقىڭ ئوتىدا كۆيۈپ جىگەرلەرىم كەباب بولدى،
مېنى مۇنداغ يېرىم جان قىلغۇچە ئۆلتۈرسەنا مەھبۇب.
سېنى يەتتىنچى ئاسماندا ياراتىپدۇر مېنى يەردە،
كى سۇنسام قوللارىم يەتمەس كۆزۈمگە سۈرسەنا مەھبۇب.

..........................................................

× ×

كۆڭۈلنى يارغە بەردىم، يار مېنىڭ قەدرىمنى بىلگەيمۇ،
مېنىڭ قەدرىمنى بىلگەن يار ماڭا بىر خەت ئىبەرگەيمۇ.
ئىبەرگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئاڭا مەن بەندە بولغايمەن،
بولۇپ بەندە ئانىڭ كويىغە كىرسەم رەھم قىلغايمۇ.
جەھاننى تەرك ئېتىپ يۈردۈم ئانىڭ كويىدا مەن رەسۋا،
بۇ رەسۋالىقنى ئىشتىپ يار مېنىڭ قاشىمغە كەلگەيمۇ.
ئەگەرچە بىر قىيا باقسا مېنىڭ بىچارە هالىمغە،

..........................................................

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەسنەۋى ۋە مۇخەممەسلەر

## موللا قۇربان

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

1986 - يىلى خوتەن شەھىرىدىكى كونا كىتاب بازىرىدىن بىر پارچە قول يازما تېپىلدى. بۇ قول يازما قاپارتما نەقىشلىك كۆن مۇقاۋا ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن. فورماتى: $20 \times 11.5$ سم، جەمئىي 200 بەت. ئۇنىڭ 48 بېتى نەسرى، 152 بېتى نەزمىدىن ئىبارەت. نەسرى قىسمىدا ھەر خىل پەندى - نەسىھەتلەر ۋە دىنىي قائىدە - يوسۇنلار يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. نەزىم قىسمىدا «قۇربان» ئىسىملىك شائىرنىڭ بىر قىسىم لىرىك شېئىرلىرى ۋە «داستانى ئىمامى جەئفەرى سادىق» ناملىق داستانى كۆچۈرۈلگەن. قول يازمىنىڭ پۈچەكلىسى ئۈچ خىل بولۇپ، بىرىنچى خىل پۈچۈركىدىكى خەت ناھايىتى چىرايلىق، قالغان ئىككى خىلى ئوتتۇرا ھال دەرىجىدە يېزىلغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا قول يازما ئۈچ كىشىنىڭ قولىدا تامام بولغان بولۇشى مۇمكىن. قول يازمىدىكى شېئىر مىسرالىرىنىڭ بەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىمۇ بىر خىل ئەمەس؛ بەزى بەتلەرگە $15 \times 2$ مىسرادىن، بەزى بەتلەرگە $13 \times 2$ مىسرادىن، يەنە بەزى بەتلەرگە بولسا $8 \times 2$ مىسرادىن شېئىر كۆچۈرۈلگەن.

قول يازمىدىكى لىرىك شېئىرلارنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن بىرىنچى خىل پۈچەركىغا مەنسۇپ چىرايلىق خەت بىلەن «تەئرىخقە بىرمىڭ ئىككى يۈز يەتمىش ئالتە خوك (توڭغۇز) يىلى، ماھى شەرىف ئېيدى قۇربان ئايىنىڭ يەتتەسى روزى چەھار شەنبە كۈنى تاغنىڭ كۈنجى نەۋاھىدا «ھەزرەتى ئىمام‌لار» كەنتلىك ساھىبە فەقىرۇلھەقىر.... پۈتۈپ، يۆتكەپ تەمام قىلغان. ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب» دېگەن سۆزلەر ئىلاۋە قىلىنغان. بۇ ئىلاۋە ئىچىدىكى «فەقىرۇلھەقىر» دېگەن سۆزىدىن كېيىن قىرىشقاندەك دەل كۆچۈرگۈچىنىڭ ئىسمى ئۆچۈپ كەتكەن. شۇڭا ئوقۇش مۇمكىن بولمىدى. شۇنداقتىمۇ، قول يازمىنىڭ بىر قىسمىنى يەنى بىرىنچى خىل پۈچۈركىدىكى خەتنى شائىرنىڭ ئۆزى كۆچۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلدۇق. چۈنكى،

يۇقىرىقى ئىلاۋىدە «... پۈتۈپ، يۆتكەپ تەمام قىلغان» دېيىلگەن؛ «پۈتۈپ» دېگىنى — «ئىجاد قىلىپ» دېگەن مەنىدە، «يۆتكەپ» دېگىنى — «قايتا كۆچۈرۈپ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر ئاساس شۇكى، شائىر قۇربان مۇبارەكشا ئاخۇنلۇقنىڭ ئۆلۈمىگە ئوقۇلغان بىر مەرسىيەسىنى ھىجرىيە 1270 - (مىلادىيە 1854 — 1855 —) يىلى يازغان. بۇنى تۆۋەندىكى ئىككى مىسرادىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

بۇ مەيىنى نۇش ئېتەر چاغ ئاخۇنۇم يەتمىشكە يۈز قويغان،
سىنە تەئرىخ ھەم مىڭ ئىككىيۈز يەتمىش چىقار ئەمدى.

شائىر يەنە «داستان ئىمامى جەئفەرى سادىق» ناملىق داستاننىڭ موقەددىمىسىدە، بۇ داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى «تەئرىخ ئىنشا ھورۇفى ‹غەفرىز،› دىن» دەپ كۆرسەتكەن. «غەفرىز» (غفرز) دېگەن سۆز ئەبجەد ھېسابى بويىچە ھىجرىيە 1287- (مىلادىيە 1870 - 1871 -) يىلنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى يىلنامىلەر، بىلەن بۇ ئۇل يازمىدىكى ئىلاۋىدە كۆرسىتىلگەن لىرىك شېئىرلار كۆچۈرۈلگەن ۋاقىت (ھىجرىيە 1276 - ، مىلادىيە 1859 — 1860 - )يىللار) ئۆزئارا ناھايىتى يېقىن. ھەتتا ئاپتورنىڭ لىرىك شېئىرلىرى بۇ قول يازمىغا كۆچۈرۈلۈپ بولغان ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ داستانى تېخى يېزىلمىغان.

شائىر قۇرباننىڭ قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئۇنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى مىلادى 1854 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدىن تارتىپ، 1871 - )يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىجاد ئەتكەنلىكىگە قاراپ، ئۇنى XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىر ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. شائىر شېئىرلىرىغا ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۆز ئىسمىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆزىگە «قۇربان» دەپ ئىسىم قويغانلىقىنى «شادىمانلىق بىلەن قىلىپ ئېھسان، ئاتاپ ئېرمىش ئاتىمنى ھەم قۇربان.» دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق قەيت قىلىپ ئۆتكەن.

شائىرنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن: ئەگەر بۇ قول يازمىدىكى ئۈچ خىل پوچېركىنىڭ بىرىنچىسىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ھەقىقەتەن شائىر ئۆزى كۆچۈرگەن بولسا، ئۇنداقتا شائىر قۇربان چىرىيىنىڭ «نۇرى» تاغلىق يېزىسىغا تەۋە «ئىماملىرىم» (ھازىرقى «بوستان» يېزىسى») كەنتىدە تۇغۇلغان بولىدۇ. چۈنكى كۆچۈرگۈچىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىلاۋىسىدە «... تاغنىڭ كۈنجى نەۋاھىدا ‹ھەزرەتى ئىماملىرىم› كەنتلىك ساھىبە فەقىرۇلھەقىر... پۈتۈپ تاماملىغان...» دېيىلگەن. شائىر يەنە ئىماملار ۋە ئۇلارنىڭ چىرىيىدىكى مازىرىنى تەرىپلەپ يازغان بىر شېئىرىدا:

تەمامى مىڭ چىرا — ئىت، قۇشلارىدۇرمىز بۇ دەرگاھنىڭ،
چىرا ئادەملەرى بولسۇن ۋەيا بولسۇن گۇلەخمارى.

دەپ يازغان. بۇ يەردە شائىر «قۇشلارىدۇر» دېگەن سۆزىنىڭ ئاخىرىغا «مىز» دېگەن قوشۇمچىنى ئۇلىغانلىقىمۇ ئۆزىنىڭ «چىرا مىڭى» غا تەۋە ئىكەنلىكىدىن بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىرەك. ئەمما، شائىر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى كىرىيەدە، بىر قىسمىنى خوتەن ناھىيىسى ياكى شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن. بۇنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن بىلىشكە بولىدۇ:

ئوقۇدۇم مەن بارىپ خوتەنلەردە،
كۆرمەگەن، بىلمەگەن ۋەتەنلەردە.
كەرىيەگە ھەم يانىپ كېلىپ ئاندىن،
ئىلمىدىن زەررە لەززەت ئالغاندىن.
................................
گاھى كەرىيە گەھى، خوتەندە يۈرۈپ،
ئۆتمادىم ئۆيىمۇ بىر ۋەتەندە يۈرۈپ.

شائىر قۇربان ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك قالغان بولۇپ، باللىق دەۋرىدىن باشلاپلا يېتىملىك ۋە غېرىبلىقتا كۈن ئۆتكۈزگەن؛ ئۇ ئۆزىنىڭ بىچارىلىكتە ئۆتكەن غېرىبانە باللىق دەۋرىنى ئەسلەپ مۇنۇ مىسرالارنى يازغان:

ئالتە ياشقە كىرىپ ئىدى سالىم،
تالىئىم شۇم، قەبىھ ئىكەن ھالىم.
يەتتى ئولدەم قەزائى رەببانى،
بولدى ئول ۋەقتدە ئاتام فانى.
مەن يەتىملىك بىلەن ئىدىم ھەيران،
بەردى مەكتەب ئانام مېنى بۇ زەمان.
پات يەقىن ھەم ئانام ۋەفات ئولدى،
زەھرى غەم جامى دىلغە پۇر تولدى.
ئاتا يوق، ئانا يوق، ئىنىيۇ ئاغا،
قالدىم ئاخىر غەرىب بولۇپ تەنھا.

شۇڭداقتىمۇ شائىر زور تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھاد بىلەن ئوقۇپ دىنىي تەربىيە ئالغاندىن سىرت، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەر بىلەن، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقان. ئەرەب، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرگەن. شائىر قۇربان بىلىمگە نىسبەتەن قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، داۋاملىق ئوقۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغان. لېكىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە باشقا يۆلەنچۈكى بولمىغاچقا، خىراجىتى يېتىشمەسلىك، ئائىلە ۋەزىپىلىرىنىڭ توسقۇن بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەسىر يەتكەن، نائىلاج ئوقۇشتىن توختاپ، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇشقا مەجبۇر بولغان. شائىر:

تەربىيەت قىلغالى مۇرەببىم يوق،
ئەرزى ھالىم سورارغا ھېچكىم يوق.
بەئزدە زەيىيقى مەئىشەت بار،
خەرجى يېتىشمىگەندە مېھنەت بار.

گاھی مانبۇ بولۇپ ۋەزىفە ئەيال،
مۇنداغ ئىشلاردا بولغۇلۇقدۇر لال.
ئۇشبۇ ئىشلار سەبەب بولۇپ ماڭا ھەم،
قالدی تەھسىلىمە يېتىپ بەرھەم.

دېگەن مىسرالىرىدا بۇ خىل سەرگۈزەشتىسىنی ئۆكۈنۈش بىلەن بايان قىلغان.

شائىر قۇربان ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكی مېھنەتكەش ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىری بىلەن بىر قاتاردا كەمبەغەللىك، دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ كۈلپەت ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزگەن. شائىر ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئاچ ـ يالىڭاچلىقتا ئۆتتۈۋاتقان غۇربەتلىك تۇرمۇشی ھەقىقىدە تۆۋەندىكىدەك قايغۇ ـ ھەسرەتلىك مىسرالارنی قالدۇرۇپ كەتكەن:

شەھری غۇربەتكە تۈشۈپ بولمادی بىزگە كەڭلىك،
تۈگەگەچ ئاشلىقىمىز بولدی بەغايەت تەڭلىك.
نەفسىگە بەرگەلی ھېچ نەرسە تاپالماي قۇربان،
خارلىقغە قالادۇر ماھی مۇبارەك رەمەزان.
بالالارغە بولادۇر كەرسەنەلىك بىرلە زۇلۇم،
ئۇرۇپ ئالماقغە ھۆكمۈم يوق، ساتىپ ئالماقغە پۇلۇم.
تام تېشىپ قىلسام ئوغۇرلۇق تېخی ھەم بولماغۇدەك،
بەگلەرىم تۇتسە، تۇتۇپ جاننی، تىرىك قويماغۇدەك.

نېمىدېگەن ئېغىر، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق كۈنلەر ـ ھە! ئەينی ۋاقىتتا بۇ خىل كۈلپەتلىك تۇرمۇش يۈزمىڭلىغان جاپاكەش ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئورتاق سەرگۈزەشتىسی، ئورتاق تەقدىری ئىدی.

شائىر قۇربان كەڭ خەلق ئاممىسی بىلەن ئەنە شۇنداق تەقدىرداش بولغانلىقی ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، خەلقنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشنی چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن، ئۆز شېئىرلىرىدا ئۇلارنىڭ نالە ـ زارىنی ياڭراتقان، ئۇلارنىڭ يىغىسىنی يىغلاپ، ئۇلار ئۈچۈن ئاھۇ ـ پەرياد چەككەن. مانجۇ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ قەبىھلىكتە چېكىدىن ئاشقان مىللىي زۇلمی، يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە باي ـ تۆرىلەرنىڭ يۈرگۈزگەن سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىسی ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلغان. ئالدامچی روھانىيلارنىڭ ھارامخورلۇق، ساختىپەزلىك، مەككارلىق، ھەسەتخورلۇق ئەپتی ـ بەشىرىسىنی ئېچىپ تاشلىغان. جان باقار موللىلارغا، چىرىك پارىخور ئەمەلدارلارغا، مۇتىھەم، قىزىل كۆز بايلارغا غەزەپ ـ نەپرىتىنی ئىپادىلىگەن. خەلق ئىچىدە يامراپ كېتىۋاتقان نادانلىق، قاشاقلىق، چېقىمچىلىق، ئىككی يۈزلىمىلىك، كۆز بويامچىلىق، تۈز كورلۇق، ئەدەب ـ ئەخلاقسىزلىققا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرنىمۇ ئاياپ قويماستىن پاش قىلغان. مەسىلەن:

ياخشىلارغا قەفەس بولۇپ ئالەم،
جەۋر ئىلە زۇلمىدىن ئېرۇر ماتەم.
...............

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

فۇقەراغەكى تار بولدى جەھان،
قارۇ يامغۇر كەبى ياغىپ ئالبان.

دېگەن مىسرالاردا شائىر نامرات خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى ئىپادىلىگەن بولسا، مانجۇ ئەمەلدارلىرىنى:

تاپقانىنى ئۆزىگە قويمايدۇر،
بۇ جەھاننىڭ پۇلىغە تويمايدۇر.

دېگەن مىسرالار بىلەن پاش قىلغان.

بەگلەردىم مەشغۇل ئولدى مەنسەبىگە،
ئەرتە ـ ئاخشام تۇرۇشتى مەشرەبىگە.
يۇرتنىڭ يـوق ـ بولـۇشى بىلەن ئىشى يوق،
راستى بىرلە سورارغە ھىچ كىشى يوق.
.....................
دورغەلەر بۆرى، فۇقەرالار قوي،
بولدى بەد ئەسلىلەرگە ھەر كۈنى توي.

دېگەن مىسرالاردا بولسا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىز، چىرىك ـ چاكىنىلىقى، ئەيشى ـ ئىشرەتپەرەسلىكى، قابىلىيەتسىز، تەييارتاپلىقى؛ خەلققە نىسبەتەن يـىـرتـقـۇچ بۆرىلەرگە ئوخشاش ياۋۇزلۇقى، رەھىمسىزلىكى ئېچىپ تاشلانغان. شائىر يەنە:

ھەر كىشى جەمئ قىلسە دۇنيانى،
ئەۋلىيا دەيدۇر ئەمدى ئەل ئانى.
پۇللۇغ ئادەم بو كۈندە ئادەمدۇر،
پۇلسۇز ئادەمگە كۈندە ماتەمدۇر.

دېگەن مىسرالار ۋە «زەمانە بايلارى بىچارە مىسكىنلەردىن ئار ئەتتى» دېگەنگە ئوخشاش مىسرالار ئارقىلىق فېئودال بايلارغا بولغان نارازىلىقى ۋە ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

قۇرسە ھەركىم ئەگەر رىيا دامى،
قويسە ھەزرەت ئۆزىگە ئول نامى.
ئاتىغە قۇش باشى ئىگەرنى توقۇپـ
يۇرسە ئاغزىدا بىر نېمەرسە ئوقۇپـ
بولسە خۇش ئاۋاز، زاھىرى ئوبدان،
ئەرەبىي بىلسە ياكى فارسى زەبان.
ئۆمر ئىچىدە ھەرام ئىمە يېيىشى،
شەرئىدىن بىرۇن ئولسە بارچە ئىشى.
..............
ئانى قۇتبى زەمانە دەيدۇرلار،
شەرئىي ئەمرىنى ئىزدىمەيدۇرلار.

دېگەن مىسرالاردا شائىر ئالدامچى روھانىيلارنىڭ مەككار، هارامخورلۇقى، خەلقنى ساختا قىلىپ يىلىكىنى شورايدىغان رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان.

شائىر قۇربان رېئال تېمىلاردىن باشقا يەنە تارىخىي تېمىلاردىمۇ ئەسەر يازغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ «داستانى ئىمامى جەئفەرى سادىق» ناملىق داستانىدا خوتەن ۋە ئۇچتۇرپانىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا دائىر جەڭلەر ۋە بىر قاتار رىۋايەتلەر نەزمىي شەكىلدە بايان قىلىنغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شائىر قۇربان زامانىسىنىڭ رېئال زىددىيەتلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرگەن. دەۋرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئومۇمىيلىقىنى تېپىكلەشتۇرۇش ئارقىلىق، يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچام سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق بىز شىنجاڭدا 1860 - يىللاردىكى مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرىغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك دېهقانلار قوزغىلىڭى پارتلاشتىن بۇرۇنقى زۇلمەتلىك رېئاللىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەلقپەرۋەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي روھ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

قۇربان شېئىرلىرى بەدىئىي جەھەتتە، ئۇسلۇبى سادda، ۋەزنى راۋان، تىلى يېنىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شائىر ھەر خىل بەدىئىي ۋاسىتىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ۋەقەلىك تەرەققىياتىنى ۋە شېئىر ھېسسىياتىنى روشەن، جانلىق، چۈشىنىشلىك، مەنتىقىي جەھەتتىن بىر-بىرىگە ماس قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن. قۇربان ئەلشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنى زور ھەۋەس بىلەن سۆيۈپ ئوقۇغان. ئۇنىڭ نەۋائى غەزەللىرىگە يازغان مۇخەممەسلىرى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن ئەسلى غەزەل بىلەن ياخشى ماسلاشقان.

قىسقىسى، قۇربان شېئىرلىرى خەلقىمىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا تېگىشلىك قىممەتلىك ئىدىيىۋى بايلىقى ۋە مەدەنىي مىراسى بولۇشقا مۇناسىپ.

لېكىن، شائىرنىڭ بىلىش دائىرىسى ئەينى دەۋرنىڭ چەكلىمىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە دىنىي خۇراپاتلىق، كونسېرۋاتىپلىق خاھىشلىرى روشەن هالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا بۇ خىل تەرەپلىرىگە تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىز، فېئودالىق ئەخلەتلىرىنى ئىلغىۋېتىپ، دېموكراتىك جەۋھەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم.

## شېئىرلار

كەرىما، كەرەم ۋەسفى زاتىڭ سېنىڭ،
سىفاتى قەدىمىڭ سەباتىڭ① سېنىڭ.
ھەمە بىز گەداۋۇ سەن ئول پادىشاھ،
شەبى جۇرم بەخشاۋۇ ھەم ئۇزرخاھ.

كەرىمىكى بىمىسلۇ مانەندە سەن،
ھەمە بەندەدۇرمىز، خۇداۋەندە سەن.
قىلىپ بىز بۇ دەرگاھدا يۈزمىڭ خەتا،
سەن ئەيلەپ كەرەم بىزگە ھەردەم ئەتا.

① ئەسلى قول يازمىدا «سەباتى» دەپ يېزىلىپ قالغان.

www.uyghurkitap.com

بىرەۋكىم ياماندىن ھەم ئۇلغاي بەتەر،
ئاڭا رەھمەتىڭدىن كۆپ ئۇلغاي نەزەر.
سېنىڭ دەرگەھىڭدە گۇنەھكار بىز،
ئىنايەت قىلۇرغە سەزاۋار بىز.
ساغىندىم فەناھىڭغە ئەي پادىشاھ،
سەن ئۇلغىل ماڭا بارچە ئىشدە پەناھ ①.

× ×

ئەي خۇدايىكى، ئالەم ئىرۇر كەرەمىڭ،
ئىككى ئالەم پەناھىدۇر② ھەرەمىڭ.
مەنى مىسكىنۇ پادىشاھىم سەن،
جۇرم بەخشايى ئۇزرەخاھىم سەن.
مەن جەفاكارى، سەن ۋەفادارىم،
يۈز تۈمەن ئەيب ئىلە خەرىدارىم.
بۇ جەفاكارىڭا ئىنايەت قىل،
رەھم ئىتىپ ئۇزرىنى ئىجابەت قىل.
گۇنەھىمدىن ماڭا بەسى ھەيرەت،
مەنى بىچارە ھالىغە رەھم ئەت.
ئەي، زەبەردەستلەر خۇداۋەندى،
يوق ساڭا ھىچ ئىشدا مانەندى.
گەرچە بۇ بەندەنىڭ خەتادۇر ئىشى،
شەھ گەدا ھالىغە ئەتادۇر ئىشى.
پادىشاھا، خۇدا كەرىمى رەھىم،
بەندەگە مېھرىبان رەھىمى رەھىم.

× ×

كۆرگىل، ئەي دوست يارى ئەھلى جەھان،
ئاخىرىغە يېتىپمۇدۇر بۇ زەمان.
ھەر كۈنى رەڭ ـ بەرەڭ ئەلامەتلەر،
بەلگۈرۈپ ياغدى بەرقى ئافەتلەر.
ئۈمەرالاردا ئەدلى يوق زىنھار،
ئۇلەمالار ئەمەلدىن ئولدى فەرار.
قايدا ئالىمكى بولسە خار ئولدى،
سۇد ئىلە رىشۋە ئاشكار ئولدى.
نەقدى ئىلمى شەرىئەت ئولدى كەساد،
چوڭ ـ كىچىككە ئىش ئولدى فىسقى ـ فەساد.

ھەممە ئەلنىڭ دىيانەتى بۇزۇلۇپ،
راستلىق كەتتى بارچەدىن يۈيۈلۈپ.
ئۇلەمانىڭ ئىشى ھەسەد بولدى،
ئۈمەرا گويىيا ئەسەد بولدى.
دورغەلەر بۆرى، فۇقەرالار قوي،
بولدى بەد ئەسلىلەرگە ھەر كۈنى توي.
ياخشىلارغە قەفەس بولۇپ ئالەم،
جەۋر ئىلە زۇلمدىن ئىرۇر ماتەم.
بەخت بەد ئەسلىلەرگە يار ئولدى،
ئەكسەرى خەلققە كىبار ئولدى.
خەلق ئارا بولسە بىر يامان فاسىق،
ئول مۇسۇلمانچىلىقدادۇر «سادىق».
كىمكى ئىخلاس ئىلە قىلىپ تائەت،
تەڭرى يادىدا بولسە ھەر سائەت.
خەلق ئارا ھەممەدىن يامان ئولدۇر،
ھەم يامانلىقدا بىگۇمان ئولدۇر.
قۇرسە ھەركىم ئەگەر رىيا دامى،
قويسە «ھەزرەت» ئۆزىگە ئول نامى.
ئاتىغە قۇش باشى ئىگەرنى توقۇپ،
يۈرسە ئاغزىدا بىر نېمەرسە ئوقۇپ.
زىكر ئەيتىپ كىشىنى كۆرگەندە،
رۇزە ھەم تۇتسە، بولسە خانەندە.
نان يېمەي يۈرسە خەلقدىن ئۇياتىپ،
خالى يەر تاپسە رۇزەسىن ئۇشاتىپ.
خانىقەھ، مەسجىد تاپسە يا بىر كۈنج،
يېمەكى ئاندا بولسە گوشتۇ گۇرۇنج.
ئايۇ يىل ئۆتسە بىر خۇدا دېمەسە،
كۈندۈز ئەلنىڭ تەئامىنى يېمەسە.
بولسە خۇش ئاۋاز، زاھىرى ئوبدان،
ئەرەبىي بىلسە ياكى فارسى زەبان.
ئۆمر ئىچىدە ھەرام ئىسە يېيىشى،
شەرئىدىن بىرۇن ئولسە بارچە ئىشى.
خىرقە ئادەتدىن ئەيلەبان ئىخراج،
زاھىر ئەتسە فەئالى ئاستىدا راج.

①② ئەسلى قول يازمىدا «فەناھ» دەپ يېزىلىپ قالغان.

يۇرسە تەقۋا ئەيلەبان پەرھىز،
دىماغىدا ياساپ زەبانىنى تىز.
ئانى «قۇتبى زەمانى» دەيدۇرلار،
شەرئى ئەمرىنى ئىزدەمەيدۇرلار.
نەفس كويىداقى ۋەرەئلەرگە،
ھىندى سەنناسى مۇبتەدەئلەرگە.
شەيخ دەپ ئەل بولۇر مۇرىد، مۇخلىس،
ئەكسەرى ئامىيلار ئەلەتتەخسىس.
تاپسە ھەريەردە خەلق بىر ئەخمەق،
«ئەۋلىيا» دەيدۇرۇر ئانى بەرھەق.
ئەۋلىيالىقدا مۇتتەسىق كىمدۇر،
فىئلى بىدئەتكە مۇختەلىق كىمدۇر.
بۇ زەمان ئەھلى ئانى بىلمەسلەر،
بىلسەلەر كۆزلەرىگە ئىلمەسلەر.
ئەۋلىيانىڭ ئىشى مۇقەررەردۇر،
ئەمر مەئرۇفۇ نەھى مۇنكەردۇر.
مۇستەھەب چاغلىق ئىشنى توختاتسە،
شۇبھەنى پاك لۇقمەغە قاتسە.
يا شەرىئەت ئىشىن سەھىل بىلدى،
ياكى تائەت رىيا بىلەن قىلدى.
ئاق ئىگنىگە قارا ياماغ سالدى،
ئوزىنى سۇفى رەسمىگە ئالدى.
يا قەلەندەرچىلىككە قەييد ئەمەس،
ساچ قويۇپدۇر باشىدا سەييد ئەمەس.
يۆرگەسە باشغە ياكى جار سەللە،
يا فەرىجىنىكىم قىلۇر مەللە.
ئەۋرەتىن غەيرىگە كۆرۈندۈرسە،
قىش كۈنىدە يالاڭ ئاياغ يۈرسە.
ئۇشبۇلارنىڭ بارى مۇخالىفى شەرئ،
بىدئەتۇ مەكرۇھ ئەسلىدىن نافەرئ.
قىلسە ھەركىمكى مۇنداغ ئىش ئادەت،
بىلسە ئۆز نەزدىدە ئانى تائەت.
ھەركىشى قۇتب بولسە غەۋسۇ غىياس،
شەرئىدە قىلغۇلۇق ئەمەس ئىخلاس.
بولسە ھەرقانچە كۆپ كەراماتى،
ئەھلى بىدئەت ئىرۇر ئانىڭ ئاتى.
ئالەمى غەيبدىنكى بەرسە خەبەر،
سۆزىنى قىلغۇلۇق ئەمەس باۋەر.
غەيبدىن سۆز دىگەن قەباھەتدۇر،
ئەھلى كاھىن بۇ يا مەلاھەتدۇر.
ئەھلى سالىھنى ئىزدەمەيدۇر ئەل،
ئەھلى دانىشنى «تەلبە» دەيدۇر ئەل.
ساھىرۇ پىرخون ۋەيا رەممال،
كۆرسە ئالەم ئىلى، ئاڭا شۇل ھال.
جانىدىن ئۆزگەنى پىدا قىلادۇر،
ئەۋلىيادىن [ھەم] مۇئتەبەر بىلەدۇر.
يالغان ئەيتغان سۆزىگە ئەلمۇ پىتىپ،
تاپغانىنى بىرۇر كۆڭۈل ئىرىتىپ.
راستگويلار بۇ كۈنىدە يالغانچى،
تاپتىلار قۇۋۋەت كۈنىدە ئالبانچى.
كۆكچىكى «خانىنىڭ ئوغلىمەن» دەيدۇر،
خانىنىڭ ئوغلى خوتەنىدە نەيلەيدۇر.
بارچە ئاخۇنلارىم ھۇكۇمەتنى،
ئەرەشىپ ئەيتادۇر شەرىئەتنى.
مەسئىلە ھەق دىيىلسە ۋەھم ئىتەدۇر،
ئۇمەرادىن ئاڭا غەزەب يىتەدۇر.
ھەق تەئالا غەزەب قىلۇرمىكى دەپ،
يوقتۇر ئەندىشە ۋە ھەم رىشۋەنى يەپ.
تالىبىلئىلمگە ھەقارەتلەر،
يىتەدۇر كۆپ ئىزا ئەھانەتلەر.
تۆركىنىڭ دۇشمەنى ئىرۇر موللا،
خارلىق موللالارغە يەتتى تولا.
قالسە موللا بىلەن تۆرك تاپىشىپ،
تۆركلەر يوقارى ئۆتەر چاپىشىپ.
موللالار سۆزلەمەي شۇك ئولتۇرادۇر،
تۆركلەر شەرئىگە ھۇكۇم سۇرەدۇر.
ئامىيلارنىڭ سۆزى بولۇپ بەر ئەكس،
ئۇلەمالارنى ئەيلەدىلەر مەكس.
ھەركىم ئۆز باشغە بولۇپ ئالىم،
مۇجتەھىد بولدى ئەلگە بىر زالىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئايلىق ئالىبان خەتىنى ھەر موللا،
قىلىسە ئەلگە بولۇر ئۇشۇل پەتۋا.
ھەركىشى مەسئىلە بەيان ئەتسە،
مەئرىفەت سۆزلەرىن ئەيان ئەتسە.
مايەجۇزۇ بىسسەلات ئەئلام،
قىلسە ئانى ئىشتىمەك ئەلگە ھەرام.
قىلسە خۇش تەبئى موللالار دەفتەر،
بولدى چۈن ھەرفى ئەلگە بىر گەۋھەر.
بىھتەرىن ئىش بۇدۇر بولۇپ ھەمجىنس،
چىرلاشىپ ئەيلەپ ئەل ئۇلۇغ مەجلىس.
چۇلغاشىپ بىر ئۆيىگە نامەھرەم،
قىلدۇرۇپ نەغمە نارەۋالار ھەم.
ئەرۇ مەزلۇم ئولتۇرۇپ ئالىشىپ،
بىر - بىرىگە مۇتايىبە قىلىشىپ.
ئۆزىچە ئات قويۇپ ئاڭا مەشرەب،
ئەيلەبان ئەيش ئىلە سۇرۇرۇ تەرەب.
بەكۈ ئەفيۇن، چاغىر بىلە بوزە،
ئىچەدۇر ئالدىدا قويۇپ كوزە.
ئوتكەرۇر ئول مەكاندا كارى ئۇبۇس،
شەرئ ئىلە دەر بۇ فەرقى نى دەييۇس.
يوق ئۇچۇن خەلق ئىچىدە شەرمۇ ھەيا،
مۇنداغ ئىشلار بولۇپدۇر ئەلگە رەۋا.
قالمادى ئەلدە راستلىق پىشە،
قىلغۇچى بولدىلار بەدئەندىشە.
كىمكى يالغانچىدۇر ئانىڭ سۆزى سۆز،
ياخشىلارنى تانۇرغە يوقتۇر كۆز.
بولسە ھەريەردە بىر ھەرامزادە،
بەلكى شەيتان بىلە دەرئەفتادە.
ئەلگە تۆھمەت قىلىپ جەزا سالسە،
ھەممە تاپغان پۇلىن ئارىغ ئالسە.
يەر، سۇ، ئۆيىباقىدىنكى قويسە قۇرۇغ،
شۇنداغ ئادەم خەلايىق ئىچرە ئۇلۇغ.
ئىنسۇ ئۇلفەت بىلەن بولۇپ ئاڭا رام،
ئالەم ئەھلى قىلۇر ئاڭا ئىكرام.
بۇ زەمانە ئەجەب زەمانە ئېرۇر،
ئەل ھەلالدىن تاپىپ ھەرامغە بېرۇر.
ئېردى سەۋدا ھەلال جەزانە ھەرام،
پۇل بېرۇرغە يۈرۇر بۇ كۈندە تەمام.
رىشۋە بەرمەك ھەرام ئىدى بىشەك،
ئەمدى بولدى مۇباھ ئانى بىلمەك.
زالىمى زۇلم بىرلە ئالغان مال،
سەرفى تائەتكە قىلماق ئولدى ھەلال.
يا قىمار يا ئوغۇرلاماق بىرلەن،
بۇ سىفەت فېئىللەر قىلىپ مەسەلەن.
ھاسىل ئەتسە ئەگەر كىشى پۇل - مال،
ئانى تائەتكە سەرف ئېتەر فىلھال.
كەسبىدىن ئەجر بىرلە پۇل تاپىلۇر،
خەمر بىرلە زىناغە خەرجى قىلۇر.
قەرى - ياش بارچە بولدىلار دانا،
بولدى يەكسان جەھان ئېلى ھالا.
ئاتادىن ئوغلى چوڭ ئانادىن قىز،
مېھر - شەفقەت بولاردا يوق ھەرگىز.
يالبارىپ شاگىردغە ھەر ئۇستاد،
ئىلم يا كەسبىنى بېرۇر ئاڭا ياد.
ئىلمىدە يا ھۈنەردە يوق ئىززەت،
ھەممە ئىشلاردا قالمادى لەززەت.
يېتىشىپ بۇ زەمانە ئاخىرغە
بولدى تابىئ بۇ مۇلك كافىرغە.
باستى كۇففار ھەمە ۋىلايەتىنى،
قىلدى ۋەيران دىنۇ دىيانەتىنى.

..................................

..................................

تاندى خاتۇنلار ئۆزىنىڭ ئېرىدىن،
بەختۇ دەۋلەت تاپىپ ئۇيات يېرىدىن.
قارى خاتۇن ئاڭا بولۇپ دەللال،
قىلدى ياشلارنى زور بىلە ھەڭگال.
.........
جىزيەگە توختاتىپ مۇسۇلمانىنى،
قىلدى غارەت جەمئى ئىنسانىنى.
تاپغانىنى ئۆزىگە قويمايدۇر،

بۇ جەھاننىڭ پۇلىغە تويمايدۇر.
بەگلەرىم مەشغۇل ئولدى مەنسەبكە،
ئەرتە ـ ئاخشام تۇرۇشتى مەشرەبكە.
يۇرتنىڭ يوق ـ بولۇشى بىلە ئىشى يوق،
راستى بىرلە سورارغە ھېچ كىشى يوق.
بولدى زەردارلەر ئارقە مىلك باشى،
قالغانى يۈز باشىيۇ ئون باشى.
ھەركىشى تاپسە ئاتۇ تون قالپاق،
تەرجى بولماقغە بولدى ئول ئامراق.
بولدى ئەلنىڭ ئىشى ھەرامخورلۇق،
قىلىشىپ بىر ـ بىرىگە تۈزكورلۇق.
ھىرسى دۇنيا بولۇپ تەمامى كىشى،
قالمادى دىن بىلەن كىشىنىڭ ئىشى.
مىكر ئىلە بىر ـ بىرىنى پەند ئۇرماق،
ياخشى نىيەتتىن ئەلنى ياندۇرماق.
ماۋۇ مەنلىككە تۇردى ئەل ھەمەسى،
رەڭگى دىگەر ئېرۇر زەمانە بەسى.
مەنئ قىلدى زەكاتنى چوپانلار،
ئۇشرەنى ھەم ئونۇتتى دېھقانلار.
ئەغنىيالاردا يوق سەخا ئەسەرى،
نەزردىن سەخىلەرغە يوق خەبەرى.
ئەھلى دەرۋىش دۇئانى تەرك ئەتتى،
ئەمەلى خالىسى بەدەر كەتتى.
ئەتقىيا زۇھدنى رىياغە سالىپ،
تائەتىنى ياشۇردى چاھغە سالىپ.
گاھىل ئولدى نەمازغە مۇئمىنلەر،
پۇلغە تۇردى ئىمام، مۇئەززىنلەر.
بارچە مۇئمىندە سۇست ئولۇپ ئىمان،
موللالار ئوقۇماق كىتاب قۇرئان.
تەركى مەكتەب بولۇپ بارى ئەتفال،
ئويناماق ۋەسمەسىدە فىكرى خەيال.
سۇفىلار فەۋت قىلدىلار ھەر بار،
زىكر ـ تەھلىلۇ تەۋبە ـ ئىستىغفار.
بولسە بىر يەرگە جەمئ جەمئىيەت،
ئۆتەدۇر ئاندا فىتنەۋۇ غەيبەت.

مۇنداغ ئىشلارغە ئەقل كۆپ ھەيران،
ھۇرفەگەرنىڭ ئىشى ئەجەب ۋەيران.
بولدى مەشغۇل بازاردا بەيئى شىرا،
ئەل ئالۇر بولدى سۇففەلەرغە كىرا.
توقىسە بۆزچى بىر يېرىم باغ بۆز،
ساتتى تۆرت باغ دېسە ئانى بىلمەسە ئۆز.
كۆنچىلەر كۆندلەرىنى شورغە بولاپ،
ساتادۇر ئوترادىن يىتىلسە ئۇلاپ.
مۇزەدوزمۇ ئۆتۈكنى چەملەيدۇر،
يىپدا تىكمەي شىلىمدا يەملەيدۇر.
ئىككى كەيسە تىكىشلەرى سۆكۈلۈپ،
كېتەدۇر ھەم ئورۇنجىسى تۆكۈلۈپ.
ئاشلاماي جۇببەسىنى پوستىندوز،
نىمتىپ ئەيلەمەي تىكىپدۇر ئۇز.
بىر شەمال تەگدى ئول تاراقلايدۇر،
ئەل كېيەلمەي ئۆيىدە ساقلايدۇر.
ھەم بوياغچى بوياغقە خام ئالادۇر،
زاك بىلەن قارا گۇلغە بىر مالادۇر.
بۇيادىم دەيدۇر ئول ئانى نىلدا،
ئاقارىپ قالادۇر يېرىم يىلدا.
ئاتغۇچى يازغى يۇڭنى پوملايدۇر،
«كۆزگى» دەپ ئالغۇچىغە دوملايدۇر.
ئۇستۇرا ئېتەدۇر تۆمۈرچىلەر،
ساتادۇر ئەلگە ئول كۆمۈرچىلەر.
ئول چۆيۈن بولسە ھەم قۇرۇچ دەيدۇر،
باش تۈشۈرگەندە ئەسلە ئۆتمەيدۇر.
بارچە ئادەم تەرازۇباز بولدى،
دىن ـ دىيانەت ئىشى گۇداز بولدى.
ـ سەۋداگەرلەر فۇلىنى جەرز قىلۇر،
نامۇرادلار رۇباغە قەرز ئالۇر.
ئەۋجىغە كەلدى ئۇشبۇ كۈندە قىمار،
ئوغرىلار ئوغرادى يەنا بىسيار.
ھەر كىشى جەمئ قىلسە دۇنيانى،
«ئەۋلىيا» دەيدۇر ئەمدى ئەل ئانى.
پۇللۇغ ئادەم بۇ كۈندە ئادەمدۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇلسۇز ئادەمگە كۈندە ماتەمدۇر.
دىنغە يوق ئىخلاس ئەلگە پۇل مەقسۇد،
پۇلسۇز ئادەمنى دەيدۇر ئەل مەردۇد.
هاجىلار يول رىيازەتى چېكەدۇر،
خانەئى كەئبەنى تەۋاف ئېتەدۇر.
ئول تەۋافى ئەمەس رىزايى خۇدا،
ئىززەت ـ ئىكـرام بىلە غـەرەز پۇلدا.
كارى ئەۋلا تەرىن تەمەئ بولدى،
سىيلەئى رەهم مۇنقەتەئ بولدى.
ئەلدە ئىززەت بىلە تەۋازىئ يوق،
كىبىردىن ئۆزگە هېچ ۋاقىئ يوق.
فەرزۇ ۋاجىب، سۈننەتنى تەرك قىلۇر،
مۇستەهەبكە بەجانىدىل يۈگۈرۇر.
مۇبتەدىئلەرگە ئات قويۇپ ئالىم،
مۇتەشەرئىنى دەيدۇرئەل زالىم.
ئاخشامى تەۋبەلەر قىلىپ بىسيار،
ئەرتەسىگە ئانى ئۇشاتماق بار.
بولدى هەم ۋەئدەلەر تولا قىلماق،
ۋەئدەگە يوقتۇرۇر ۋەفا قىلماق.
شەرتى سەۋگەندى كۆپ قىلۇرلار ئەل،
ئەمما هانىس بولۇرنى بىلدى سەهەل.
ئۆيلەنۈر بولسەلەر ئېرانلا ئەگەر،
بولسە بىر لۇلىئى بەدەنپەرۋەر.
ئۇففە ئەڭلىككە يۈز ـ كۆزىن بۇلاغان،
ئۇشۇقىدا ساچىغە ساچ ئۇلاغان.
تولا قىلغاي ساچىنى ئەشمە بىلەن،
يۈزتۈمەن ناز ئىلە كەرەشمە بىلەن.
تولغانىپ قول سالىپكى هەم يۈردى،
بىرنى يىغلاتتى، بىرنى كۈلدۈردى.
ئەل ئانىڭدەككە جان نىسار ئېتەدۇر،
قانچە فەرزەندى بولسە هەم كېچەدۇر.
زەنكى مەستۇرەدۇر مۇسۇلماندىن،
مەردلەر «ئەسكى» دەپ قاچار ئاندىن.
هەركىشى خاتۇنىنى قىلسە تەلاق،
مۇهتەسىبلەرنىڭ ئاتلارىغە قـوناق

بەرسە بىر تويرا، شەرئىنى ياپادۇر،
يەتسە تەهلىلگە ئەرسە يول تاپادۇر.
بولسە ئىددەت ئىچىدە تائىفەلەر،
ئەركى چىقسە تېگەر بۇ تائىفەلەر.
باقى ئىددەتكە ئەسلە باقمايدۇر،
ئەر پىچاقىن غىلافدا ساقلايدۇر.
بولدى ئىنكار ئەل ئىتائەتكە،
بۇ ئەلامات ئېرۇر قىيامەتكە.
هەممە ئىش شەرئىنىڭ خىلافىدا،
بولدى فىلجۇملە ئىختىلافىدا.
ئىنسەرابى يۇرت زىلزىلە هەرەكات،
مۇندەفىئ بولدى رىزقىدىن بەرەكات.
فۇقەراغەكى تار بولدى جەهان،
قارۇ يامغۇر كەبى ياغىپ ئالىبان.
تاغۇ تىزنىڭ سۈيى كېتىپ نارى،
چەشمەلەردىن سۇ هەم ئەمەس جارى.
بولسە يازلىق قۇرۇپ زىرائەتلەر،
يېتەدۇر سەبزەلەرگە ئافەتلەر.
خەلق ئارا هەم مېهرۇ شەفقەت يوق،
ئىنسۇ ئۇلفەت بىلەن مۇهەببەت يوق.
دىن ـ دىيانەتدە قالماغاچ خۇبلۇق،
يەتتى بولغاي جەهانغە چۇن شۇملۇق.
دېسەلەر بۇ نېچۈك ئەلامەتدۇر،
هەممەسى ئاسىبى قىيامەتدۇر.
دەپ ئىكەنلەر رەسۇلى سەللەللاھ،
بارچە ئۇممەتلەردىن قىلىپ ئاگاھ.
چۈنكى ئاخىر زەمانە قىلسە زۇهۇر،
قالماغاي خەلق ئىچىدە شادۇ سۇرۇر.
بولدى بىر ـ بىر دېگەنلەرى زاهىر،
بولغان ئوخشە زەمانە بەس ئاخىر.

× ×

قىلدى پەيدا خۇدايى خالىقى تاق
بەندە، ئىسمى تەبەررۇكى ئىسهاق.
ساهىبى بەختى ئۇمدەتۇلئۇلۇما،
قازىئى ۋەقتى زۇبدەتۇلفۇقەرا.

هافىزى ھىلمى قۇدرەتى كوھان،
نافەزدل- ھۇكمى ھۇججەتى بۇرھان.
ئەسلى نەسلى بەلەند ئالى ئۇلۇۋ،
شۇھرەتى نىسبەتى جەھانغە فۇرۇۋ.
ئەقلۇ ئىدراك بابىدا مەغرۇر،
ساف زېھنى فەتانەتى پۇردۇر.
دەۋلەتى ھەم بەلەند، رىزقى ۋەسىئ،
بائەمەل ھەق ئىتائەتىغە مۇتىئ.
كارى كىردارى فەزلى جۇدۇ سەخا،
تەبئى خۇش ۋۇسئى كەڭ ۋەلى دەريا.
شەفقەتۇ ئىلتىفاتى شاھانە،
بىۋەتەنلەرغە بەخش ئىبتەر خانە.
ئېرمەس ھېچكىم بۇ نەۋئ دەۋلەتمەند،
دەھر ئېلى دەرگەھىغە ھاجەتمەند.
سائىلى قىلسە ھەرنېمەرسە ئۇمىد،
بولماغاي ھەر مۇرادى بار نەۋمىد.
كەڭ تۇتۇپ ھەق رىزاسىغە ئىلكىن،
ئاچغە ئاش بەردۇرۇر يالىڭغە ئىگىن.
ئادەتى خەيرى بىرىيا قىلماق،
بارچەنىڭ ھاجەتىن رەۋا قىلماق.
تاجى ئىززەت مۇڭا ياراشىپدۇر،
شۇھرەتى ئالەمگە پۇر تۇتاشىپدۇر.
دېسە ئىسھاق ئەئلەم ئاخۇندلۇق،
خەلقى ئالەم قىلۇر بۇ شەئنىگە زوق.
قەددىغە ئەزەمەتمۇ شەيدادۇر،
خىلئەتى سەلتەنەت تەمەننادۇر.
شەئن-شەۋكەتدە مىسلى قازى كەلان،
داغى خۇرسەند ئېرۇر مۇڭا زىيجان.
مەخدۇمى خادىم ئۇل چىراغى شەب،
قابىلى ئەسد، لايىقى مەنسەب.
بارچە تاغ خەلقى ھازىرۇ غـايىب،
چۇن مۇنىڭ دەۋلەتىغەدۇر تالىب.
كىم مۇنىڭ ھەسرەتىن يېمەيدۇرغان،

ئەئلەم ئاخۇنلۇقۇم دېمەيدۇرغان.
ھەممە پىرۇ جەۋان ئۇساسۇ①زۇكۇر،
ئاغزىدا ئەئلەم ئاخۇنۇم مەزكۇر.
پىر تۇتۇپدۇر بارى ئەقىدە بىلەن،
مۇنچە چوڭلۇقنى ھەم خۇدا بەرگەن.
ۋەزئى ئۇبدان نىھايەتى خۇشخۇ،
لەفزى مەۋزۇن زەبانى شىرىن گۇ.
چۇن تەكەللۇم ئىبارەتى ئەفسىھ،
كىبرۇ گىينە، ھەسەد ئانىڭدىن مەسىھ.
ئۇل تەبەررۇك قەدەم ھۇمايۇن فال،
دەم-بەدەم رو-بەرو ئاڭا ئىقبال.
ھۇرمەتى كۇندە ئۆزگەچە ئارتار،
مەئسىيەت، فىسقدىن ئۆزىن تارتار.
ئۇلەما ئىچرەھەم شەرافەتى بار،
ئۇمەراغە ئەجەب زىيادەتى بار.
تالىبۇل-ئىلملارغە ئۇلفەتلىك،
ئەھلى تەقۋاغە ھەم كەسىيەتلىك.
فۇقەرا كۆرسە پەرۋەرىش قىلادۇر،
ھەممەنىڭ لايىقىدا ئىش قىلادۇر.
ھەرمەھەل چوڭغە چوڭ، كىچىككە كىچىك،
چوڭلۇغىغە باقىپ تەۋازۇئلىك.
ئۆز زەمانىدا مۇنداغ ئىنسافى ساف،
يوق دېگەن كازىب بولدى، بار دېسە لاف.
ئۇلەما خۇش مۇنىڭ زىيافەتىدىن،
ئۇمەرا شاد ئېرۇر لەتافەتىدىن.
فۇقەراھەم ئەتاسىدىن خۇشتەر،
بىنەۋالار سەخاسىدىن پەرۋەر.
نەفئى ھېچكىمگە يەتمەيىن قالماس،
نەفئىسىز ئىشغە ئۇل نەزەر سالماس.
نەرسە بەرسە كىشىگە ئۇل فىلچە،
يوق ئانىڭ بىلمەكىدە بىر قىلچە.
دادخاغە شەرىئەت ئايتۇردا،
خەلقنى راست يولغە قايتۇردا.

①ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «ا‚تاث» شەكلىدە يېزىلغان, بۇ ئەسلىدە «اثاث» بولۇشى مۇمكىن.

سائەتى دەرمەھەل كىتاب كۆرەدۇر،
ئېھتىياتەن ئاڭا ھۇكۇم سۇرەدۇر.
لەفزى بىھۇدە بىرلە سۆزنى دىمەس،
ئۇرفىگە، شەرئىگە تەخالىف ئېمەس.
شەرئىدە بولسە گەر تەساھۇللۇق،
يارۋەرى بولدى ئەئزەم ئاخۇنلۇق.
تەۋسفىگە ھەمىن قەدەر يەتتىم،

سۆزنى مەن ئەمدى ئىنتىخاب ئەتتىم.
سۆزنى ئاز سۆزلەگەن فەساھەتدۇر،
تولا سۆزلۆك كىشى ھەماقەتدۇر.
پۈتۈدۈم بۇ كىتابنى مەن تاغدا،
پەختە زەردئالۇنى يېگەن چاغدا.
نازىمى، كاتىبى ئىدى قۇربان،
نەزم سۆز سۆزلەمەك ئەمەس ئاسان.

× ×

ئەرزىمىزنى ئىشىتۇر بولسەلەر، ئەي ئاخۇنلۇق،
بىزگە چۆلدۇر بۇ جەھان سىزلەرگە باغدۇر گۇللۇق.
ئەغنىياغە بولادۇر چۆلمۇ شەھەر، كۆلمۇ شەھەر،
بەختى يانغانغە بولۇر شەھدۇ شەكەر، قەند[مۇ] زەھەر،
تەگرى ھەر بەندەنى پۇل-مال قىلىپدۇر ئىلھاق،
كىمىيا بولغۇچىدۇر ئالسە قولىغە تۇپراق.
بەختۇ دەۋلەت كىشىدىن يانسەۋۇ قايتىپ كەتسە،
بادى سەرسەر بولۇبان قوغلاسە بولماس يەتسە.
شەھرى غۇربەتكە تۈشۈپ بولمادى بىزگە كەڭلىك،
تۈگەگەچ ئاشلىقىمىز بولدى بەغايەت تەڭلىك.
نەفسىگە بەرگەلى ھىچ نەرسە تاپالماي قۇربان،
خارلىقغە قالادۇر ماھى مۇبارەك رەمەزان.
بالالارغە بولادۇر كەرسەنەلىك بىرلە زۇلۇم،
ئۇرۇپ ئالسام ھۇكمىم يوق، ساتىپ ئالماققە پۇلۇم.
تام تېشىپ قىلسام ئوغۇرلۇق تېخى ھەم بولماغۇدەك،
بەگلەردىن تۈتسە تۈتۈپ جاننى تىرىك قويماغۇدەك.
قىينالىپ يۈرگۈچە ئاچلىقغە بۇ بىر قىسىم ھۇنەر،
قەدرى بىلگەنگە مۇنىڭدەك يەنە يوق سىيم ئىلە زەر.
ئاخىرى سەبرۇ قەنائەتنى ئىلىكدىن بەردىم،
بۇ مۇھىم ھاجەت ئۈچۈن ئالدىلارىغە كەلدىم.
رازىقى ھەيىۇ تەۋانا خۇداۋەندىيۇ كەرىم،
بارچەنىڭ رىزقىنى يەتكۈرگۈچى رەززاقى ئەلىم.
ھەممە زىيجانغە ئۆزى رىزق نەسىبە بېرەدۇر،
گەر سىپىھر ئۈستىدە، يەر قەئرىدەدۇر① يەتكۈرەدۇر.

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «فەسرىدە» (فصريدا) دەپ يېزىلىپ قالغان. ئەسلى «قەسرىدە» (قصريدا) ياكى «قەئرىدە» (قعريدا) بولۇشى مۇمكىن.

بەختۇ دەۋلەتنى خۇدايىم بىردىبان ئۆزلەرىگە،
ئەجزۇ تەقسىر قويادۇر ئەھلى جەھان سۆزلەرىگە.
ئىززەتۇ مەرتىبە مەنسەبدە يېتەر كىم ھالا،
ھەممەدىن ئەسلى نەسەب بابىدەدۇرلار بالا.
ئاغاچاملارغە ئايالارغەمۇ دەۋلەت ياراشىپ،
تاغ سىفەت ئۆزلەرى، دۇنيالارى، ئوتدەك تۇتاشىپ.
بۇ نې ئىقبالى ھۇمايۇن بۇ نې ئىززەتۇ ھۇرمەت،
چەشمى سىيلاب كەبى مەخزەنى ئىچرە بەرەكەت.
نازىرى بولغاي ئىكەنلەرىمىكى ھەردو كەۋنەين،
ھەزرەتى خىزر نەبى ھەزرەتى غەۋسۇسسەقلەين.
رۇھلارىدىن مەدەدى بولسە نە بىلسۇن مەخلۇق،
ئۇلەماۋۇ ئەغنىيا مانەندلەرىدە يەنە يوق.
ياخشىلىق يوق، فۇقەرا ئۆزلەرىدىن كۆز تۇتادۇر،
بىرىيا ئىلمۇ ئەمەل، خەيرۇ سەخا ھەم ئۆتەدۇر.
چوڭ ـ كىچىك قاشلارىغە كىرسە قىلىپ ئىھسانى،
بارمۇ ئول ھوۋلىدەكى فەزلۇ فەزايىل سانى.
مۇنچە دەۋلەتنى، ئۇلۇغلۇقنى خۇدايىم بەرگەن،
بۇرنادىن زادەلەر ئىشكىگە ھاكىم كەلگەن.
باغۇ راغ ھوۋلى ـ ھەرەم، يەر ـ سۇ بۇ ئەيۋانى كەيۋان،
پادىشاھلىقغە مۇناسىب ھەممەسى لايىقى خان.
شەرئىنىڭ ئىشلارىدا تەرتۇنى ئوڭ ئەۋرۇسەلەر،
چىمچىلاق قوللارىدا تاغنى ئالىپ چەۋرۇسەلەر.
ئۇمەرا ئالدىدا ھەم سۆزلەرى سۆز، ئىشلارى ئىش،
يۇرت ھېچ سۆزلەرىنى رەدغۇ قىلالماس ئىرمىش.
بارچە خىزمەتلەرىدە ئادەمى ئەۋلاد ئەۋسات،
پادىشاھلىقغە نىشاندۇر بۇ يوسۇنلۇغ ھەيھات.
بارمە ئىلۇم بولادۇر بارى غولام قۇل كۇندىن،
زىيبۇ زىينەت بۇ جەھان ئىچرە ئاشارمۇ مۇندىن.
نازىما، سۆزنى بۇ يەردە قىلا كۆرگىل مۇغلەق،
ئاخۇنۇمنىڭ سىفەتىن قانچە بەيان ئەيلەسە ھەق.
تەھسىلى ھاسىل ئىكەندۇر، نې قىلۇرسەن مەۋجۇد،
قەند شىرىن دېگەنۇ دېمەگەنىڭدىن نى سۇد.
قانچە شۇكرانەئى دەۋلەتكە فىدا ھەم لازىم،
سەدقەئى ئۇشرە ـ زەكاتۇ خەير ـ سەخا ھەم لازىم.
رەمەزان، فىديەسىنى بەرسە مۇنى ئۇبدان بولادۇر،

شۇبۇ ئاينىڭ ئىچىدە بەرسە سەۋابى تولادۇر.
سۇرەئى فاتىھەۋۇ سۇرەئى ئالىي بەقەرە،
سىفەتى مويى مۇبارەكەھۇ بەغايەت سەمەرە.
بەش غەزەل بەيتى نەۋائىنى مۇخەممەس قىلدىم،
پىتسبان جامەئى كاغەزدە مۇلەببەس قىلدىم.
تۇھفەئى سۇرەئى قۇرئانۇ ھەدىسى نەبەۋىي،
ئايەتى ئىززۇ ۋەجەل، قەۋلە سەھىھ مۇستەفەۋىي.
مەن مۇنى ئانچە ئۇلۇغلۇقدا تەبەررۇك بىلدىم،
بۇ ھىمايەت بۇلابان ئالدىلارىغە كىردىم.
بەئزەدە قانچە كىرەك زالىم ئالىپمۇ كېتەدۇر،
تولا بولسە ماڭا خوب بولماسە ئازمۇ يېتەدۇر.
ئىلتىفات ئەيلەسەلەر ۋەقتى ئانىڭ يەتتى بۇ كۈن،
تولا تەڭلىك شۇبۇ كۈنلەردە يېتىپدۇر نىچۈن.

**مۇبارەكشەھ ئاخۇندلۇقنىڭ ئالەمى فانىيدىن ئاخىرەت باقىيغە رىھلەت قىلغانلارىنىڭ بەيانىنى ئايتۇرلار**

كەل، ئەي ئەۋۋارە دىل، ئەيلە سىرىڭنى ئاشكار ئەمدى،
تەكەللۇم باشلا، ئەي تىل، تىنمە بىردەم تۇتمۇار ئەمدى،
ئۈزۈلۈپ رىشتە قولدىن كەتتى دۇررى شاھۋار ئەمدى،
جەۋاھىر كانىدىن چىقماس بۇ دۇردەك مەۋجدار ئەمدى،
ئىلىكدىن چىقتى زەررىن تاس، بولدۇڭ خاكسار ئەمدى.

كىتابى سۇننەتى مىشكاتدۇرلار ئىلمىنىڭ كانى،
بىرىپ ئېركەن مۇبارەك ئاخۇنۇمغە ئىلم رەببانى،
شەرىئەت ھەم تەرىقەت ھەم ھەقىقەت، مەئرىفەت خانى،
بۇ يەڭلىغ فەيز بىر ئىنسانىدا بولماق فەيزى رەببانى،
نېدىن قىلماي① فىغانكىم كەتسە مۇنداغ شەھسەۋار ئەمدى.

تەسەۋۋۇف ئىلمى فىقىھ، ئىلمى نەھۋىدە بەسى كامىل،
ھەدىسۇ ئايەتۇ ئىلمدە ئىدىلار ھەممەدىن قابىل،
ئۇلۇمى مەنتىقى، ئىلمى كەلام ئېرمەس ئىدى ھايىل،

---

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ سۆز «قالماي» دەپ يېزىلغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «قىلماي» دەپ ئېلىندى.

تەمامى ئىلمىنىڭ فەننىگە ئېردى ئاخۇنۇم ھامىل،
خەفالىغ مەئنىنى سۆز رىشتەسىغە كىم تىزار ئەمدى.

يانىپ تا سۇبھىدىن① فىشىنغىچە دەرس ئايغالى يۇرسە،
كى «شەرئى مۇللا»دىن ئاخىرى «مىشكات» دە ئولتۇرسە،
مەسىھا نۇتقىدەك، ئۆلگەن كۆڭۈلنى لەفزى تىرگۈزسە،
مەئانى دۇررۇ يادىغە كىشىنىڭ ھەددى دەم سۇرسە،
سەدەفدىن تۇشتى دەريا ئىچرە گەۋھەر، كىم تاپار ئەمدى.

ئەقايىد، ھاشىيە، تەھدىبۇ تەۋزىھ شانى ھىكمەت خان،
قىرائەت قىلسەلەر ئەللامە، دەرس ئايتۇردا يوق نۇقسان،
بۇ ئۇمرىدە تۇمەنمىڭ ئادەمىيگە ئۆرگەتىپ ئىمان،
مۇسۇلمانلار، دىگىل، دەرس ئايماغان قايسى كىتاب قالغان،
بۇ يەگلىغ ماھنى ئەم قايسى كەنئاندىن تۇغار ئەمدى.

ئەجەم مۇلكىدەكى ئىلم ئەھلىنىڭ بارىنگكى ئۇستادى،
قىلىپ ئىلم ئەھلىنى كۆپ، ئەيلەگەن ئىسلامنى ئابادى،
بار ئېردىلەر خوتەندە دەرھەقىقەت قۇتب ئەۋلادى،
قاچان كەتسۇن مۇھىبلار كۆڭلىدىن ئۇلفەتلەرى يادى،
شەرىئەت ئىچرە كىم ھەزرەتلەرىدەك تاجدار ئەمدى.

بۇخارا، ئەندىجان، قوقان، سەمەرقەند ئىچرە داموللا،
بار ئېرمىش دەپ ئانى مەشھۇر ۋەلېكىن ئاخۇنۇم موللا،
ساچار ئېردى مەئانى دۇرلارىن لەفزىدەكىم ئىيما،
كى فەزلۇ ئىلمكىم ھەم كۆپ لەتافەت مۇلكىدە سىيما،
جۇنۇن بولغان پەرىدىن قىلغالى تاپماس تامار ئەمدى.

بۇرەك ئالىمى ئالەم ئىچرە تۇرماي ئۆلگەنى يۇز ھەيف،
تىرىك جاھىل بۇ ئالەم ئىچرە ئۆلمەي يۇرگەنى يۇز ھەيف،
ئەدا قىلماي مۇدەررىس ھەققىنى يەپ تۇرغانى يۇز ھەيف،
فەقىر ئىلم ئەھلىدىن جاھىل غەنىنىڭ ئۆتكەنى يۇز ھەيف،
بۇ يەگلىغ قەبھۇ نىك فەرقىنى ئىزدەپ كىم تاپار ئەمدى.

① ئەسلى قول يازمىدا «سۇبھى» يېزىلغان، ۋەزىن ۋە مەنە ئېتىبارى بىلەن «سۇبھىدىن» دەپ ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەجەب ئېرمەس بۇ ئۇستادىمنى دېسەم مەۋلەۋى جامى،
تەمامى ئىلمنىڭ مەئنىدە كامىل بىردە يوق خامى،
رەۋادۇر ئىشكىدە ھەركۈندە ھاجەت ئەھلىنىڭ كامى،
دۇئا ئەيلەر خەلايىق، تا قىيامەت ئۈچمەگەي نامى،
تىلەپ دىيدار مەھشەرگە دەرەم كۆزلەر سىنار ئەمدى.

مىزاجى سۇبھىدىن تا شامغە[چە] ئەسلا يۆتەلمەك يوق،
تۆكۈرمەك، ئەسنەمەك نەقز ۋۇزۇ بىرلە كېرىلمەك يوق،
كى نەچچەند كېچە بىدار ئولسە بىر يانغە سىرىلمەك يوق،
بۇ خىسلەتلەر بىلەن جانىن بېرىپ ھالا تىرىلمەك يوق،
بۇ قۇشنى كىم ئەجەل سەييادى ئىلكىدىن تۇتار ئەمدى.

كۆز ئىچرە قان ساچىپ دائىم قەزاغە ئىزدەبان چارە،
جۇدالىق ۋەھمىدىن ھەرتۈن يۈرەكنى ئەيلەدۈك پارە،
قەزادىن تاپمادۇق مەخلەس تىلەپ ھەرنەچچە يالبارە،
رىزا بەردۈك قەزا تەقدىرى بىزگە بولماق ئەۋۋارە،
زىمىستان بولدى ئىلم ئەھلىگە ھەرگىز يوق بەھار ئەمدى.

ئەگەر سۈرەتدە بىر بولغان بىلەن ئاقىل ئېرۇر جاھىل،
ۋەلي مەئنىدە ئاقىل ئالىمۇ ئاتىل ئېرۇر جاھىل،
چۇ ئىنسانىنىڭ ئىچىدە بەئزى ئابىد، بەئزىسى گاھىل،
بۇ ئالەم ئىچرە ئالىملار تېپىلمىز، جاھىل ئېرۇر ساھىل،
تەسەۋۋۇر ئەيلە، بۇدۇر قايسى نەيساندىن تامار ئەمدى.

ياقىپ ئوت كۆيدۇرۇپ جىسمىم كۆل ئەتكەن خۇش مەقالەتمۇ،
نە غەملەر كەلتۇرۇپ گەردۇن باشىمغە يا قىيامەتمۇ،
سىپېھر ئاسىيىدىن ئىلم ئەھلىگە يەتكەن [بۇ] ئافەتمۇ،
تىرىكلىك ئاندىن ئايرىلغان زەماندىن بىزگە راھەتمۇ،
تاك ئېرمەس بولدى ئالەم ئىلم ئېلىگە تەڭۇ تار ئەمدى.

قىلاي ئازراق شىكايەت، ئەي بەرادەر، بۇ جاھان كارى،
خەلايىقغە ئۆزىنى كۆرسەتۇر[لەر] موللا بازارى،
مۇۋۇت، چەكمەن، ياشىل بەلباغ، قىرىم كەفش، داكە دەستارى،
ئىچىدە نىمچە ئاچىنبەل بەلى ئارديۇ گۇفتارى،
بۇ جاھىللار سۆزىگە قايسى ئىلم ئەھلى چىدار ئەمدى.

خەلايىق دەر ئىدى «مۇفتى ئاخۇنۇم»، ئىسمى مۇبارەكشاھ،
لەھەد دەۋرىدە زىندۇ مەست يەگىلىغ نالەئى جانگاھ،
دۇئا ئەيلەپ ھەمىشە يادىنى كۆڭلۈمگە قىلسام جاھ،
ھەنۇز ئاز لەفزى دۇررىنىڭ خەيالى مەندە بار ئەمدى①.

ئىنانىمە، ئەي خىرەد ئەھلى، بۇ دۇنيا ئەسرۇ بىپاپان،
نەچە ئەللامە ئالىم بولسە يەرنىڭ قويندا پىنھان،
ئىچەر جامى ئەجەلدىن شۇربى «كۇللۇ مەن ئەلەيھا فان②،»
بۇ مەينى نۇش ئىتەر چاغ ئاخۇنۇم يەتمىشكە يۈز قويغان،
سىنىنە تەئرىخ ھەم مىڭ ئىككى يۈز يەتمىش چىقار ئەمدى.

جەھان ئىچرە پەيغەمبەر ئەۋلىيا بولسۇن گەدا گەرشاھ،
ۋەفا قىلماي جەھان ئۆتتى ئۇلارغە، سەن كىم، ئەي گۇمراھ،
تەرەھھۇم ئەيلەمەي غەددار ئالەم سەرنىگۇن گەرد ئاھ،
دۇئا ئەيلەر تەمام فەرزەندە ئاھكىم ئاخۇنۇم ئەرۋاھ،
چىقاردى رۇھىنى تارتىپ رۇجۇدى قىلماس نىگار ئەمدى.

تاپىپ جان لەئلى نۇتقىدىن يۈرۈپ بىرنەچچە يىل ھەمراھ،
تەمەئ قىلدىڭ ئۇمىدى ئاشنالىغ گەرچە سالۇ ماھ،
ئانىڭ مۇزدىغە قەددىڭ خەم قىلىپ چىھرەگىنى قىلدىڭ كاھ،
فىراقى ئىشقىدا قىلسام فىغان، ھەجرىدە چەكسەم ئاھ،
ئۈزۈل، بۇ دەھرىنىڭ بولمە ئەسرى تۇت كەنار ئەمدى.

× ×

بۇ چەرخى ۋاژگۇن بىچارە ئاشقلارنى زار ئەتتى،
كى نادانىنى سەرەفراز ئەيلابان دانانى خار ئەتتى،
جەھان لەززاتىنى قانىئى يوق تامىئغە بار ئەتتى،
زەمانە بايلارى بىچارە مىسكىنلەردىن ئاز ئەتتى③،

بۇ دەھر دۇن زىبۇندىن ئەيلەيىن نەچچەند ھىكايەتكىم،
فەقىرغە ئەيلەگەن كۆپ زۇلمىدىن ئازراق رىۋايەتكىم،

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ كۇبلىتنىڭ بىر مىسراسى چۈشۈپ قالغان.

② «دۇنيادىكى ھەممە نەرسە يوقۇلىدۇ» قۇرئان كەرىم. 27 -پارە، سۇرە رەھمان، 26 - ئايەتـ
نىڭ تەرجىمىسى.

③ ئەسلى قول يازمىدا بىر مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مېنىڭدەك بىۋەنى دوزىللە قىلغاندىن شىكايەتكىم،
سىتەمگەر بىۋەفادىن شىكۋە بۇ چاغلىق كىفايەتكىم،
قۇلاغىم كەر، كۆزۈمدە تەر، ئەجايىب تەگۇ تار ئەتتى.

قايان باقىپ نەزەر قىلسام مۇسۇلمانلار ھەقارەتدە،
شەرابخور، بەڭگى، ئەفيۇنى، زىناخورلار ھەلاۋەتدە،
خىتاي خاتۇن بىلە كافىرغە دۇم تۇرغان تەراۋەتدە،
مۇقەممەر، ئوغرى، يالغانچى، ھەرامخور تىنچى راھەتدە،
بېرىپ دۇشمەنگە ئىززەت دوستلارنى خارۇ زار ئەتتى.

زەمانە ئاخىرىدە بولدى پەيدا بىرنەچە غەممار،
سەمائۇ رەقس ئورماقدا شەياتىن خەيلىغە ھەمراز،
كىيىپ پەشمىنەدىن تون ئەڭنىگە كۆڭلىدە ھىرسى ئاز،
تىلىدا زىكر ئەللاھۇ، قولىدا داف بىلە بىر ساز،
بۇ يەڭلىغ مۇبتەدەئ ئۆلگەندە جاھىللار مەزار ئەتتى.

نە يەردە بولسە بىر دون دەغل ئەھلى شەرافەتدۇر،
رىيايى قايدا بىر يالغانچىنىڭ مىكرى كەرامەتدۇر،
بۇ يەڭلىغ ئىشلارى ئاخىر مۇسۇلمانلارغە ئافەتدۇر،
ئەۋام ئەھلىگە راھەت بولسە ئالىمغە ھەقارەتدۇر،
بېرىپ ناكەسكە ۋۇسئەت، تۇل ۋە بىكەسلەرگە تار ئەتتى.

ئۆزىن ئالىم ساناپ سارۇن تالاشىپ بىرنەچە نادان،
ئانىڭ جاھىللىقى گۇيا قۇياشدىن ھەم داغى تابان،
قىلۇر خىزمەتدە گوياكىم سىپاھ ئەھلىغە بىر نادان،
نەچە تىللاپ ھەقارەت قىلسە بولمايدۇر داغى نالان،
ھەقارەت ئەيلەدى ئىلم ئەھلىگە، ئۆزىنى نار ئەتتى.

نە يەردە ھاجى قىز خۇنساغە بولدى ئىككى ئۆچدىن زەن،
بۇ كۈن تاڭلا بولۇرمەن دەپ بۇ خاتۇنلارغە بەرمىش پەن،
خاتۇنلارنى ھەماقەت ئەيلەگەن سالۇسدا پۇلدىن چەند،
باشىن قايتارمايىن خىزمەت قىلىپ ئەسلا دېمەي سەن-مەن،
كۈيەۋ بولسە فەقىر، «ئېرىم» دېمەكدىن نەگۇ ئار ئەتتى.

ئېشەككە مىنمەگەن ئادەملەدە گوياكى ئات دۇلدۇل،
قوڭىنى ياپماغان قول ئەمدى بەگ، بەگزادەسىدۇر قۇل،

خەلايىق ئىچرە چوڭ مەنسەبدە بولمىش خەجلەسەكىم پۇل،
خوخا ئاچىلسە بۇ كەجرەۋ جەھاندا دەيدۇر ئەنبەر گۇل،
كۆرۈڭ بۇ چەرخ باشلار خوب كۆرۈپ شۇم تازنى كار ئەتتى.

ئەگەرچە سۇرەتى بىر بولدى ھەم ئاقىلنى غافىلنى،
قاچان تەڭ كۆردى بۇ كەجرەۋ فەلەك غافىلنى قابىلنى،
فەقىر ئىلىم ئەھلىدىن ياخشى كۆرەر، بۇ تۇرفە، جاھىلنى،
كى قىلدى شەيخۇلئىسلامىكىم ئىبادەت ئىچرە كاھىلنى،
زىيارەت قىلماغان فاسىقلارنى شەيخى مەزار ئەتتى.

جەھاننىڭ شىكۋەسىن، ئەي دوستلار، ئاڭلاڭ بەيان ئەتتىم،
كى نەچەند نامۇناسىب ئىشلارىن ئىشتىڭ ئەيان ئەتتىم،
قۇتۇلدۇم چەرخ جەۋرىدىن باشىمنى ھەر قايان ئەتتىم،
دىسەم بىر ئىشق ئەھلىنى ئۆزۈمگە مېھرىبان ئەتتىم،
مۇقەممەر قايدامىزدۇر روسىياھلارغە يار ئەتتى.

بۇ كۈنلەردە فەلەك رەفتارىدىن سەن ئىھتىراز ئەيلە،
قىلىپ تەۋبە خۇدا دەرگاھىغە ئەجزۇ نىياز ئەيلە،
①......... .......... ...... ...... ...... ... ...... ......

**ئەلىشىر نەۋائى غەزەللىرىگە يېزىلغان مۇخەممەسلەر**

**1**

ھەمدۇ لىللاھ، ئەنتە مەھمۇدا ۋە نەھنۇ ھامىدا،
ئىننە رەببىلئالەمىن لىرزائىكە رۇھى فىدا،
يا ھەبىبەللاھ، ئەشفەق لىي ۋە ئەرھەم سەيىىدا،
ئەشرەقەت مىن ئەكس شەمسىلكەئىس ئەنۋارۇلھۇدا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆردەپ جامدىن چىقتى سەدا.

ئەھلى تەھقىق جامۇ مەينى ئانداغ ئەتمىشلەر رەقەم،
ماسەۋايى مەينى ئول جامىدىن ئەت ئەۋۋەل ئەدەم،
زايىل ئەتمەي ئاندىن ئانى دانىش ئىبرسەڭ ئۇرمە دەم؛

① ئەسلى قول يازمىدا بۇ مۇخەممەسنىڭ ئاخىرى كۆچۈرۈلمەي قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەيرى نەقشىدىن كۆڭۈل جامىدا بولسە زەڭگى غەم،
يوقدۇر، ئەي ساقى، مەيى ۋەھدەت مەسەللىك غەمزەدا.

ۋەھم دىگەردىن قەدەھ چۇفىدا نى بىر نۇقت خال،
ئاندا مەۋجۇد ئەتمەك ئانى غەيرى مۇمكىندۇر، مەھال،
لايىقى زەرفى مۇلەۋۋەس يوق كەبى ئابى زىلال،
ئەي خۇش ئۇل مەيكىم، ئاڭا زەرف ئۇلسە بىر سىنغال سەفالە
جام ئۇلۇر گىيتى نەما جەمشىد ئانى ئىچكەن گەدا.

نۇھ ئۇمرىدە ئەگەر ۋەھدەت مەيىدىن تاپىلۇر،
گەۋھەرى نايابدىن بىر قەترەسى بىھراق ئالۇر،
خانىمانىن تەرك ئېتىپ مەيسارىغە مەيلان قىلۇر،
جامى مەي گەر بۇيلەدۇر، ئۇل جام ئۈچۈن قىلماق بولۇر،
يۈز جەھان ھەردەم نىسار ئۇل مەي ئۈچۈن مىڭ جان فىدا.

دەرگەھىڭغە جەمئ بولسە ئەھلى دىللار بىرنەچە،
قىلغان ئېرسە جام تەي ئۇل جۇرئەتىنىڭ بارىچە،
مەي زىيافەتدىن تەمەننا قىلسە كۈندۈز يا كېچە،
دەير ئارا ھۇش ئەھلى رەسۋا بولغالى ئەي مۇغبەچە،
جامى مەي تۇتساڭ مەنى دىۋانەدىن قىل ئىپتىدا.

فەيزى رۇھانى كۆڭۈلگە دەم ـ بەدەم ئەيلەپ نەزەر،
جەزم قىلسە رۇھى جىسمانى بۇ مەيدىن سەر ـ بەسەر،
ۋەجدى ھەيرەتدىن فۇتۇر يەتكۈرسە زېھنىگە ئەسەر،
تاكى ئۇل مەيدىن كۆڭۈل جامىدا بولغاچ جىلۋەگەر،
چېھرەئى مەقسۇد مەھۋ ئولغاي ھەمولدەم مائەدا.

ئىجتىنابى مەينى جەھلىڭدىن دىمىشسەن، ئەي ھەكىم،
ئىختىيارىن ئىلكىدىن چۇن بەرمىش ئۇل مەيخاركىم،
ئىشقىنىڭ زەئفىغە مەي نافىئ ئېرۇر مەنئ ئەتمەكىم،
ئىشقدىن بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلە جام ئىچرەكىم،
جامۇ [مەي] لەفزىن دېگەن بىر ئىسىم ئىلە قىلغاي ئەدا.

ئىشق ئوتىنى خارۇ ـ خەسدىن دېمە ئۆرگەن دۇد ئېرۇر،
يا خەلىلۇللاھغە سالغان ئاتەشى نەمرۇد ئېرۇر،

مەي مەجازى مەستىدىن مەدھۇشۇ يا بىخۇد ئېرۇر،
سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامى مەي مەۋجۇد ئېرۇر،
بىلمەيمەن نەفسى ئەتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن زاھىدا.

مەخسۇسىكىم ئەگمە سەن [ئول] خاسىنىڭ تەخسىسىدىن،
نەفسىسىز ئېرسە گۇمانىڭ فەھمىنىڭ ناقىسىدىن،
كۆرسەڭ ھەرباردۇر بەشارەت جامى مەي باقىسىدىن،
تەشنە لەب ئۆلمە، نەۋائى، چۇن ئەزەل ساقىسىدىن،
«ئىشرەبۇ يا ئەييۇھەلئەتشان①» كېلۇر ھەردەم نىدا.

2

فەلەك، غەبراۋۇ ئەشيالارنى قىلدىڭ، رەببەنا، پەيدا،
تۈمەن تۈرلۈك جەھانلارنى، ئانىڭ ئىچرە جەھان پەيدا،
ئەھەدسەن، فەردسەن، ئېرمەسكى سەندىن جۇز خۇدا پەيدا،
نە سۇنئۇڭدىن ئەجەب يۈزمىڭ جەھان بولماق يەنا پەيدا،
نەمۇلكۇڭغە خەلەل يۈزمىڭ جەھاندەك بولسە نا پەيدا.

ساڭا شەھلىق مۇسەللەمدۇر، موفەخخىر بارچەغە قۇللۇق،
زۇھۇرىغە ئەدەمدىن كەلدى ئەمرىڭدىن بارى مەخلۇق،
ۋۇجۇدى زەررە سۇنئى قۇدرەتىڭدىن نې كەمۇ ئارتۇق،
نە بىپايان جەلالى كىبرىيادۇركىم تەفاۋۇت يوق،
ئاڭا يوق ئىبتىدا پەيدا، مۇڭا يوق ئىنتىھا پەيدا.

سىفاتىڭ لايەزالۇ لەميەزەل، باتىنۇ زاھىركىم،
شەرىكۇ ئەيبۇ نۇقساندىن مۇنەززەھ تەيبى تاھىركىم،
ئەبۇدىيەت ساڭا ئىنسان قىلۇر ئىززەتلى فاخىركىم،
ئەزەل ھەم سەن، ئەبەد ھەم سەن، كى ئەۋۋەل ئاخىركىم،
ئەگەر يۈز مىڭ جەھاندەك بولسە نا پەيداۋۇ يا پەيدا.

نەكىم دۇنياۋۇ ئۇقبا مەركەزىدە بەلگۈرۇر، ئەي شەھ،
ئۆزۈڭدىن ئىزن ئاڭا يوق، پەستلىك چاھىدا يوق ھەمرەھ،
سىفاتىڭ ئەدل ئېرۇر، زۇلمۇ سىتەم شەئنىڭدە① يوق ئىكرەھ،

① «ئەي تەشنالار، ئىچىڭلار»

① ئەسلى قوليازمىدا بۇ سۆز «سەئنىڭدە» دەپ يېزىلىپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىرادەڭ بىرلە تەقدىرىڭدىن ئولغاي ئىككى كۈن ئىچرە،
ئەگەر بولسە فەنا زاھىر ۋەگەر بولسە بەقا پەيدا.

پەدىد ئەتتىڭ بەشەرنى ھەم مەلائىك، جىننى ھۆكمۈڭدىن،
تەنەئئۇم بىرلە قىلدىڭ ھەي بارىن ئىھسانۇ لۇتفۇڭدىن،
سەبەب چۈن گەنجى ئەسرارىڭ ئەيان ئەيلەرگە مۈلكۈڭدىن،
بەھانە ئۇممۇھات ئولدىيۇ، ئايا، يوقسە سۈنئۇڭدىن،
ئاتا بىرلە ئاناغە نې ئاتاۋۇ نې ئانا پەيدا.

بەشەر كۆپ خابى غەفلەتدە، ئەمەس ئۆز ھالىدىن ئاگەھ،
غەرىقى بەھرى ئىسيان شەر ئېرۇر، نې فېئلۇ كارى بەھ،
سىفاتى يەركىبا يەرنى كەرەم بەھرىغە سالساڭ ۋەھ،
چۇ بەھرى رەھمەتىڭ مەۋج ئۇرسە دەريا بولماغاي خەسچە،
نېچۈككىم جۇرم ئېلىدىن بولسە يۈز كوھى خەتا پەيدا.

تەئالەللاھ، زەبانىم زىكرىڭە ئەجز ئولمايىن نېتكەي،
نە ئەقلىم بىرلە ھەمد ئايغايمەن ئۆز لۇتفۇڭنى يار ئەتمەي،
غەرايىب قۇدرەتىڭنى فىكر ئېتىپ ھەيرەتدە جان كەتكەي،
نەچەكىم بەھر ئىلە كان ئولسە سەندىن تەربىيەت يەتمەي،
ئەمەسدۇر مۇمكىن ئولماق دۇررۇ لەئلى بىبەھا پەيدا.

ئىبادى ئاسى-جافى تاڭلە مەھشەرگا[ھ] ئارا تولغاي،
ھېساب ئالغاندا مەئيۇب ئۇزرلەر خۇد غەيبغە قولغاي،
پەزىد ئولماس كەزاكەھنىڭ كىشىدە لەزز گەر سۇرغاي،
نەۋائىنىڭ تىلىن ھەمدىڭغە گويا ئەيلەكىم، بولغاي،
ئاڭا ھەمدىڭ گۈلىستانىدا ھەردەم يۈز نەۋا پەيدا.

3

رىسالەت شەھلەرىنىڭ تاجى بەلكى شاھىسەن، ئەي مەھ،
نەبۇۋۋەت خەيلىنىڭ ئەختەر مەھى تابان دۇرەخشەندە،
ئىبەردى سەن كەبى رەھمەتنى ھەق ئالەم ئۆزە ناگەھ،
بۇ نەۋئ ئولدۇم جەمالىڭ مۇسھەفىنىڭ سىررىدىن ئاگەھ،
كى فېھرەستىندە بولدى ئىككى قاشىڭ ئىككى بىسمىللەھ.

سىنى ئالەمغە ئىرسال ئەتتى ھەق قەۋمۇڭغە بارنى جەم①،
شەفائەتكە ئىجازەت بولسە نۇقرەت ئاندا مۇستەھكەم،
چىقىپ جۇرم زۇلمەتىدىنكىم تەبارە بولماي ئول ھەمدەم،
جەمالىڭ بۇكى مۇسھەفدۇر، ھەدىسىڭ ھەق كەلامى ھەم،
دەيئالۇر مۇسھەفى ناتىق سىنى ھەركىم ئېرۇر ئاگەھ.

چۇ ۋەسساف مۇئجىزە مېئراجى ئەۋسافىڭ بەيان قىلسا،
فەساھەتدىن دەبان ھەر نەۋئنى بىر يەردىن ئايرىتسا،
سىفاتىڭ بىنىھايەتدۇركى لاتەئدۇۋۋ لاتەھسا،
ھەدىسى فاك نۇتقى جان فەزايىڭدىن تاپىپ ئەيسا،
كى ئەنفاسى تاپىپ ئەبرا ئەگەر ئەبرەس ئەگەر ئەكمەھ.

يەر ئەھلى خاھ سىپىھر ئەھلى جەنابىڭغە ئېرۇر مەيلى،
مۇئاسى، مىسكىنۇ جەننەت ئەمەس ئۇل بولسە گەر ۋەيلى،
قۇتۇلغاي سەندىن ئارتسە شەفائەت بەھرىنىڭ سەيلى،
گەر ئولسە تەختى جاھىڭ ئەرش فەرش ئۆزرە رۇسۇل خەيلى
تاڭ ئېرمەسكىم ئۇلار بارى مۇلازىم كەلدىلەر، سەن شەھ.

خۇجەستە زاتىڭ ئول ۋەقتىكى پەيدا قىلدى ئول ھادىس،
كى قىلدى خىلئەتىڭنى ئايەتى لەۋلاكغە لابىس،
ئىدى مۇمكىن ئەگەر مەئۋايىڭ ئولسە ئاسمان سادىس،
ھېسسەسى ئەرز ئەگەر بولدى مەكانىڭ قەسر ئېرۇر بائىس،
ئەگەرچە لامەكان ئەۋجى ئىدى رەخشىڭغە جەۋلانگەھ.

ئۇرۇجۇڭ «ۋەززۇھا»،① «ۋەللەيل»② بۇرھانى بىلەن ئايىن،
جەمالىڭ سۇرەئى «ۋەششەمس»③ كۆزگۈسى بىلەن ساكىن،
بۇ باب ئىچرە تەكەللۇم ئىنتىخاب ئەتسەم نېچۇك ئېركىن،
رەسۇلدىن ھېچ رەھرەۋ ھەمرەھىڭ بولماق ئەمەس مۇمكىن،
مەلائىكدىنچۇ سىررىڭدا نە رەھرەۋ كەلدى نە ھەمرەھ.

---

① بۇ سۆز ئەسلى قول يازمىدا «ھەق» دەپ يېزىلغان. قاپىيە ئېتىبارى بىلەن «جەم» دەپ ئېلىندى.

②③④ بۇلار «قۇرئان كەرىم» 30-پارە، 93-سۇرە «زۇھا»، 92-سۇرە «لەيل»، 91-سۇرە «شەمس» قاتارلىق سۇرىلەرنىڭ باش سۆزى، مەنىسى:① چاشگا ۋاقتى، كۈندۈز، كۈن چىققان پەيت؛ ② قاراڭغۇ چۈشكەن پەيت، كېچە، ③ قۇياش.

www.uyghurkitap.com



ئوشۇل خىسلەتلەرىڭىم سەندەدۇر، ئەي مۇخبىرى سادىق،
نە زىللىقدىن نىشان رەئىيىڭدە سانىڭ چەتر ئىدى فايىق،
ئەتا قىلغان ئىكەن ۋەھھاب نې ھەددۇ ھىلمۇ دانالىق،
قاشىڭغە قاب قەۋسەين ئايەتىسىدىن يوق نېمە لايىق،
ساچىڭغە ھەم سەۋادى لەيلەتۇلمىئىراجدىن ئەسبەھ.

ئانىڭ ھەر تارى يەتمىشمىڭ مۇئاسىغە كىفايەتدۇر،
گىرۇھىنى تۇتۇپ ئەھلى جەھىم ئاندىن چىقارىپدۇر،
سەھايىف ئىچرە مەرقۇم ھەم كىتابلارغە ئالىغلىغدۇر،
زەنەخدان ئىچرە گىيسۇيى كەمەندى گەر بۇ يەڭلىغدۇر،
ئېرۇر ۋەسفىڭغە بەرسەم تەۋل، يۇسۇف قىسسەسى كوتەھ.

دېگىلكىم ئىشق سوزىدا مىسالى سەڭگۇ يەخ خەسدۇر،
ھەم ئول سەۋدانى فىكر ئەتمەك ئۇلۇسغە لازىم ئېرمەسدۇر،
تەھەممۇل قىلغاي ئانىڭ ھېرقەتىگە ئول نېچۇك كەسدۇر،
سېنىڭ ئىشقىڭ نەۋائىغە ئىكى ئالەم ئارا بەسدۇر،
ھەبىبۇللاھ ئاشىقلىق ئاڭا گەرچە ھەد ئېرمەس، ۋەھ.

4

زىھى ئىشق ئەگەر پۇر خەتەردۇر ماڭا،
قەزادىن يازىلغان قەدەردۇر ماڭا،
نەۋىشتى ئەزەل خەيرۇ شەردۇر ماڭا،
لەبىڭ سارى تاكىم نەزەردۇر ماڭا،
ياش ئورنىدا خۇنى جىگەردۇر ساڭا.

نىھادىمغە چۇن ئىشق قىلدى زۇھۇر،
كۆڭۈلدە جۇر ئېرمەس ھەزىندىن سۇرۇر،
فىراق ئاتەشى سوزىدا باھۇزۇر،
دېمە «مەندىن ئايرىل داغى ئۇمر سۇر»
كى ئول ئۇمر ئۆلۇمدىن بەتەردۇر ماڭا.

ئەسايى غەم ئىلكىمدە دالۇمدا دەلق،
تەرەب شاد بابى دۇخۇلۇمدا غەلق،
گۇزىد ھەيبەئى ئىشق، ئاغزىدا ھەلق،
قىلۇر ئەيب ئاشىقلىقىم بارچە خەلق،
ئۇلۇس ئەيبى، ۋەھكىم، ھۇنەردۇر ماڭا.

بۇ ئەسرار ئېرۇر ئايماغىل ھېچ كىمە،
جۇھۇل ئالماغاي ھەرگىز ئاندىن شىمە،
جۇدائىكى دەرمان ئەمەس ھېچ نېمە،
تەبىبا، يەنە سەبردىن سۆز دېمە،
كى بۇ شەربەتىڭدىن زەرەردۇر ماڭا.

ئاڭا تۇشمەسۇنكىم رەقىبلەر كۆزى،
سەمائ ئولماسۇن غەيردىن سۆزى،
ھەسەد رەنجىغە دارۇ بولغاي ئۆزى،
دېمە، مەينى تەرك ئەتكى، ساقى يۈزى
بۇ كۆزگۈ ئارا جىلۋەگەردۇر ماڭا.

بۇ مەي ھەسرەتى بىرلە ھالىم زەبۇن،
كى مەخمۇرى مەستىمغە دەفئى جۇنۇن،
تەنىم پارە-پارە، باغىر خۇنۇ خۇن،
نەۋائى ئول ئاي ھەجرىدىن تۇنۇ كۈن،
قاتىغ شامى تىيرە سەھەردۇر ماڭا.

5

ئەمىر چۇن شەككەر ئەفشانلىق قىلىپ بۇ نۇسخەدە چەندان،
تەكەللۇملار قىلىپدۇر نەۋئىۇ نەۋئ ئۇل بۇلبۇلى دەۋران،
ئاڭا زەممى سۇخەن قىلماق ئەدەبدۇر تەركى، ئەي قۇربان،
بەلا دەشتى ئارا مەجنۇن مىنىڭدەك كۆرمەمىش دەۋران،
قويۇندەك هەر زەمان بىر كۆرمەگەن ۋادىدا سەرگەردان.

مۇئەللەق دەر مۇئەللەق بۇ بەيابان ئىچرە بىسمساك،
سىرىشكىمدىن سەرايەت ئېلتىبان رويى زەمىن نەمناك،
تەنىمدا قەشر ئەزمىم بار چۇ ئەلۋان ساغىرىلغان خاك،
تۇنۇم دەيجۇ[ر]، ئۆزۈم رەنجۇر، ئىچىم غەمناكۇ باغرىم چاك،
تىلىم لالۇ تەنىم بىهال، ئىشىم ئەفغان، سىرىشكىم قان.

سىپاهى غەم بىلە هەرشام ئېتەرمەن غۇسسەنىڭ چەڭگىن،
ۋەفاسىزلىقدىن ئەهۋالىمغە باقماس ئۇل دىلى سەڭگىن،
بۇ رەسۋالىقدا ئادەت قىلمايىن نامۇسنى يا نەڭگىن،
فىغانىمدىن فەلەك غەمكىن، سىرىشكىمدىن جەهان رەڭگىن،
نە هەجرىم ئوتىغە تەسكىن، نە ئاهىم دۇدىغە پايان.

مەكانىمدۇر هۇمايۇن تۇپراغى كويىدا هەمۋارە،
يانىم ئاستىدا فەرشىم سەڭگى دىزە بىرلەدۇر خارە،
دىلىم بەريان، تەنىم لەرزان، كۆڭۈل نالان تىلىم زارە،
باشىم غەم تاشىدىن پارە، تەنىم هەجر ئوقىدىن يارە،
كۆڭۈل بۇ يارەغە چارە تاپارغە تاپمايىن ئىمكان.

شەبى تارىك چۇن ئالەم زەمانى هەم ئەمەس رەۋشەن،
ئانىڭسىز ئەدن خارىستانىكىم ئۇل بار ۋادى هەم گۇلشەن،
قەنى هىجران چېكىپدۇر بۇ هەزىن جانىمغە مىڭ سوزەن،
فەلەك رەهزەن، زەمان دۇشمەن، بەدەن روزەن ئۆزە روزەن،
قالىپ جان هەسرەتىدىن تەن، چىقىپ تەن كىشۋەرىدىن جان.

جۇدا گەر مەن ئۆزىدىن، يادىدىن دەۋر ئەتمەسۇن سائەت،
ئانىڭ ۋەهمى ماڭا دەۋلەت، ئانىڭ فىكرى ماڭا راهەت،
مۇتىئ ئەفئال ئىچرە مەدهىن ئايماغ بىهتەرىن تائەت،

نە ئەندۈھى مەلالىمغە بەلىيەت دەشتىدەك غايەت،
نە سەۋداۋۇ جۇنۇنۇمغە مەلالەت بەھرىدەك پايان.

خىرەدگە ئەھلى بولساڭ نەفرىن ئەتمە ئىشقدىن، ئەي شەھ،
ۋەگەرنە بەرگۈچىسەن جانىغە جەللادىدەك نىشە،
مەلامەتدەك ئانى قەتئى ئەتكەلى يوق تىيرى تەر بىشە،
زەئىفۇ دەردۇ غەم پىشە، نەھىفۇ مىھنەت ئەندىشە،
زەلىلۇ بىسەرۇ سامان، قەتلى خەنجەرى ھىجران.

باشىمدا شۇئلەئى ھىجران، سۆزۈم ھەريان، ئۆزۈم غەملىق،
مۇشەۋۋەشلىك نىھايەتكىم ۋەلي ھۇشۇمدا كۆپ كەملىق،
نە ئاقىلمەن، نە دىۋانە، نە مەجنۇنلۇق، نە ئادەملىق،
كۆزۈم نەملىق، بويۇم خەملىق، ئىچىم ئەقدۇھۇ ماتەملىق،
نەھەمدەملىق، نە مەھرەملىق تاپىپ بۇ مىھنەتى پىنھان.

بەدەنگە شۇئلەلىك مەنقەل سىفەت ئوتدۇر بۇزۇغ كۈلبەم،
كى جىسمىم ئوت كەبى ئول ئوتنى ئوتغە ئەيلەمىشمەن خەم،
يىپىپدۇر شىش جىھەتدىن ئۇزۋى ئەفكارىم ئۆزە بەرھەم،
ماڭا نە يارۇ ني ھەمدەم، ماڭا نە دوستۇ ني مەھرەم،
ماڭا نە چارە ني مەرھەم، ماڭا نە سەبرۇ ني سامان.

چۇ ئەزمى ئىشق ئىتىپ قەتئەن ئازارمەن راست راھىمدىن،
كى رەھ تاپتىم ۋەلىكىن ئايرىلۇرمەن ئىززۇ جاھىمدىن،
تونۇغلۇق بەرمەسە ئىشقىم شەھادەت سور گۇۋاھىمدىن،
ھەم ئەھۋالى تەباھىمدىن ھەم ئاھى سۇبھگاھىمدىن،
ھەم ئوتلۇغ دۇدى ئاھىمدىن قارارىپ كۈلبەئى ئەھزان.

ھەبىبىڭدۇر تەراۋۇت بەخش ئەگەر بولسە مۇھەببەت كۆپ،
رىيازەت ئانچە كۆپرەكدۇر، يۈز ئانچە ۋەسل قۇربەت كۆپ،
نە ئارمان مەي مۇيەسسەردۇر، ھەر ئانچە بولسە فۇرقەت كۆپ،
نەۋائى بولسە مىھنەت كۆپ، ئىچە كۆر جامى ئىشرەت كۆپ،
نەچە بولسە سۇئۇبەت كۆپ، قىلۇر ۋەھدەت مەيى ئاسان.



# نىزامى گەنجەۋى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا

مۇھەررىردىن: ئوتتۇرا ئەسىر مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىدا ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى ئەبۇ مۇھەممەد ئىلياس ئىبنى يۇسۇپ نىزامى گەنجەۋى (1141 — 1203) نىڭ ئىجادىيىتى مۇھىم تەسىرگە ئىگە. ئۇنىڭ «پەنج گەنج» (بەش خەزىنە) ناملىق زور ھەجىملىك داستانى پۈتۈن ئوتتۇرا شەرقتە «خەمسە» چىلىكنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدىمۇ داستانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى بۈيۈك شائىر نىزامىنىڭ تېگىشلىك تەسىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ يىللىق ئىككىنچى سانىدا نىزامىنى مەخسۇس بىر پارچە ماقالە بىلەن تونۇشتۇرغانىدۇق. بۇ قېتىم ياش ھەۋەسكارلارغا نىزامىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى تاللاپ تونۇشتۇردۇق.

## غەزەللەر

مەن ئاشىقمەن گۈزەل يۈزگە، يۈزى ئايغا سالۇر غەۋغا،
نە يۈزدۇر؟ يۈزلىرى دىلبەر، نە دىلبەر؟ دىلبەرى زىبا.
ئەگەردە كۆرمىسەم يۈزىن بولۇر ئىككى كۆزۈم چەشمە،
نەچەشمە؟ چەشمەئى دۇر ئۇ، نە دۇركى؟ مەرۋايىت ئەلا.
خىرام ئەتسە ئەگەر باغدا، بولۇر ھەرياندا مىڭ گۈلگۈل،
نە گۈلگۈل؟ گۈلگۈلى بۇلبۇل، نە بۇلبۇل؟ بۇلبۇلى شەيدا.
خەيالىم بار دىلىمدا، غەم بىلە ھەمدەم خەيالدۇر ئۇ،
نەھەمدەم؟ ھەمدەمى مەھرەم، نە مەھرەم؟ مەھرەمى جانا.
نىگارىمدا گۈزەللىك كۆپ، يەنە زۇلپىدا خۇشبۇيلۇق،
نە خۇشبۇي؟ خۇشبۇيى ئەنبەر، نە ئەنبەر؟ ئەنبەرى سارا.
نىزامى، دىلبەر ئىشقىندە كېرەكتۇر ساقا بىر شەربەت،
نە شەربەت؟ شەربەتى قاتىل، نە قاتىل؟ قاتىلى بۇررا.

× ×

خاراب هالم ئىتەيمۇ ساڭا ئاشكار،
قارا كۆزگە نەسىهەت ئەيلە، دىلدار.
نىچۈن ئاشىپتەسەن، دەپ ئەتمە تەئنە،
ئۆزۈڭ كۆر ئاي يۈزۈڭ كۆزگۈدە تەكرار.
مەن ئاهىم يولىنى سەندىن ئايىردىم،
فىراق يولىنى هەم تەرك ئەيلە زىنهار.
ئەگەر تۇتسام پاناھ سىنى، دىمە ئەيب،
ئىتتۇرمەن باشقىنى پۈشتۇ پاناھ، يار.
بۇ نالان دىلنى ئەتتىڭ سەن يۈسۈپتەك،
زىناق قۇدۇقىدا زىندان گىرىفتار.
قۇرۇر ئىپار كەبى قانىم تىنىمدە،
كوكۇل ساچىڭ تاراتقاچ مۈشكى تاتار.
خىجالەتتە تىلىم لالۇ ماجالسىز،
قەلەم بىرلە پۈتەي ئۆزرىمنى بىسيار.
نىزامى بولدى بەندەڭ، شەپقەت ئەيلە،
ۋاپا كۆرسەت، جاپا قىلما، ۋاپادار.

× ×

مالامەت قىلما ئاشىقلارنى ئەسلا،
مالامەت قىلمىغاي، كىم بولسا دانا.
ئۈنىڭ ئىشقتىن بۆلەك هىچبىر ئىشى يوق،
ئەگەر بولسىمۇ ئۇ سەۋداۋۇ سەپرا.
ئىبتەك هۆل بولغاچ ئىشق ئانى ياساتماس،
نىشانى ئىشق ئۇزاقتىن كۆزگە پەيدا.
مۇقەللىد① جاي ئالالماس بۇ زېمىندىن،
ئورۇنغا ئىگىدۇر ئاشىقى شەيدا.
لۇتپ جامىدىن ئىچكىن نەچچە يۇتۇم،
چاۋاك چال، بىز بىلەن مەئشۇقى بەرنا.
ئايا ئاشىق، ئۆزۈڭدىن چەتكە چىققىن،
مۇهەببەت ئىچرە مۈشكۈللەر مۇهەييا.
بۇ يولدا نا مۇرادلىق مەنزىلى كۆپ،
بۇ يولدا زەخمى دىل دائىم هۆۋەيدا.

قولۇڭدىن كەلگىنىچە تەقۋادار بول،
نىزامى، تەقۋادارلىق دىلغا روشنا.

× ×

مىنى شۇنداق دېدىڭ، شۇنداق كۈن، ئەي دىل،
جىگەرپۈر دەردۇ دىل لىپ ـ لىق خۇن، ئەي دىل.
جۇدا قىل مەندىن ئاشىقلىق سۆزىنى،
ئۆزۈڭ لەيلا، مىنى بىل مەجنۇن، ئەي دىل،
تۈنۈ ـ كۈن ئەيلەبان پەريادۇ پەرياد،
سىنىڭ دەستىڭدىن ئولدۇم ئۇچقۇن، ئەي دىل.
قىلۇرمىشسەن سەن ئىشق ئەهلىن ناۋازىش،
ئەگەر مەن ئۇچرىسام قىل بىرۇن②، ئەي دىل.
دېمىشسەن: «گەر يىغلىساڭ قول تۇتارمەن»،
يىقىغانلار ئارا مەن مەهزۇن، ئەي دىل.
نىزامى ساڭا شېئىرىدىن ئىبيتتى مەخپى،
سىنى ئالماسمۇ قولغا ئەپسۇن، ئەي دىل.

× ×

ئەي كۆز سىنىڭدىن بىزگە نەزەر يوق،
ئەي ئەقىل، سەندىن باشتا سەمەر يوق.
ئۇ سەنەمنى دەپ، دىۋانە بولدۇق،
ئەمما نىتەيلۇق، سەندە خەبەر يوق.
كۆز ۋە ئەقىلدىن نە سۆز دېگەيمىز،
بۇ كەتتى قولدىن، ئۇندىن ئەسەر يوق.
نە يولكى، بولسا، قولدىن بېرىپمىز،
جان بېرىش قالدى، راهى دىگەر③ يوق.
بولمىسا رازى بۇنىڭغىمۇ گەر،
سوزماسمىز ئەمدى، ئەگەر ـ مەگەر يوق.
چۈنكى قىيامەت كۈنى هېسابتا،
بۇ نەقتىن ئۆزگە پۇل ـ مالۇ زەر يوق.
يوقلۇقتا كەتمەك دەخلىسىز بولسا،
بۇ مۈلك ئىگىسى، هۆرۇ بەشەر يوق.

① مۇقەللىد ــ دورامچى، تەقلىد قىلغۇچى.
② بىرۇن ــ تاشقىرى.
③ راهى دىگەر ــ باشقا يول، بۆلەك يول.

www.uyghurkitap.com

جاندىن دىلىڭنى ئۈزگىل، نىزامى،
بۇ سۆكۈت جايى، پايدا-زەرەر يوق.

× ×

گەر بىرنەزەرىڭ بۇ خەستەدىل تېنىگە چۈشتى،
لۇتفىڭلە لىۋىڭ شىرىنى سۆز مەنىگە چۈشتى.
كۆكۈل ساچىڭنىڭ ئاستىدا يۈرەك دۈپۈلدەر،
گويا ئورۇلۇپ ھالقىسى كېشىنىگە چۈشتى.
ھەسرەت ئىلە بۇيولدا ياقام چاكۇ-چاك ئەتتىم،
تا كۆزيەنە ئول كوينىكى گۈلشىنىگە چۈشتى.
غەم بىرلە ئەلەم كۈنجىدە دادىم يەتتىمىكىن،
يا قىسسىلىرىم ياخشى-يامان پېنىگە چۈشتى.
بىردەم ئېچىبان تاشلا نىقابىڭنى يۈزۈڭدىن،
دەي: «ئاتەشى خۇن گۈل بىلە سۈمەنىگە چۈشتى»
چېھرىڭ تارتىپ ھەر يانغە نۇرۇ زىيايىڭ،
چۈشتى نىزامىغا يۇ سۆزلىرىگە چۈشتى.

× ×

سابا يار بۇيىنى كەلتۈرسە مەنگە،
دېگىن، ئەيسا نەپەس جان بەردى تەنگە.
كۆزى ياقۇپنىڭ ئېچىلغانىدەك،
كۆزدىن سۈرتكەچ يۇسۇفى پىرەھەنگە.
گۈلۈ رەيھانلىرى بولدى ئەتىر بۇي،
چېچىنىڭ پۇرىقى يەتكەچ چېمەنگە.
گەھى غۇنچە چاپانىن چاك ئېتەردى،
گەھى غەۋغا يېتەتتى ياسۇمەنگە.
ئېپار ھىدلىق چېچى جانىمغا راھەت،
سەھەر چاغ يەتسە گەر مۇشكى خوتەنگە.
ئۆلۈك يۈز يىلدا چىن دوستىغا يېتىشسە،
ئەجەبمەسكى، كىرەك كىرسە سۇخەنگە.
ۋىسالى شۈكرىنى قىلسا نىزامى،
يېقىملىق سۆز تارار دۇنيا-چىمەنگە.

× ×

شاد ياشا، بۇ زامان غەمگە ئەرزىمەس،
قىسلىمغىن، كۆپۈ-كەمگە ئەرزىمەس.
ئارپا دېنىچىمۇ تۇرمايدۇ ئۆزى،
زۇلمىمۇ كۆز ياشۇ نەمگە ئەرزىمەس.
كۈندۈز دىل ھاياجان ۋە روشەنلىكى،
سۈبھىدەم سالقىن شەبنەمگە ئەرزىمەس.
دېدىڭكى، بۇ كەم-كەم تۈزۈلۈپ قالۇر،
توغرىمەس، بۇ سۆز بىردەمگە ئەرزىمەس.

× ×

نىگارىم ئىشقىدا ھەردەمدە قىيناقتا كۆيەر جانىم،
بىرەرمۇ تىنىچ نەپەس يوق، ئاتەش ئىچرە قالدى ھەر ئانىم.
ئاياغىمغا غەم ئوت تاشلار، تۇتاشقاي باشقا ئۇ ئاخىر،
قولۇم ئالماس كىشى بىردەم، كۆيەر تا پۇتۇ پايانىم.
سېنىڭسىزمۇ ھاياتىمشەن كىشىلەر بوھتانىچە،
قۇلىدۇرمەنكى ئۇ تىلىنىڭ، دېسە: «كۆيمەس بۇ بوھتانىم».
ماڭا مەيل ئەتمىدىڭ نىچۈن، دېسەم، كۆيمەكلىكىڭدىن شاد
ئىكەنسەن، نازەنىن، گىدەيمە، يارىم، ئۆرتەپ ئىمانىم.
مېنىڭ ئوتتەك يۈرىكىم توپ كەبى چەۋگانىغا چۈشتى،
ئەجەبكىم كۆيمىدى چەۋگان بۇ ئوت چۈشكەن ئاشۇ ئانىم.

× ×

ساقىيا، مەي بەر، بىكار ئولتۇرمىغىن، كەلدى باھار،
بەخت ھەم بىكارچىلىقتىن ئىشقا بەردى ئىختىيار.
تېرىغانىمدىم ۋاپا ئۇرۇقى ئىشقىم بېغىدا،
ئۆل كۆچەتمۇ ئۆستى، ئۆندى مېۋىلەر بەردى قاتار.
دىل چۆلىن باغرىم قېنى بىرلە سۇغارىپ، ياشنىتىپ،
قويغاندىممەن، بۇ كۈنى ئۇۋغا كەلدى شەھرىيار.
خاتىرۇ كۆڭلۈم بارابەر ئىزتىراپتا ئىدىلەر،
خاتىرىمغا كەلدى ئاسايىشلىقۇ دىلغا قارار.
قايدا بۇندىن ئارتۇق ئىقبالۇ سائادەت بۇ يوسۇن؟
كەلدى يارىم، ئەي دىلىم، خىزمەتتە بول، كەلدى نىگار.
ئەي نىزامى، جان ئىلە شۈكرانە قىلماق شەرت ئېرۇر،
غەرق ئولۇش ۋەھمى ئەگەر بولسا كېمە، تەييار كانار.

× ×

قايداكى سەن بار، قەمەر نەلازىم،
كىمگىكى سەن يار، شەكەر نەلازىم.
ئۇ تۈندە، ئايدەك چىقىپ كېلۇرسەن،
دەرلەركى، بۇ كەچ سەھەر لازىم.
ھۆسنۈڭ ئۈمىدى دىلىمدا يارقىن،
شۇ دۇردىن ئۆزگە گۆھەر نە لازىم.
قاچاندۇر ئاخىر ئىشىكىم ئاچقىن،
بولمىسا ھەممە دەردلەر نە لازىم.
ۋەدە بېرىسەن، نىچۈن ۋاپا يوق،
مېنىڭ غېمىم شۇ، دىگەر① نە لازىم.
قۇللۇقتىن ئېرۇر نىزامى لاپى،
ساچىڭدىن ئۆزگە كەمەر نە لازىم.

× ×

گۈل مەيگە قاراپ چۈنان كۈلۈپتۇ،
ھەتتا يىلىك ـ ئۇستىخان كۈلۈپتۇ.
بۇ قەھقەھە باغنى ياشنىتىپتۇ،
لالە ۋۇجۇددا جان كۈلۈپتۇ.
ياش تۆككەن ئىكەن سەھەر بۇلۇتى،
ئۇل گىريەدىن ئەرغىۋان كۈلۈپتۇ.

× ×

دىلىمدا قالمىدى تىنچلىق ۋە ئارام،
تەلىپىم كەتتى ئۇ مەشۇقى بەھرام.
ئۇچۇر يەتكۈز، سابا، يارىمغا تېزدىن،
بېرىپ ئۇنىڭغا دېگىن، ئەي دىلئارام.
قاچان مەندىن ئۇزاق كەتتىڭ ئاشۇنچە
نە ھۇش قالدى، نە قالدى ئەقلۇ ئارام.
ئىچىپسەنمۇ غېمىمنىڭ شەربىتىن سەن،
ئەي ئارچا بويلۇقۇ ھەم سىيمىن ئەندام.
يۈگۈردۈم ھەرتەرەپ مەنمىسلى مەجنۇن،
تىلىمدا لەيلى نامى سۈبھىدىن شام.
يۈگۈردۈم ئەرتە ـ كەچ مەنزىلمۇ مەنزىل،
تەلەپ ئەيلەپ سېنى، ئەي چېھرى گۈلپام.
نە سەندىن بىر خەبەر تاپتىم، نە بەلگە،
نە سەندىن ماڭا ساغەر بار، نە بىر جام.
كوكۈل ساچىڭغا چۈشتۈم مىسلى ئۈۋمەن،
قولۇ پۇتۇمغا ساچىڭ تاشلىدى دام.
غەزەل ئېيتماقنى قوي ئەمدى، نىزامى،
كىرىپ خىلۋەتكە چوك، چۈش زارۇ ناكام.

---

① دىگەر ــ باشقا، بۆلەك، ئۆزگە.

× ×

دەرىغا دىل، دەرىغا دىلكى، دىلدار تاپمىدىم ھەرگىز،
غېمىم ئاڭلار، غېمىم ئاڭلاركى، غەمخار تاپمىدىم ھەرگىز.
بۇ مىسكىن دىل ۋاپادارلىق ئۈچۈن بولدى خىجىل دائىم،
ۋاپادارلىق قىلىپ، ھېچبىر ۋاپادار تاپمىدىم ھەرگىز.
دىلىمغا سۆھبىتى ئارام سۆھبەتداش تاپاي نەدىن،
ئەگەر بىلسەڭ خەبەر يەتكۈز، بىرەر يار تاپمىدىم ھەرگىز.
ھاياتىم خەرج ئېتىپ دوست ئاشنالار يولىغا ھەردەم،
كېتەرمۇ ئۆمۈر بىھۇدە، خېرىدار تاپمىدىم ھەرگىز.
ئەگەر دوستلار ئارا ساھىبى دىل بولسا بۇ ئالەمدە،
قىدىرمىشمەن نىچۈككىم مەن بىرەر يار تاپمىدىم ھەرگىز.
بۇ سەھرادىن كىمى گۈل تەرسە، ئول خەندان بولۇر ئەلبەت،
خارابىمان خار تەردىمغۇ گۈلسىنار تاپمىدىم ھەرگىز.
نىزامى، سۆز دۇردىن ساچىپ، پەقەت شىرۋان سارى بارغىن،
شەھەنشاھدىن بۆلەك ئادىل خېرىدار تاپمىدىم ھەرگىز.

× ×

دىلىمدا غۇسسە-غەم بىسيارۇ بىسيار،
خارابات شەۋقىيۇ خۇمارۇ خۇمار.
بەختسىزلەر يولىن تۇتتۇم، يولى شۇ،
رىياكارلار دەمى دەركارۇ دەركار.
نە قىلسۇن مەندە تەسبىھ، ئەي يېقىنلار،
بۇ خىرقەم ئاستىدا زۇنارۇ زۇننار.
كىرىست ھەم قوڭغۇراقتىن پەخر ئەتتىم،
ناماز تەسبىھكە دىلدا ئارۇ يۈز ئار.
نىچۈن پاپام كېسەر ئۇ مۇھتەسىبكىم①،
نە بولغاي گەر دىلىم مەيخارۇ مەيخار.
كىرەي دەۋا بىلەن مەيخانە ئىچرە،
بازاردا جارچىلار قاتارۇ قاتار.
مېنىڭ ئىلكىمدە ھېچ مالۇ مۈلۈك يوق،
نە قورقۇش ئوغرىدىن، نە زارۇ بىزار.
مۇھەببەت زۇلمىدا، مىڭ-مىڭ شۈكرىكىم،
تېنىمدە باشۇ باشقا سىرتماقۇ دار.

بۇ ئىشلار ئىچرە ئەيىب ئەتمە، نىزامى،
قەلەندەرچە يولۇم بارۇ يولۇم بار.

× ×

سەن بىلەن بۇ قۇل نىچۈن خۇشدىل ئەمەس؟
ئۇ پەلەك غەۋغاسىدىن غاپىل ئەمەس.
سەن بىلەن جان خەۋپىدە، سەنسىز جاپا،
ئاقىبەت ئىش ئوڭ ئەمەس، بىدىل ئەمەس.
ئۆمرۈم ئۆتتى ھەققىنى سەندىن تەلەپ—
ئەيلىسەم، سالغىن قۇلاق، باتىل ئەمەس.
سەنسىزدىن كەتتى قولۇمدىن ھاسىلىم،
سەنسىز ئەي جانان، مۇراد ھاسىل ئەمەس.
سەنغۇ نەخ، يانىڭدا يولدىن ئۇرغۇچى،
ھېچ ماڭا بۇنداق ئورۇن مەنزىل ئەمەس.
بۇ نىزامى، كۆرسىمۇ جەبرۇ جاپا،
كۆڭلى ئەسلى ئۆزگىگە مايىل ئەمەس.

× ×

ئىشلىرىمۇ بۇ چىگىش، ساچىغمۇ، روزگارىم مېنىڭ؟
نۇكتەمۇ، ئاغزىڭمۇ ئۇ ياكى دىلى تارىم مېنىڭ؟

① مۇھتەسىب—دىنىي قائىدە-نىزاملارنى تەكشۈرگۈچى.

تۈن قارامۇ ياكى دىلىڭ، خالىڭمۇ، ئەھۋالىم مېنىڭ؟
شەھدى شىرنىمۇ، لېۋىڭ ياكى شەكەر بارىم مېنىڭ ؟
يارقىراق ھۆكەرمۇ، دۇرمۇ، چىشلىرىڭمۇ، ئەي سەنەم؟
بويلىرىڭمۇ تۈپتۈز ئۇ، قارغايمۇ، گۇپتارىم مېنىڭ؟
نۇر بېرىدۇ ئايمۇ، قۇياشمۇ يا يۈزۈڭ ياكى سۆزۈم،
يا تۇراقسىز تەلىيىم، خۇلقۇڭمۇ يا كارىم مېنىڭ؟
قىڭغىر ئۇ، ۋەدەڭمۇ يا بويۇممۇ يا رايىڭ سېنىڭ؟
سۆزلىرىڭمۇ بىئاساس، يەل، خام خىيال زارىم مېنىڭ؟
مەندە يوقتۇر سەۋر قىلچە، سەندە ۋەدىگە ۋاپا،
بىئەدەد ھۆسنىڭمۇ ياكى قايغۇ بىدارىم مېنىڭ؟
كۆزلىرىڭ خۇنرىزراقمۇ يا پەلەك يا شاھ تىغى،
يا ئۆتتىڭ غەمزەڭمۇ يا شەمشەرمۇ، بازارىم مېنىڭ؟
دىلنى ئۇۋلارمۇ ۋىسالىڭ يا مېنىڭ شېئىرى سۆزۈم،
دىلنى ئۆرتەر ئايرىلىشمۇ، ياكى ئاھ زارىم مېنىڭ؟

× ×

كەلدى باھار، ئىشق پەسلى بۇ، مەشۇقى گۈل رۇخسار قېنى؟
ئىشق ئەھلىگە تولدى بۇ باغ، ئاخىر دىگىل، دىلدار قېنى؟
خىرمان بولۇپ دىبايى①چىن، زىبا بولۇپ سەھرا چۇنىن②،
دەۋاگەر ئېيتچۇ راستىن، ساچى ئىپار ھىد يار قېنى؟
ھەردەمدە شەيدا بۇلبۇلى، يەتتى قۇلاققا غۇلغۇلى،
كىمگە نېسىپ ئالەم گۈلى، بىزەخمەتۇ بىخار قېنى؟
بۇلبۇل ھامان ئەيلەر فىغان، ھەر نالىسى سۆزلەر راۋان،
پەس سۆزلەيمەن، كەزدىم جاھان، بىر دوستى مەنادار قېنى؟
ھېچ تاپمىدىم دوستتىن ئەسەر، ئۆتكەن يىلۇ يىللار دىگەر،
بۇ يىل يانا تاشلا نەزەر، چىن دوست قېنى؟ چىن يار قېنى؟
كۆپ باشنى چەرخ پەسكە يېقىپ، كۆپ دوستلار قولدىن چىقىپ،
ھەم ۋەھىملەر دىلنى سىقىپ، ھوشيار دىل ئازار قېنى؟
ئەتە، نىزامى، ئاچما لەب، كىرسەڭ ئەگەر باغى تەرەپ①،
كىم كۆرسە گەر، دېسۇن «ئەجەب، بۇلبۇلى خۇشگۇپتار قېنى؟»

× ×

يۈز يۇسۇپى كەنئاندۇر، يوللىرىڭدا ھەيراندۇر،
يوللىرىڭدا ھەيراندۇر، يۈز يۇسۇپى كەنئاندۇر.

① دىبا — چىرايلىق گۈللەر چۈشۈرۈلگەن يىپەك رەخت.
② چۇنىن — شۇنچە، شۇ قەدەر.
③ تەرەپ — شادلىق، خۇشاللىق.

لەبلىرىڭ دۇر ئەپشاندۇر، ياقۇتۇ زىبا چاچقان،
ياقۇتۇ زىبا چاچقان، لەبلىرىڭ دۇر ئەپشاندۇر.
يەككە ئۆزى سۇلتاندۇر هۆسن ئېلى دىيارىندا،
هۆسن ئېلى دىيارىندا يەككە ئۆزى سۇلتاندۇر.
سىرلىق بېقىشى جاندۇر، ئاشۇبى جاهاندۇر ئۇ،
ئاشۇبى جاهاندۇر ئۇ، سىرلىق بېقىشى جاندۇر.
تەن ۋە جاندا پىنهاندۇر غەمزەسى نىزامىڭا،
غەمزەسى نىزامىڭا تەن ۋە جاندا پىنهاندۇر.

## رۇبائىيلار

ئەي ئۆز قامىتىدىن بولغان سەرەفراز،
كۆزلىرىڭ پىستىرما قۇرغان تىيرەنداز.
ساچىڭ هالقىسىدىن دىلى قان بولۇپ،
بەلنى باغلىمىدى بۇ كۆڭلى جانباز.

× ×

هالىمىزنى پىسەند ئەتكەيسەن، جانا،
هۆسنۇ جامالىڭغا كۆزۈم ناراۋا.
كەيقۇ باد، خۇسراۋلار يەتمىگەن ۋەسلىڭ،
بۇ شورىدە هەۋەس ئەتسە نە سەۋدا.

× ×

خۇشاللىق ئاساسى تارتىپ قالدى نەم،
ئەيش-ئىشرەت چۆشتى كىشەنگە مەهكەم.
نىچۆك شاد بولارمەن؟ شادلىق بولمىسا،
نىچۆن غەم چېكەرمەن؟ قېنىمدىغۇ غەم.

× ×

ئىنئامىڭدىن ئەسەر كۆتتۈم، بولمىدى،
دۇئاگۇيىغا نەزەر تۇتتۇم، بولمىدى.
رەنجۇ مېھنىتىڭگە شېرىكمەن، ئايان،
راھىتىڭدىن خەبەر كۆتتۈم، بولمىدى.

× ×

ئۆمرىمىزغۇ شام ۋە خۇپتەن ئاراسى،
ياخشىلىق قىلىدۇ ئادەم ئەلاسى.
بۇ دۇنيا هېچكىمگە قالماس ئەبەدىي،
دوست دىلىنى ئوۋلا، گەپنىڭ خۇلاسى.

× ×

يول باستۇق، ئىش قىلدۇق، بارچىسى ئۆتتى
زامان سازلىق قىلدۇق، باقمىدى كەتتى.
پىغان چەكتۆك، ئەمما قېنى ئۆنىمىز،
ئۆمۆر خەزىنىمىز دەم ئۆتمەي پۆتتى.

× ×

ئەي كۆز، كۆرمىدىڭمۇ جانان كەتكىنىنى،
يىغىمىزنى كۆرۆپ، خەندان كەتكىنىنى.
بىر-بىرىنى سۆيەتتى جانۇ دىلىمىز،
ئۇ بولسا باقماستىن شادىمان كەتكىنىنى.

× ×

ئىشق كۆچىتىنى دىلغا تىكتىم غېمىڭدىن،
نى-نى ئەلەملەرنى چەكتىم غېمىڭدىن.
نە سۆزلەي، غېمىڭدە تويدۇم جېنىمدىن،
ياخشىسى دېمەيچۇ لام-جىم غېمىڭدىن.

× ×

ئەي پەرىزات، چىشىڭ بۇ ئاجىز پەلەك،
زامانە ئادالەت كۆرسىتىپ ئەندەك.
دەرياغا خوپ كۆرۆپ دېسە شۇ سۆزنى،
«مانا، دۇرنى شۇنداق ياسىماق كېرەك».

× ×

يار كويىدا كۆڭۈل چاقچان چاپىدۇ،
بىۋاپا يارنى دەپ، هەريان چاپىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەس-ھوشتىن ئايرىلغان دىۋانە كۆڭۈل،
دىۋانە نە بىلسۇن قايان چاپىدۇ.

× ×

قاچانكى يار قولغا قىزىلگۈل ئالۇر،
گويا مەيگە تولار ئۇ جامى بىللۇر.
گۈل يۈزى گۈل بىلەن كىرسە پەردىگە،
بارچە گۈزەللىكەر ئۇندا جەم بولۇر.

× ×

بۇ ۋىسال كېچىسى بىر پەستەك ئۆتەر،
خۇشال نەپەس ئال، بىر نەپەستەك ئۆتەر.
شادلىق لاچىنى بول، يىرقلۇق كەلختى،
باقا قۇشى ئەمەس، مەگەستەك ① ئۆتەر.

× ×

دىلنى پەقىرلىككە پىدا قىلايلۇق،
يانا زەخمىستگە ۋاپا قىلايلۇق.
خىلۋەتتە ئولتۇرۇشنى ئادا قىلايلۇق،
كۆڭۈل نىشانىنى بەنا قىلايلۇق.

× ×

كاۋاب يېيەلمەيمەن، تويغان مەن ئۆزۈم،
دوستىسىز يۇتۇم سۇغا قارالماس كۆزۈم.
شاھانە مەجلىستە مەستلىك يوقسۇللۇق،
مەن يوقسۇل، شارابقا يوق تاجاۋۇزۇم،

× ×

كەيىپ قىلىشار كىمگە شاراب يېتىشسە،
دەرد ئاشخانىسىدىن كاۋاب يېتىشسە،
ئۇلار مەجلىسىنى ھەۋەس قىلىمەن،
ئەجەب يوق ماڭىمۇ گۇلاب يېتىشسە.

× ×

ماڭا ياۋغان ② كەردىم، شۇمۇ يېتىدۇ،
غېمىم يېمەس سەنەم، شۇمۇ يېتىدۇ.
ئۆلسەم دىلىم تاتىلار شۇ بىرلا نەرسە،
سەنەم تۇتماس ماتەم، شۇمۇ يېتىدۇ.

× ×

ئادالەت پەرزەنتى زەپەردۇر، زەپەر،
زۇلۇمنىڭ مېۋىسى زەرەردۇر زەرەر.
سېخىيلىق ئەيىبىگنى ياپىدۇ ئاسان،
ئەمما بەخت ئاساسى ھۈنەردۇر، ھۈنەر.

× ×

سەرۋى قەد كەينىدىن يۈگۈرمە چەندان،
خەلقىلىك تەنىسگە بولىسەن نىشان.
دېگىن پايدىسىز پەند بەرمە، دانىشمەن،
ئىختىيارسىز تارتار ئۇ قاشى كامان.

× ×

بەلكى سەركەشلىكنى كۆرۈپ باشاقتا،
بېشىنى ئۈزدىلەر ئۇنىڭ ئورغاقتا.
تۈگمەنگە سېلىپ قىلدىلەر كۈكۈم،
ئاۋۋال پوستىن شىلىپ، ئۇرۇپ تاياقتا.

× ×

پىغان چەكسەم دوستمۇ چېكىدۇ پىغان،
سەۋر قىلسام ئەگەر كۆزلەر نىگاران.
پەقەت بىر نەرسىدىن دىلدا ۋەھىمە،
رەقىبىم دادىغا يەتمىسۇن جانان.

× ×

ئىشقىنىڭ مەست قىلغانىغا قىلمىغىن بىداد،
ۋاپا يولىدا مېھرىڭ ئېتەر ياد.
ئەيىنەككە قارىغىن كەتمىسەڭ ھوشتىن،
ھەق سېنىڭ كۆڭلۈڭدە دەرمان ئۆمۈرباد.

× ×

ئىشقىڭ ئاتىشىدىن ئىستىتمام ئاشكار،
دەردىڭدىن ھەلقۇمغا كەلدى جان، ئەي يار.
يۈزۈڭگە يوشۇرۇپ باقسام، ئەي دىلدار،
ئۆلتۈرمىسە ئەجەب مېنى شۇ دىيدار.

× ×

ئىچىمىلىكلەر ئىچرە شاراب ئەلاراق،
مەيلەرنىڭ ئىچىدە مەي - نان ئەلاراق.

---

① مەگەس — چىۋىن.

② ياۋغان—ياغسىز، گۆشسىز تەييارلانغان سۈيۈق سەلەك تاماق.

ئالەم خارابەزار، ئاۋات جايى يوق،
خارابىدا بولساڭ خاراب ئەلاراق.

× ×

ۋاپا يولىدا تەن ۋە جانىڭنى بەر،
مالۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش، خانۇ مانىڭنى بەر.
ئۈمىد سۈپرىسىنى يىغ ئىككى جاھاندىن،
پارىغ ئولتۇر، ئىككى جاھانىڭنى بەر.

× ×

غىمىڭ يۈكىنىپەلەكمۇ كۆلچىيەلمەيدۇ،
جەبىرىڭدىن ھېچ كۆڭۈلزەھەر ئىچەلمەيدۇ.
شەۋقىڭدىن ئاشىقلار شۇنداق بىرەر جان،
ھەتتا ئەزرائىلمۇ يىپ ئىشەلمەيدۇ.

× ×

بۇ لەۋلەردە شېكەر ۋە سۇ ئارىلاش،
خۇمار كۆزلىردە ئۇيقۇ ئارىلاش.
ۋاي، تازا ئېچىلغان بىنەپشىگە باق،
باش كۆتەرمىش ئوت ۋە سۇ ئارىلاش.

× ×

تۇرۇپ كەل سەن ئۈچۈن ھۇجرامىياساتتىم،
دەستۇرخاننى ئۈلپەت ئۈچۈن تۈزەتتىم.
شاراب ھەم كاۋاپقا شېرىك بول سەنمۇ،
ئۇلارنى كۆز ياش ھەم دىلدىن ياراتتىم.

× ×

سەن ئۇندا قالدىڭ، مەن بولسام بۇندازار،
خىيالىڭدىن ئۆزگە يوقتۇر ھېچ غەمخار.
يەر يۈزىگە سىزىپ سىنىڭ سۈرىتىڭ،
قارىسام كۆزۈمدىن خۇن ئاقار، نىگار.

× ×

ماڭا داۋا سىنىڭ مەسىھا دېمىڭ،
زەخمىمگە داۋادۇر سىنىڭ مەلھىمىڭ.
مەن ئۈزرىڭ، سەن جۇرمىم ئېتىمىز دائىم،
سەن قىبلەم، مەن بولسام يۇتسەمەن غېمىڭ.

× ×

كۆك گۈمبەز تېگىدە تاپماستىن تىنىم،
پەرگاردەك ئايلاندىم سەرگەشتە مۇقىم.

بەكمۇ كۆپ ئاختۇردۇم ھېچ تاپالمىدىم،
بىر مۇۋاپىق دوستنى، بولاتتىم تەسلىم.

× ×

خۇشالمىز، بىردەمنى ئالمىدۇق بىغەم،
كۆپ قانلار يۇتساقمۇ دەم ئۇرمىدۇق،دەم.
ئاھ شولىسى چىقماي ئېچىلمىدى لەۋ،
قەترە تامماي كىرپىك بولمىدىمۇ نەم.

× ×

بىزلەركى، جەينامماز بىرلە ياپتۇق خۇم،
مەيخانا تۇپىسىدا قىلدۇق تەيەممۇم.
دوستلارنى بۇتخانا ياكى چىركاۋدا،
ئۇچراتساق ئۇنى بىز ئەيلىگەنتۇق گۇم.

× ×

ۋاقتى يەتتى، خىلۋەتتىن چىقىرىپ ئۆزنى،
ياخشىمۇ يامانىدىن يۇمايلى كۆزنى.
ئاۋۋال ئۆز ئىشىمىز پايانىن بىلىپ،
كېيىن باشقىلاردىن سورايلى سۆزنى.

× ×

بىر كۈن يەمەنشاھى گۆرى ئۈستىگە بارسام،
قول ئۇزاتتى تۇتتى كەپەن، كۆرسىتىپ كەرەم.
ۋە دېدى: «بۇ ساخاۋىتىم ئەيىب ئەيلىمىگىن،
بۇ دۇنيادا بۇندىن باشقا يوق بىرەر نەرسەم».

× ×

رەب، ناز ئۇيقۇدىن ئۇنى بىدار قىل،
ھۆسن ـ جامالىدىن مەست، ئەمدى ھوشيار قىل.
يا مېنى بىخەبەر قىل ئۆز ھالىمدىن،
يا ئۇنى ھالىمدىن سەن خەۋەردار قىل.

× ×

بۇندا ھەركىم توپلار مال، زەر ئېتەككە،
جاننى قولغا ئالۇ سال زەر ئېتەككە.
ئىشق دېڭىزى توپانلىق ھەم چېكى يوق،
قىڭغىر ـ قىيىق قاچان يېتەر ئېتەككە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

× ×

بولدىغۇ روزگارىم سىياھ، غېمگىدىن،
تىلك قەددىم كاماندەك دۇتا، غېمگىدىن.
پىراقىڭ شۇنچىلىك ئەيلىدى شىتاپ،
بېشىمغا كىيىلدى كۇلاھ، غېمگىدىن.

× ×

سابا، سۆزۈم نىھان، ئەتەيلەپ ئېيتقىن،
يۈزتىل بىلەن لەۋئېچىپ ئاستىلاپ ئېيتقىن.
تۆيۈۋقىسىز گەپ قىلما، مالال يەتمىسۇن،
گېپىدنى كەلتۈرۈپ، ئاۋايلاپ ئېيتقىن.

× ×

دەرۋىش خەستىلىكتە چېكەر سوغۇق ئاھ،
نە دۆلىتى قالدى ۋە نە جاھان ئاھ.
يوقلۇق سەپىردگە دەرۋىشلىك ياخشى،
نە شاھلىق تەشۋىشى، نە تاجۇ كۇلاھ.

× ×

كېچە تۈن يېتىشنى ئارامۇ ئىشرەت،
يېنىمدا تازا گۈل بىر ماھى تەلئەت.
چېچى گەردىننى ئالغان كاماندا،
گەردىنىدە چېچى ئۆرۈلگەن قات ـ قات.

× ×

كاشكى كۆرسە ئىدى خەلق، ئۇ سەنەمنى،
بىلەرمىدى ماڭا كەلگەن ئەلەمنى.
ئاشىق يىغىسىدىن كۇلۇشنى قويسا،
تاپماس ئىدۇق بىرەر بىيدىل، بىغەمنى.

× ×

خالى بولسا بۇ بىچارە دىل يارۇ دوستتىن،
كىم يارۇ يۆلەكسىز ئىشلىرى قىيىن.
بىر ـ ئىككى نەپەسكە بېرىلمىش ھايات،
دىل بولسا دىلدارسىز كۈن ئۆتكۈزمىگىن.

× ×

جاھاندىن تاپماستىن مۇۋاپىق دىلدار،
بىھۇدە كېزىمەن ئىشلىرىم دىشۋار.
جىگەرىم قانى ھەم كۆز يېشىم بىلەن،
دىل ھالىم يازىمەن دىۋارمۇ دىۋار.

× ×

گەر ئاھ ئۇرسام نەگە يېتەر پەريادىم،
سەبىر قىلسام تۈگەر ئۆمرى ئابادىم.
بىراۋنىڭ سەۋداسىن بىراۋغا بەمەس،
ھەر نەپەس سەندەدۇر، يار، پىكرى يادىم.

× ×

نەي، دەركى: «ئايىغىم لابدا ئىدى بەس،
ماڭا ئورغاق سالدى ھاۋايۇ ھەۋەس.
ئېغىر جاپا چەكتىم كىمنىڭ قولىدىن،
ئەيۇ قىلاي دىلدىن نالىسام نەپەس.»

× ×

كۆكۈل بەرسەم سەندىن قىلاي شىكايەت،
بىلەمسەن نە ئۈچۈن ئەرزىم بىناھايەت.
پەردە يىرتىلمىسا سېنىڭ ھەققىڭدە،
بىناھايەت قىلار ئىدىم ھېكايەت.

× ×

ئەيدەرۋىش دىل، شاۋ-شۇ كۆتۈرۈپ ھەرگىز،
ياخشىيۇ ياماندىن سەن ئۆرىسەن يۈز.
پايدا يوق چاچلىرىڭ چۇشۇپ كەتسىمۇ،
بېشىڭدا تۈگۈن بىر چاچ بولسا ھۇنۇز.

## «مەخزەنۇل ئەسرار»دىن

### بۇلبۇل بىلەن قارچىغا

گۈلشەن ئارا گۈللەر ئېچىلغان زامان،
قارچىغىغا دېدى بۇلبۇل خوش زۇۋان:
«بارچە قۇشلار ئارا ئۇنچىقماسى سەن،
ئېيتقىنا، سەن بۇ دۇنيانىڭ نېمىسى سەن؟
بارچىدىن مەھكەمرەك يېپىقتۇر لىۋىڭ،
بىرەر سۆز ئېيتىشقا يوقتۇر تەلپىڭ.

چايىنىڭ شاھ بىلىگى يا ئىگەر قىشى،
يېمىشنىڭ ياۋايى كەپتەرنىڭ گۆشى.
مەن بولسام، ھەر نەپەس غايىب تېگىدىن،
يۈز گۆھەر چىقىرىپ سۆز چۆنتىگىدىن.
نىسىۋەم قۇمرۇسقا، قۇرت تېرىپ يېمەك،
تىكەنلەر ئىچىدە ئورنۇم، يوق تۆشەك».
قارچىغا دېدىكى: «سالغىنىسەن قۇلاق،
جىملىقىمىدىن سەنمۇ جىم بول بالدۇرراق.
مەن بىرئاز ئۆگەندىم دۇنيا سىرىنى،
دېمەيمەن ئىشىمنىڭ مىڭدىن بىرىنى.
سەن بولساڭ دۇنياغا ئاشۇپتە مەجنۇن،
ھېچبىر ئىش قىلمايسەن، تىلىڭدا مىڭ ئۇن.
مېنىڭ جىملىقىمدا مەنە كۆپ، جىگەر،
شاھ قولى جايىمدۇر، يېمىشىم كەپتەر.
سېنىڭ بار-يوق ئىشىڭ، ۋالاقلاش تامام،
يېمىشىڭ قۇرت-قوڭغۇز، ئىررۇر ۋەسسالام».
پەردۇن نامغاماس خۇتبە ئوقۇماق،
ناغرىغا نە ئۇچۇن سېلىشار قۇلاق.
تاڭ ئاتقاندا خوراز چىللايدۇ، كۆزەت،
كۆلكىسى بۇ يەردە مەسخىرە پەقەت.
نەزمە ئاۋازىنى كۆتۈرمە، زىنھار،
بۇندا نىزامىدەك قۇرماستىن دىۋار.

## سۇلتان سەنجەر ۋە كەمپىر ھېكايىسى

بىر كەمپىر بېشىغا چۈشكەنتى سىتەم،
سەنجەر شاھ پېشىنى تۇتتى ئۇ مەھكەم.
«ئەي سۇلتان، ئىنساپىڭ كۆرمىدىم ھېچبىر،
ئۆمۈر بويى سەندىن كۆرگىنىم ئەلەم.
كېچە كوچىمىزغا كېلىپ مەست مىرشەب،
بەدىنىمگە تەپتى بىكار، بىسەۋەب.
ئۆيۈمدىن چىقاردى چېچىمدىن سۆرەپ،
گۇناھىم نېمىدۇر، نېچۈن بۇ غەزەپ.
زۇلۇم تامغىسىنى بېسىپ تېنىمغا،
ئالەم شولىسىنى سېلىپ دىلىمغا.
دېدى: «پالانى كۈنى خۇپتەندە،
كوچاڭدا كىم ئادەم ئۆلتۈردى، سۆزلە؟»
ئۆيلەرنى ئاختۇردى ئىستەپ قانخورلۇق،
ئەي شاھ! بۇندىن ئارتۇق بولۇرمۇ خورلۇق؟
مىرشەب غەرق مەست كېلىپ قىلسا بىدادلىق
بۇنداق يۇرتتا قاچان بولۇر ئاۋاتلىق؟
ئىچكۈلۈكبازلارغا قالسا ۋىلايەت،
كەمپىرلەر بېشىغا چۈشەر جىنايەت.
كىمكى بۇ زۇلۇمغا تاشلىماس نەزەر،
مېنىڭ پەردەم، سېنىڭ ئەدلىڭ كۆتۈرەر.
ئېزىلىپ كەتتىمۇ مەجرۇھ بۇ كۆكسىم،
پەقەت كۆكسىم ئەمەس، دىلىم مىڭ تىلىم.
دادىمغا يەتمىسەڭ بىلىپ قوي شۇنى،
ھېسابىن بېرەرسەن قىيامەت كۈنى.
سەندىن كېلۇر دائىم زۇلۇم بىدادلىق،
كۆرمىدىم زۇلۇمدىن بىردەم ئازادلىق.
شاھلاردىن يېتىشەر ياردەمۇ يارلىق،
سەندىن كۆرگىنىمىز زۇلۇم ۋە خارلىق.
يېتىم مېلىنى تارتىپ ئالماقمۇ ئاسان،
ئەمما ئۇنداق قىلماس پاكىزە ئىنسان.
قېرى-چۈرىلەر مېلىغا قاراپ ئالمايول،
ئاق چېچىدىن ئۇيال، ئاڭا سوزماقول.
بەندىسەنۇ شاھلىق دەۋا قىلىسەن،
نېچۈك شاھسەن ياۋۇز ئىش ئورنىتىسەن؟
شاھ بولساڭ تەرتىپكە چۈشسۇن ۋىلايەت،
رەئىيەت ھوقۇقىن قىلغىن رىئايەت.
شۇندا پەرمانىغا باش ئېگەر خەلقىڭ،
ھەر دىلدا مۇھەببەت قوزغىتار خۇلقىڭ.
ئالەمنىڭمۇ زىرۇ زەبەر ئەيلىدىڭ،
ياخشى قارا، نېمە ھۈنەر ئەيلىدىڭ؟
روناق تاپقانىدى تۈركلەر دۆلىتى،
ئادالەتتىن گۈللەپ چوڭ مەملىكىتى.

www.uyghurkitap.com

سەن بولساڭ زالىملار، دۆلەر باشچىسى،
سەن تۈرك ئەمەسسەن، ھىند قاراقچىسى.
سەن بىلەن ۋەيرانە شەھەر، ئۆيىمىز،
دېھقانلار خامىنى سەن بىلەن دانسىز.
قىلمىشىڭ ئويلاپ كۆر، نەدۇر ئاقىبەت،
ئۆلۈم سائىتىمۇ يېتىشەر ئەلبەت.
ئادالەتنىڭ قەندىلى بولسا قاراتۇن،
ئەتە سېنى قوللار نەقىلساڭ بۇكۈن.
ياخشى سۆز بىرلە قىل قېرىلارنى شاد،
كەمپىر سۆزىنى ئال بىر ئۆمۈرگە ياد.
زۇلۇم قولىنى تارتقىن يېقىر بېشىدىن،
ئوق يېمىگىن نالىسى ۋە كۆز يېشىدىن.
سانچىما ھەريانغا زۇلۇم تىغىنى،
بىلمەيسەن، نە كېچەر يېقىرنىڭ كۈنى.

ئاچقۇچىسەن، جاھاننى كەلدىلىك ئاچماققا،
ئادالەتسىز، قەبىھ، زۇلمگەر بولما.
زەئىپلەر ئادىتى ساڭا ناز ئېيتىش،
سەن بولساڭ، ئۇلارنى ئەيلە ناۋازىش.
ئۇلار تىلىگىدە بولسۇن قۇلىقىڭ،
بىچارىگە ئامان بەرسۇن قوچىقىڭ».
قېنى ئۇ خوراسان ھاكىمى سەنجەر؟
بۇ سۆزنى بىلمىگەن ئادەمگە زەرەر.
ئەمدىچۇ ئادالەت تېپىلماس بىر ئىش،
سومرۇغ قانىتىدا ۋەتەن ئەيلىمىش.
قالمىدى ئىنساپلىق ھاكىم دۇنيادا،
مۆئەللەق تۇپراقتا نەممۇ يوق ھەتتا.
ئەي نىزامى، ئۆكسۈپ ئەمدى پەرياد قىل،
تۆكۈپ كۆزدىن يۈرەك قېنىنى داد قىل

## خىش قۇيغۇچى بوۋاي ھېكايىسى

بىر بوۋاي بار ئىدى شام ۋىلايەتتە،
نەپسى پەردەدەك شۇنچە پاكىزە.
ئوت - چۆپتىن توقۇلغان ماتانى كىيگەن،
رىزقىنى تاپاتتى خىش قۇيۇش بىلەن.
تاشلار ئىدى كەسكۈر كەتمەننى چاققان،
خىشلىرى بولاتتى قەبرىگە قالقان.
شۇ خىشلاردىن بولسا كىمنىڭ نىقابى،
ئۇنىڭدىن ئۇزاق ئىدى قەبرى ئازابى.
بىر كۈن ئۆز ئىشىغا مەشغۇل ئىدى چال،
بىر ياش يىگىت كېلىپ باشلىدى سوئال:
«بۇ نە زۆرۈر ساڭا، بۇ قانداق خارلىق؟
لاي ئىشى بەك ئېغىر، بۇ نە ئەبكارلىق؟
ئورمىغىن تۇپراقنا كەتمەننى ھەردەم،
بېرەر نان تېپىلىپ قالار ساڭا ھەم.
خىش قۇيغان قېلىپنى ئال، ئوتقا تاشلا،
باشقا قېلىپتىن خىش كۆچۈرۈش باشلا.
شۇنچە زەخمەپ چېكىپ ياسايسەن كېسەك،

لاي ۋە سۇ ئىشىدىن قەددىڭ كامالەك.
قېرىلار سېپىگە كىرگىن، ئەي قېرى،
بۇ ئىشنى ياشلارغا بەرگىن، ئەي قېرى.»
بوۋاي ئۇڭا دېدى: «كۆپ ياشلىق قىلما،
يولۇڭدىن قالمىغىن، بەڭباشلىق قىلما.
خىش قۇيماقلىق ئەسلى قېرىلار ئىشى،
ئېغىر يۈك كۆتۈرمەك قۇللار قىلمىشى.
بۇ ئىشقا قول سوزاي، مەيلى ئۇزۇن كۈن،
سەندەكلەرگە قول سوزماسلىق ئۈچۈن.
باشقىلار ھىممىتىگە سوزماستىن قولۇم،
قول كۈچىدىن رىزقىم تاپماقلىق يولۇم.
ئۆز رىزقىم مېھنىتى كەلمەس ھېچ مالال،
پەقەت مېھنەت بىلەن تاپقان نان ھالال.»
بوۋاي سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇ بەڭباش،
ياش كۆزلىرىدىمۇ يالتىردى ياش.
چۈنكى دۇنيا كۆرگەن ئىدى دانا چال،
بۇ ئىشلارنى تەھلىل قىلدى بىمالال.

# شائىر خوجا جاھان ئەرشى ۋە ئۇنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى ھەققىدە

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## 1. مۇقەددىمە: ئەرشىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى

خوجا ياقۇپ — خوجا جاھان «ئەرشى» (1685 — 1755) ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىكى يىرىك نامايەندە، لىرىك شېئىرىيەتنىڭ ماھىرى، ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدىكى تەرەققىيپەرۋەرلىك ئېقىمىنىڭ ھامىيسى. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ئۇ دۇچ كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتلەر تۈپەيلى ئۆز دەۋرىنىڭ چاڭ-توزانلىرى ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالغان بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ دىققەت نەزەرىدىن چەتتە قالغانىدى، گەرچە مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق مەشھۇر تارىخىي ئەسىرىدە خوجا ياقۇپ خوجا جاھان ئەرشى ئاساسلىق تارىخىي شەخس سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەرشى ئەسەرلىرى ئۈستىدە جامائەتچىلىك تېخى بىۋاسىتە چۈشەنچىگە ئىگە بولالمىغانىدى. «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 21-سانىغا ئەرشى دىۋانىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانغان يېگانە نۇسخىسى ئېلان قىلىنىپ، XVII ئەسىر ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى ناھايىتى چوڭ بوشلۇق تولدۇرۇلدى. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى تەتقىقاتىدا قۇتلاشقا ئەرزىيدىغان بۈيۈك ئىختىرا.

خوجا ياقۇپ خوجا جاھان ئەرشىنىڭ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرغۇچى مول مەزمۇنغا ئىگە رەڭدار ۋە نەپىس شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى، ھايات پائالىيىتى، بەدىئىي ئىجادىيىتى ۋە ئەينى يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىدېئولوگىيىلىك كۈرەشلەر توغرىسىدا كەڭ جامائەتچىلىككە نۇقتىلىق مەلۇمات يەتكۈزۈش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. بۇنىڭ ئۆزى ئەرشى تەتقىقاتى ئۈچۈن بىر مۇقەددىمە.

خوجا جاھان ئەرشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەلشىر نەۋائى دەۋرى، سەئىدىيە دەۋرىدىن كېيىنكى ئاتالمىش «خوجىلار (خوجگان)» دەۋرىدىكى يەنە بىر يۈكسەك نامايەندە. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خوجام قۇلى خىرقىتى، بابا رەھىم مەشرەپ، مۇھەممەت سىدىق زەلىلى، مۇھەممەت ئابدۇللا خاراباتى، موللا خامۇش يەركەندى قاتارلىق يىرىك تەپەككۇر-ئەدىبلەر ۋەكىللىكىدىكى XVII-XVIII ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خوجا جاھان ئەرشى خاس بىر تارىخىي دەۋرنىڭ — دانىيال خوجىدىن باشلانغان ۋە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك داۋاملىشىپ ئۆزىدە ئاخىرلاشقان «ئىككىنچى يەركەن خانلىقى» (ياكى ئالتىشەھەر خانلىقى) دەۋرىنىڭ (1700 - 1755) ئاساسلىق ۋەكىلى ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك ھامىيسى بولۇپ مەيدانغا چىققانىدى.

هازىرقى تارىخ ۋە ئەدەبىيات تارىخ تەتقىقاتىمىزدا خوجىلار ۋە خوجىلار دەۋرى مەسىلىسى ئىنچىكە مۇھاكىمە قىلىنغىنى يوق. كۆپ ھاللاردا ھەممە خوجا ئەۋلادلىرى بىر تاياقتا ھەيدىلىپ قارىلىنىدىغان، ئىدېئولوگىيىلىك دىنىي مەزھەپ بولغان «ئاقتاغ» «قاراتاغ» ئېقىمى ئائىلىۋى نەسەب بويىچە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان، ئەينى زامان كىشىلىرىنى مۇستەسناسىز ھالدا، ئۇلارنىڭ ياشىغان شەھەر - يۇرتلىرىغا قاراپ ھەر ئىككى مەزھەپنىڭ بىرسىگە تەئەللۇق قىلىپ قويىدىغان، نەتىجىدە خوجىلار دەۋرى بىر پۈتۈن دەۋر، خوجىلار دەۋرى روھىيىتى، بىر پۈتۈن دىنىي مەزھەپ روھىيىتى دېيىلىدىغان بىر تەرەپلىمە خاھىش مەۋجۇت.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، سەئىدىيە سۇلالىسىنى ئاساس قىلغان يەركەن خانلىقى (1510 - 1678) مۇنقەرز قىلىنىشتىن تاكى چوڭ - كىچىك خوجىلار ئىسيانى بېسىقتۇرۇلۇپ بۇ جايلاردا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەن (1758) قەدەر ئۆتكەن 80 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا يەرلىك ھاكىمىيەت ئىزچىل تۈردە ھىدايىتۇللا ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قولىدا تۇرغىنى يوق. ھىدايىتۇللا ئافاق خوجا 1678 - يىلىدىن 1693 - يىلىغىچە 13 يىل، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى سەككىز يىل ئەتراپىدا جەمئىي 21 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت ئافاق خوجىنىڭ رەقىبى، قارا تاغلىق دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قولىغا ئۆتۈپ، 1700 - يىلىدىن 1755 - يىلىغىچە 55 يىل داۋام قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئۈچ يىل (1756 - 1758) ۋاقىت بۇرھانىدىن خوجا ۋە خان خوجا باشچىلىقىدىكى ئافاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە توپىلاڭلىرى بىلەن ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرگىنىدىن كېيىن (1758) تاكى راشىدىن خوجا قوزغىلىڭى ۋە ياقۇپبەگنىڭ «بەدەۋلەت خانلىقى» (1864) مەيدانغا كەلگۈچە ئۆتكەن 106 يىل ۋاقىت ئىچىدە ئافاق خوجا ئەۋلادلىرى ئېنىقراقى بۇرھانىدىن خوجا ئەۋلادلىرى قوقان خانلىرى ھىمايىسىدە كۆپ قېتىم چېگرىغا بېسىپ كىرىپ «ئافاق خوجاتۇغى ئاستىدا ئىسيان كۆتۈرۈش» (كورۇپۇتكىن سۆزى) قەستىدە بولۇشتى. بۇ دەل زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ قاتارلىقلار ھامىيلىقىدا ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىرىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈچەپ كۈرەش قىلىۋاتقان دەۋرى ئىدى. مىرزا ئوسمان بەگنىڭ ئانىسى رەھىمەخان ئاغىچىنىڭ تەكلىپى بىلەن مۇھەممەت سادىق قەشقەرى يازغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسىرى بۇ دەۋرنىڭ نوپۇزلۇق تارىخىي يادنامىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى.

ئاتالمىش «خوجىلار» كونكرېت، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنىشى، «ھەممىسىنىلا ئوخشاش كۆرۈپ، ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك قىلىنماسلىقى» (موللا مۇسا سايرامى سۆزى)، سەئىدىيە - يەركەن خانلىقى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا پۈتكۈل ئۇيغۇر ئىلغار ئىدېئولوگىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىككىنچى يەركەن خانلىقى — ئالتى-

شەھەر خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىكى ئۇنتۇلغان ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى، ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا زوھۇرى ۋە نىزارى ۋەكىللىكىدىكى ئەدىبلەر تەرىپىدىن جاھالەت دىۋىلىرىگە قارشى كۆرەش بەدىلىگە داۋام قىلدۇرۇلغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىشى، ئەينى زامان ئەدىبلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەرشى، فۇتۇھى، خاموش ئاخۇن يەركەندى ئەسەرلىرى تەتقىقات ئوبيېكتلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شۇ بىر تارىخىي قاتلىمىنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش مۇمكىنلىكى تۇغۇلىدۇ.

## 2. ئەرشى ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

مەخدۇم ئەزەم XV ئەسىردە سەئىدىيە دۆلىتىگە كەلگەن، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بولغان، ئۇلار: خوجا ئەھمەد كاسانى (خوجا كالان)، خوجا مۇھەممەد ئىمىن (ئىشان‑كالان)، خوجا دوستى، خوجا ئىسھاق ۋەلىلەردىن ئىبارەت ئىدى، خوجا ئىسھاق ئابدۇكېرىمخان سۇلتان (1562 — 1592) نىڭ ئىنىسى مۇھەممەد سۇلتان (1592 - 1610) زامانىدا قەشقەرغە كېلىپ زور ھۆرمەتكە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ ئانىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى ئىدى. XVII ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرى ئىسمائىلخان ۋاقتىدا مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى خوجا يۇسۇپ ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجا بىلەن يەركەنگە كەلدى. خوجا يۇسۇپ خوجا مۇھەممەد ئىمىننىڭ ئوغلى ئىدى. بۇ چاغدا ئىسمائىلخان خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى خوجا شۇئەيبنىڭ ئوغلى دانىيال خوجىغا مۇخلىس بولغان بولۇپ، خوجا يۇسۇپ دانىيال خوجىنىڭ دادىسى خوجا شۇئەيب بىلەن بىر نەۋرە ئىدى. خوجا يۇسۇپ كەلگەندىن كېيىن ئىسمائىلخان ئۇنى يېشقەدەم كۆرۈپ ئىززەتلىدى. بۇ چاغدا دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى خانغا: ئىلگىرى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىزغا قول بەرگەنىدىڭىز. ئەمدى بىزنى تاشلىۋەتتىڭىز، دەپ ئەرز قىلدى، نەتىجىدە خوجا يۇسۇپ ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجا بىلەن يەركەندە تۇرالماي قەشقەرغە كەتتى. تېز ئارىدا مۇرىت توپلاپ ئاق تاغلىق (ئۇششاقىيە) — قارا تاغلىق (ئىسھاقىيە) كۈرىشىنى كۈچەيتىۋەتتى. يۇسۇپ خوجا قازا تاپقاندىن كېيىن، ھىدايىتۇللا ئافاق خوجا تىبەتكە بېرىپ 5 - دالاي لامادىن ياردەم سورىدى ۋە ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئىلىغا بېرىپ غالدان بوشۇقتۇ (1670 - 1697) نىڭ ھەربىي ياردىمىدە 1678 - يىلى سەئىدىيە - يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. ئىسمائىلخان ئائىلىسى بىلەن ئىلىغا تۇتقۇن سۈپىتىدە كۆچۈرۈلدى.

ئافاق خوجا دەۋرىدە دىنىي ئەسەبىيلىك كۈچەيتىلىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپلەپ كۆيدۈرۈلدى. نۇرغۇن ئاھالە «قارا تاغلىق» دېگەن بەدنام بىلەن ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا ياقلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئىشتا ئافاق خوجىنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى خوجا يەھيا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئافاق خوجا ھەر

www.uyghurkitap.com

يىلى 400 مىڭ تەڭگە تۆلەش بەدىلىگە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ 1693 - يىلى زەھەرلىنىپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنى (ئەزىزە) «خېنىم پادىشاھ» ئۆزىدىن بولغان ئوغلى مەھدىنى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن خوجا يەھيانى ئۆلتۈرگۈزدى. ئاخىرى ئۆزىمۇ سۇيىقەست بىلەن جان ئۈزدى. ھاكىمىيەت ئافاق خوجىنىڭ ئوغلى خوجا ئەخمەتنىڭ قولىغا قالدى. بۇ چاغدا غالدان بوشۇقتۇ ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە سىۋىن ئارابدان ئولتۇرغانىدى. بۇ پۇرسەتتە باش كۆتۈرگەن ئىسمائىلخاننىڭ ئىنىسى مۇھەممەد ئىمىنخان بىلەن ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە مەجبۇر بولغان ئەخمەت خوجا ئىتتىپاقلاشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەدخان ئۈچتۇرپاندىن قەشقەرگە كەلدى. سىۋىن ئارابدان ئەۋەتكەن قوشۇن ئەخمەت خوجا (جۇڭگو مەنبەلىرىدە مەخزۇت خوجا، دېيىلگەن) ئائىلىسىنى ئىلىغا ئېلىپ كەتتى. مۇھەممەدخان قېچىپ ئالايدا قىرغىزلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. سىۋىن ئارابدان ئىسھاق خوجىنىڭ نەۋرىسى دانىيال خوجىنى يەركەن تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئافاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مەھدى بىلەن ئەخمەت خوجىنىڭ زىددىيىتى كۈچىيىپ كەتتى. بۇ چاغدا مەھدىنىڭ تەكلىپى بىلەن دانىيال خوجا يەركەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇ 1677 - يىلى ئۆز ئائىلىسىنى ئېلىپ كەشمىر ئارقىلىق خوجەندكە (ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ لېنىنئاباد شەھىرىگە) كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى.

دانىيال خوجىنىڭ تەختكە چىقىشى توغرىسىدا ئاساسلىق مەنبەلەردىكى كۆز قاراشلاردا بەزى ئوخشىماسلىقلار ساقلانغان. كوروپوتكىننىڭ «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابى بىلەن ئۇنىڭغا ئاساسلانغان بىر قاتار ئەسەرلەردە: «ئافاق خوجا مۇھەممەدخاننى تەختكە چىقارغان ۋە كېيىن جۇڭغارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، ئافاق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن مەھدىنىڭ تەكلىپى بىلەن كەلگەن دانىيال خوجا بىلەن ئەخمەت خوجا ئوتتۇرىسىدا جەڭ - جېدەل يۈز بەرگەچكە جۇڭغارلار قوشۇن ئەۋەتىپ، دانىيال خوجا بىلەن ئەخمەت خوجىنى تەڭلا ئىلىغا ئېلىپ كەتكەن. سىۋىن ئارابدان خانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن دانىيال خوجىنى يەركەنگە ئەۋەتىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى» دېيىلگەن. زوكوشو (ساگېنىچ تورۇ) «شىنجاڭنىڭ XVIII - XIX ئەسىردىكى جەمئىيەت تارىخى تەتقىقاتى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ شۇنداق بايان قىلىنغان.

دانىيال خوجا يەركەندە تەختكە چىققاندىن باشلاپ تاكى ئىلىدىكى ئەخمەت (مەھمۇت) خوجا ئوغۇللىرى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ بۇ ھاكىمىيەتنى مۇنقەرز قىلىشىغىچە بولغان يېرىم ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە دانىيال خوجا (1700 — 1730)، ئابدۇللا خوجا (1730 — 1735)، خوجا ياقۇپ (1736 — 1756) ھاكىمىيەت بېشىدا تۇردى.

دانىيال ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى «ئالتەشەھەر» خانلىرى بولۇپ تۇرغان مەزگىل ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان سىياسەت ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق

قىلغان دەۋردىن پەرقلىنىپلا قالماستىن، يەنە دانىيال خوجا، ئابدۇللا خوجا ۋە خوجا ياقۇپ، خوجا جاھان ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقىتلاردىكى ئەھۋالدىمۇ كۆرۈنەرلىك پەرقلەر بولغان. دانىيال خوجا، سىۋان ئارابدان ۋە غالدان سىرىن جۇڭغار خانى بولۇپ تۇرغان، ئۇلار شىمالىي شىنجاڭ، ئوتتۇرا شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدا مۇستەھكەم تەسىرگە ئىگە بولغان زاماندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەچكە جۇڭغار خانلىقىغا ھەر خىل باجلار (موڭغۇلچە ئالۋاڭ) تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە جازا بېجى (غەيرىي مىللەتنىڭ جازا خەتىرىدىن ئامان قالغانلىق بېجى) يىلىغا يۈزمىڭ تەڭگىگە يېتەتتى. خوجا ئابدۇللا تەختكە چىققاندا بىر قاتار ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئىلگىرىلەشلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ھەقتە مولla مۇسا سايرامى «بۇ خوجامنىڭ دەۋرىدە تولا ئوبدانلىق بولدى. «سىيەر شېرىف» [خۇراسانلىق ئالىم مەۋلانا مۇئىنىد-دىننىڭ كىتابى] خوجا ئابدۇللانىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇھەممەت رېھىم تەرىپىدىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىندى» («تارىخىي ھەمىدى»، 132-بەت) دەپ يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، خوجا ئابدۇللانىڭ چوڭ ئوغلى خوجا ياقۇپ يەركەندە خانلىق تەختىگە چىقتى.

### 3. ئەرشى دەۋرىدىكى مەدەنىي ھايات

خوجا ياقۇپ خوجا جاھان ئەرشى ياشىغان زامان چاغاتاي — تۆمۈرلەڭ ئەۋلاد-لىرى ھاكىمىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك ھالاكەتكە يۈزلەنگەن، بابۇرىلەر سۇلالىسى (1526 — 1761) ئۆز قۇدرىتىنى يوقاتقان، ئۇ ئىران شاھى نادىر شاھنىڭ ھۇجۇمىغا (1739 — 1740) دۇچ كەلگەن، سەئىدىيە خانلىقى ئاللىقاچان ئاياغلاشقان، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خانلىقلىرى ئارىسىدىكى جەڭ-جېدەللەر كۈچەيگەن، قارا خانلاردىن باشلانغان ۋە سالجۇقىلار دەۋرىدە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن تۈركىي خەلقلەر ھاكىمىيەتچى-لىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھالاكەت گىردابىغا يۈز تۇتقان ۋاقىتلار ئىدى. بۇ چاغدا جۇڭغار — ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ باتۇر قونتەيجىدىن باشلانغان جۇڭغار خانلىقى ئىچكى بىرلىك ۋە سېرىق ئۇيغۇرلاردىن تاكى قۇمۇل، تۇرپان ۋە ئالتىشەھەرگىچە بولغان جايلارغا قاراتقان مىتروپولىيىلىك مەۋقىنى كۈچەيتىشتىن بىردىنلا ئىچكى نىزا ۋە ھالاكەت بوھرانىغا يۈزلەنگەن ۋاقىتلار ئىدى. روسىيە بارغانسېرى ئوتتۇرا ئاسىيا-قازاقىستاند-دىن ئىبارەت تۈركىي خەلقلەر زېمىنىگە كېڭەيتىش يۆنىلىشىگە قەدەم قويغانىدى. چىڭ سۇلالىسى ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرگە — كاڭشى، چيەنلۇڭ دەۋرىگە كىرگەن، دۆلەتنى قايتا بىرلەشتۈرۈش كونتېرتىپىگە قويۇلغان، قۇمۇل-تۇرپان دىيارى جۇڭغارلار ھۆكمىرانلىقىدىن قۇتۇلغان، كاڭشى خان قوشۇن-لىرى بۇ جايلاردا پۇختا بازا تىكلىگەنىدى.

مۇنداق ئوبيېكتىپ تارىخىي مۇھىت «ئۇيغۇر مىللىتى لاگېرىدىكى پارچىلىنىشنى كۆرسىتىپ تۇراتتى» (ساگېنچ تۇرۇ كىتابى، خەنزۇچە نەشرى 43-بەت). بۇ ھال

www.uyghurkitap.com



ھەتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاكا ـ ئۇكا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ
قارشىلىقتىمۇ تىپىك گەۋدىلەنگەن ①. بۇ ھال دانىيال ــ خوجا جاھان «ئىككىنچى
يەركەن خانلىقى» ياكى «ئالتىشەھەر خانلىقى» نىڭ تارىخىي ئۆتكۈنچىلىكىنى بەلگىلە ـ
گەنىدى. ياقۇپبەگنىڭ «بەدەۋلەت» ياكى «يەتتىشەھەر خانلىقى» پەقەت ئۇرۇش
ئىچىدىلا 10 يىل داۋام قىلالىغانلىقىنى ھېسابلىمىغاندا، ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر
قەدەر ئۇزۇن مۇددەت تىنچ ـ ئاسايىشلىقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى
خانلىقلاردىن بىرى دېيىش مۇمكىن.

دانىيال خوجا دېگەن نام ئۇلۇغ موغۇل ــ بابۇرىلار سۇلالىسىنىڭ 3 ـ سۇلتانى
ئەكبەر (1556 ــ 1605) نىڭ مۇرات ۋە مىرزىخاندىن كېيىنكى 3 ـ ئوغلى دانىيال
(1605 ـ يىلى جەڭدە ئۆلگەن) نامى تەسىرىدە قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. خوجا
جاھان ئافاق خوجا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن دانىيال خوجا خوجەنتكە
كەتكەن چاغلاردا خوجا ياقۇپ خوجا جاھان تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئېھتىمال
ئەكبەرنىڭ ئوغلى دانىيالنىڭ ئوغلى سېلىم (جاھانگىر سۇلتان)نىڭ خۇسرۇيى پەرۋىزدىن
كېيىنكى 3 ـ ئوغلى خۇررەم (شاھى جاھان) نامىنىڭ تەسىرىدە قويۇلغان بولۇشى ئېھ ـ
تىمال. شاھى جاھان لاياقەتسىز ئاكىلىرى ئورنىغا جاھانگىر سۇلتاندىن كېيىنلا 1627 ـ
يىلدىن 1658 ـ يىلىغىچە 30 يىل پادىشاھلىقتا تۇرغانىدى.

تارىخىي مەنبەلەردە خوجا جاھاننى دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى دېگەن ۋە دانىيال
خوجىنىڭ نەۋرىسى دېگەن ئىككى خىل قاراش ساقلانغان. كورۇپاتكىن، ساگېنچ تۇرۇ ئەسەر ـ
لىرىدە خوجا ياقۇپ خوجا جاھان دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى دېيىلسە، «تارىخىي ھەممىدى»
دە خوجا جاھاننى خوجا ئابدۇللانىڭ ئوغلى دانىيال خوجىنىڭ نەۋرىسى دېيىلگەن.
مېنىڭچە خوجا جاھان خوجا ئابدۇللانىڭ ئوغلى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. خوجا
يەھيانىڭ «خوجا جاھان» نامى ئۇنىڭ خانلىق تەختىگە چىققىنىدىن كېيىن، «ئەرشى»
تەخەللۇسى ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى مۇناسىۋىتى بىلەن قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن.
خوجا جاھاننىڭ بارىمتايلىقتا «گۆرۈدە» تۇرغانلىقى ھەققىدە شۇنى ئېيتىش مۇمكىن ـ
كى، ئۇ چاغدا يەكەن خانلىرىنىڭ ئوغلى مۇنداق گۆرۈدە تۇرۇشى شەرت ئىدى. خوجا
جاھان ئىلىدا دانىيال خوجىنىڭ شاھزادىسى سۈپىتىدە تۇرغانمۇ ياكى ئابدۇللا خوجى ـ
نىڭ شاھزادىسى ئۈستىدە تۇرغانمۇ، بۇمۇ ئېنىق ئەمەس.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ كۆرسىتىشىچە، خوجا ئابدۇللا ۋاپات بولغاندىن كېيىن
ئۇنىڭ ئوغلى خوجا ياقۇپ (خوجا جاھان) پايتەخت يەركەندە خان بولۇپ، خوتەنگە
ئۇنىڭ ئىنىسى ئەبدۇللا خوجا، قەشقەرگە يەنە بىر ئىنىسى يۈسۈپ خوجا، ئاقسۇغا
خامۇش خوجا (بەزى مەنبەلەردە نىزامىدىن خامۇش خوجا دېيىلگەن) ھاكىملىق
قىلغان. كورۇپاتكىننىڭ كۆرسىتىشىچە، «دانىيال خوجا ئۆلۈپ، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى

---

① ساگېنچ تۇرۇ: «شىنجاڭنىڭ XVII ـ XIX ئەسىردىكى جەمىيەت تارىخى» خەنزۇچە
نەشرى، 43 ـ بەتكە قارالسۇن.

تۆت شەھەرگە خان بولدى. يۇنۇس خوجا دېگەن ئوغلى خوتەنگە خان بولدى ①» دېيىلگەن. ئۇ قالغان ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى كۆرسەتمەي، «يۇنۇس خوجىنىڭ پادىشاخان ۋە جاھان خوجا دېگەن ئىككى ئوغلى بار ئىدى ②» دەپ «جاھان خوجا»، «خوجا جاھان» نامىلىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەخمەت (مەخمۇت) خوجىنىڭ ئىككى ئوغلى چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ كىچىكىنىڭ ئىسمىمۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە «霍集占» دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ھەقتە ئۇيغۇر مەنبەلىرىدە دېيەرلىك تىلغا ئېلىنمىغان. «خوجىزەن» دېگەن ئىپىروگلىفنى بەزىدە خان خوجا، بەزىدە خوجا خان، خوجا جاھان دەپ تەرجىمە قىلىنىپ، بۇ ئىسمنى ۋارىيانتلاشتۇرۇۋەتتى. مەلۇمكى «خوجىزەن» ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ ئېلان قىلغاندەك، بۇرھانەدىن خوجا ئۆزىنى «خان خوجا» دەپمۇ ئېلان قىلغانىدى. ئوخشاش ياكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىسىملارنىڭ كۆپلەپ تەكرارلىنىشى رېئال مۇھىتتا ئەجەبلىنەرلىك بولمىسىمۇ، مۇنداق رېئال مۇھىت تارىختا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا بىرقەدەر مۇشكۈللۈكلەر كەلتۈرۈشى ئېنىق.

خوجا ياقۇپ ـ خوجا جاھان ئەرشى يۇقىرى مەلۇمات ئالغان. ئۇنىڭ قەيەرلەردە، كىملەردىن، قانداق تەربىيە ئالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە نەزەر سالساقلا، ئىران ئەپسانىلىرى، يەھۇدى رىۋايەتلىرى، ئەرەب ھېكايىلىرى، يۇنان ھېكمەتلىرى، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئەلىشىر ناۋائى ئەسەرلىرى ۋە تۆت زات تۇغرىسىدىكى كلاسسىك قاراشلار ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، قەلبى ئىنسانپەرۋەر ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن تولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

خوجا ياقۇپ خوجا جاھان ئەرشى تەخمىنەن 50 ـ 51 ياشلارغا كەلگەندە، 1736 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. ئۇ ھۆكۈمرانلىقتا تۇرغان 20 يىللىق تارىخىي مەزگىلدە «ئالتىشەھەر» ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىرقەدەر تىنىچ گۈللىنىش مەزگىلىگە قەدەم قويدى. مۇھەممەت سادىق قەشقەرى بۇ دەۋرنى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا زامانىسىغا ئوخشاتقان. بۇ ھەقتە مۇھەممەت سادىق قەشقەرى:

«مەملىكەت ئىچرە شەھەنشاھ ئەيلەسە جانلارغا جان،
بەلكى جاندىن ئاشۇرۇپ جانلارغا جانان ئەيلەمىش.»

دەپ يازغانىدى. بۇ زاماندا سۇ قۇرۇلۇشى، تېرىقچىلىق ئىشلىرى ياخشىلىنىپلا قالماستىن، يەنە قاتناش، لەنگەر قۇرۇلۇشلىرى ياخشىلانغان. «ئاق مەدرىس» (مەدرىسەئى خامۇش) بىنا قىلىنغان بۇ دەۋردە ئەرشى، فۇتۇھى، خامۇش ئاخۇن يەركەندى قاتارلىق خان جەمەتى ئەدىبلىرىدىن تاشقىرى، مىرھالىددىن يەركەندى، ئۇلۇغ ئەزەم، نىيازى، قاسىمى، موللا ھاجى، زەينىددىن مۇھەممەد ئىمىن سەدرى قەشقەرى، موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى، مىر فازىل، مۇھەممەد سىددىق ئارتۇشى، مۇھەممەد سىددىق رۇشدى، ئۆمەر باقى، رەھىم

① «قەشقەرىيە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 151 ـ بەت.
② شۇ كىتاب، 154 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

باقى يەركەندى، شائىر ئاخۇن قاتارلىق ئەدىب ۋە تەرجىمىشۇناسلارنىڭ ياشىغانلىقى مەلۇم. مۇھەممەد ئىمىن خوجام قۇلى خىرقىتى، مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئاخىرقى ھاياتى دانىيال خوجا دەۋرىگىچە يېتىپ كەلگەن. نەۋبەتى ۋە موللا ئەلەم شەھيارى خوجا ياقۇپ خوجا جاھان ئەرشى زامانىدا ئۆز ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرغان. ئەمما بۇ مۇئەللىپلەرنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بىزگە مەلۇم ئەمەس.

بۇ زاماندا روياپقا چىققان مەشھۇر ئەسەر جۈملىسىگە تۆۋەندىكىلەرنى كىرگۈزۈش مۇمكىن: موللا خامۇش يەركەندى «شاھنامەئى تۈركى» نامىدا «شاھنامە» داستانىنى ئۇيغۇرچە نەسرلەشتۈرۈپ چىققان؛ مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى «كەلىلە ۋە دىمنە» نى «ئاسار ئىماسىيە» نامىدا شېئىرىي-ھېكمەت دۇردانىلىرى بىلەن بېزەپ قايتا ئىشلەپ تەرجىمە قىلىپ چىققان؛ مىرفازىل مىرخاندىنىڭ «تارىخىي خاۋەند شاھ» ناملىق كىتابىنى، مۇھەممەد سىدىق رۇشدى «قابۇسنامە» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇنىڭدىن باشقا «تەزكىرەئى بۇغراخان»، «تەزكىرەئى ئارسلانخان»، «تەزكىرەئى تۆت ئىمام زەبىھۇللا» قاتارلىق تەزكىرەنامىلەر، «دۇررۇل-ئەخبار» (زەينىدىن مۇھەممەد ئىمىن سەدرى قەشقەرىنىڭ)، «ئىسلامنامە» (شائىر ئاخۇننىڭ)، «تارىخىي كاشغەر» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەر ۋە كۆپلىگەن شېئىرىي دىۋانلار مەيدانغا كەلگەن. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى قاتارلىق كۆپلىگەن ئىلغار ئەدىبلەر شۇ دەۋر تەسىرىدە ئۆسۈپ ئۇلغايغان.

## 4. ئەرشىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى

خوجا ياقۇپ خوجا جاھان ئەرشى جۇڭغار خانى غالدان سىرىن ئۆلگەندىن كېيىن تامامەن مۇستەقىل بولۇۋالدى. بۇ ئىش خوجا يەھيانىڭ ئىنىسى خوجا يۈسۈپنىڭ ئىلگىرى ئولپان تۆلىگىلى چىقىپ، ھىيلە بىلەن ئۇ يەردىكى بارىمتاي شاھزادىلەرنى قۇتقۇزۇپ ئۇزاتتىن ئۆتۈشى بىلەن تەڭلا باشلانغان. نەتىجىدە بۇ يەردىكى جۇڭغار باج ئەمەلدارلىرى قىرىپ تاشلانغانىدى.

ئامۇر سانا ئۇچتۇرپان بېگى خوجەسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئالتىشەھەرنى قايتا قولغا ئېلىش ئۈچۈن، ئىلىدا تۇغۇلغان ئافاق خوجا نەۋرىلىرى (ئەخمەت-مەخسۇت خوجا ئوغۇللىرى) بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجاخاننى تۇتقۇندىن بوشىتىپ، جۇڭغار قوشۇنلىرىغا يول باشلىغۇچى قىلىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قوشۇن ئەۋەتىدۇ. قەشقەر ھاكىمى خوجا يۈسۈپ ئاغرىپ قالغاچقا ئوغلى خوجا سىدىق باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىدۇ. لېكىن قوشۇندىكى قىرغىزلارنىڭ يۈز ئۆرۈشى، ئاتاقلىق خوجىلارغا بولغان خۇراپىي ئېتىقاد تۈپەيلى قوشۇن پارچىلىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇرھانىدىن خوجا ئۆز تەرىپىگە ئۆتكەن قىرغىز سەركەردىلەردىن قوباتنى قەشقەرگە ھاكىم قىلىپ قويۇپ، پايتەخت يەركەن شەھىرىنى قامال قىلىدى. بۇرھانىدىن خوجا جاھان

ئەرشىنىڭ ئالدىغا ئادەم كىرگۈزۈپ سۆھبەتلىشىش باھانىسىدە يەركەن خانلىقىنىڭ ئىشىك ئاغىسى نىياز بىلەن ئۇشۇر غازى بەگنى سېتىۋالىدى. غازى بەگ پىدائىي قىسىملار گارنىزونىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇلار باشلىغان 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن شەھەر سىرتىغا چىققاندا ئالدىنقى قوشۇن بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئازغىنا كىشىلىك ئارىلاشما قوشۇنىدىن قاچقان بولۇپ، ئاساسىي قوشۇننى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. نەتىجىدە يەركەن بۇرھانىدىن خوجىنىڭ قولىغا ئۆتتى. خوجا ياقۇپ خوجا جاھان ئەرشى ئۆز خەلقىگە ئىشىنەتتى. خەلق ئەرشىگە بولغان مېھرىبانلىقى ① تۈپەيلى شۇنچە پىداكارلىقتا كەلگەن بولسىمۇ، ئىلاجىسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئەرشى كېيىچىدە شەھەردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇنى قۇبات مىرزا لەشكەرلىرىگە تۇتتۇزۇپ كېلىپ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. بۇ قېتىمقى قانلىق قىرغىنچىلىقتا ئەرشىنىڭ ئوغلى، لىرىك شائىر فۇتۇھى قەتلى قىلىنغانىدى. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى غايەت زور پاجىئە ئىدى. بۇنى چەت ئەل تارىخچىلىرى ئافاق خوجا ئەۋلادلىرى ئېلىپ بارغان ئۈچ چوڭ قانلىق پاجىئەنىڭ بىرى، دەپ قاراشتى. بۇلار: ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى بىۋاسىتە ئېلىپ بارغان 1678 - 1679 - يىللىرىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىق؛ بۇرھانىدىن خوجا ئېلىپ بارغان 1755 - يىلقى قىرغىنچىلىق؛ بۇرھانىدىن خوجىنىڭ نەۋرىسى باھاۋىدىن خوجىنىڭ ئوغلى ۋەلىخان تۆرە (1821 — 1865) 1857 - يىلى (شەنخىگنىڭ 7 - يىلى) تۆت جايغا كاللا مۇنارىسى تىكلىگەن قانلىق قىرغىنچىلىقتىن ئىبارەت.

خوجا جاھان ئەرشىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە موللا مۇسا سايرامى «ئىككى تىللىق قەلەم ۋە ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدۇ» ① دېسە، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى:

«سادىقا، شەھىنشەھى ئەرشىغە يەتمىش جەبىر كۆپ،
ئۆز كۆڭۈل دۇنيا ئېلىدىن، بولما ھەرگىز ئاشنا.»

دەپ پەرياد چەكتى.

مۇھەممەد سادىق قەشقەرى خوجا جاھان ئەرشى بىلەن بۇرھانىدىن خوجىغا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرگەن. ئۇ ئافاق خوجا بىلەن بۇرھانىدىن خوجىنى پاش قىلىپ مۇنداق يازغانىدى:

«كى نىسبەت بابىدا يوقتۇر بۇ خۇنخار،
كى مەن ئەۋلادى دەپ كافىرغەدۇر يار.»
«تائەتى ئانىڭ ئوغۇرلۇق ھەم قاراقچىلىق ھۈنەر،
ھەم ھارامخورلۇق فەزىلەت مۇخلىس سۇلتانىغا.
ئاشىناسى دۈشمىنىدۇر، مېھرىبانى قاتىلى،
ھەممەنى تاراج ئېتىپ، زەخمەت بىرۇر سۇلتانىغا.
ھېچ قەۋمى سادىقا، ئۇشبۇ سىفەتلىك بارمىدۇر،

① «قەشقەرىيە»، 158 - بەتكە قارالسۇن.
② «تارىخىي ھەمىدى»، 138 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېۋە، ھايۋان ئارىيەتەر، بۇ شۇمىنىڭكى ھەركارىغا.»
«خوجامدا رەھىم ـ شەفقەت يوق، بۇنىڭدەك خارۇ زىلىلەتكە،
بۇلارنىڭ ئىنتىقامىن ئالغۇسى ئۇل قادىرۇ جەببار.»
دەپ خىتاب قىلغان. بۇ ئىنتىقام بۇگۇنكى تارىخنىڭ مەسخىرىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ۋەھالەنكى، بۇ مەسخىرە ھازىرغىچە تېخى رويابقا چىقمىغاندى.

بۇرھانىدىن خوجا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ئۆز ئىنىسىنىڭ دەۋىتى بىلەن چوڭ ـ كىچىك خوجىلار تويىلىكىنى كۆتۈردى. بۇ چاغدا ئامۇرسانامۇ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى گېنېرالى چاۋخۇي باشلىغان قوشۇن ئامۇر سانا ئىسيانىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، ئامۇرسانا سىبىرىيىگە قاچتى. ئارقىدىنلا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار تويىلىكىنى تىنجىتىش كۈرىشى ئېلىپ بېرىلدى. بۇرھانىدىن خوجا بەدەخشاندا ئۈچ ئوغلى بىلەن ئۆلدى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى خوجا سالىھ (خوجا سامساق) ئەندىجانغا قېچىپ كەتتى. كىچىك خوجا بەدەخشان سۇلتانى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ چىڭ قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتىشەھەردە 40 مىڭ چېرىك دائىمىي قوشۇن سۈپىتىدە تۇرغۇزۇلىدىغان بولدى.

### 5. ئەرشى شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسىي تېماتىكىسى ۋە بەدىئىي بالاغىتى

«بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 21 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان ئەرشى شېئىرلىرى ئەرشىنىڭ ئىنسانپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، ئىلىمپەرۋەر قاراشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرىنى، ئەرشىنىڭ شېئىرىي ماھارىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاساسلىق تارىخىي ھۆججەت.

ئەرشىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىغا بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئۇنىڭ دۇنيا ۋە كىشىلىك قاراش جەھەتتىكى ئىدىيىۋى مەنبەلىرىنى ئاساسەن ئەلىشىر نەۋائىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، دېيىش مۇمكىن. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«نېتەي جەننەتتە بولسا يۈز تۈمەن ھۇر،
جەھان باغىدا بىر ھۇرلىقا بەس.
چەك ئەمدى ئەرشىيا، تۇرلۇك نەۋانى،
نەۋائى سەۋتىدە چەكسەڭ نەۋا بەس.»

ئەرشىنىڭ بۇ ئىككى بېيىتلىق غەزىلىگە كۆپ مەنىلىك قاتلام كۆمۈلگەن. ئۇ ئەرشىنىڭ رېئال دۇنيا ۋە ئاتالمىش جەننەت بېغى ھەققىدىكى، ئىلاھىي ھۇر ـ پەرى ۋە رېئال ئىنسانىيەت گۈزەللىكى ھەققىدىكى، ھەرقايسى پېشقەدەم ئەدىبلەر ۋە ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى يىغىنچاقلىغان.

ئەرشى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ رېئال ھاياتتىكى بەخت ـ سائادىتى مەسىلىسىنى ئۆز شېئىرىيىتىنىڭ غايىۋى تېماتىكىسى قىلغان. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«ئالەم ئىچرە تۆت بازارى ئەناسىرنى كېزىپ،
بار خەلايىق گەۋھەرىدەك بىر جىلايى تاپمادىم.»

شائىر خۇددى نەۋائىدەك خەلقنى ئالەمدىكى تۆت زاتتىن ھاسىل بولغان بارلىق شەيئىلەر ئىچىدىكى ئەڭ جىلۋىلىك گەۋھەر دەپ ئۇلۇغلايدۇ. ئۇ يەنە رىئال دۇنيانى خەلق بىلەن باغلاپ، خەلقنى رىئال دۇنيانىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

«نەسىبىم گەر ئەمەستۇر گۈلشەنى ۋەسلىڭ تەماششاسى،
ئىبدۇر باغى ئىرەم دەۋزەخ ماڭا، فىردەۋس ئاتەشگەھ.
كۆزۈم جامى مەيى ۋەسلىڭدىن ئەرمەھرۇرمىلىق كۆرسە،
ئىبدۇر كەۋسەر سۈيىن نۇش ئەيلەمەك كۆڭلۈمگە مۇستەكرەھ.»

شائىر خەلق گۈلشىنىنىڭ ۋەسلىگە مۇيەسسەر بولماقلىقنى كۆز جامىدا ۋىسال مەيى ئىچمەسلىكنى ئىرەم بېغىنىڭ دوزاخقا، فىردەۋسى ئەلا جەننىتىنىڭ ئاتەشدانغا ئايلانغانلىقى، كەۋسەر سۈيى ئىچىپ كۆڭلىنى خۇنۇكلەشتۇرمە، دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئەرشى ئىنسانىي مۇھەببەتنى ئىنسانلار مۇناسىۋىتىدە ئىنسان بەخت - سائادىتىنى مىزان قىلغان ئىجتىمائىي ئالاقىلەر رىشتىسى دەرىجىسىگىچە كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭچە مەيلى شاھ، مەيلى گادايلار بولسۇن، ھىممەت قىلىپ، ئىنسانىنى ئۇلۇغلايدىغان بولسىلا، قەترە شەبنەمدىمۇ ياخشىلىقنى نىشان قىلغان بولاتتى. مۇھەببەت تۈپەيلىدىنلا ئىنسان ھەممىنىڭ تاجى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلەيدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان:

«جەھاننىڭ تەختۇ بەختىنى مۇھەببەت فەقرىگە ساتقاچ،
جەمىئى ئەھلى ھىممەت باشىغە تاج ئولدىلار ئادەم.
ئەگەر شاھۇ گەدالار فانى بىلسە ئۇشبۇ ئالەمنى،
يۈزىگە لۇتفى ئىنسانىنى قىلغاي قەترەئى شەبنەم.»

ئەرشى خەلقپەرۋەر ئىدىيىلىرىنى پىداكارلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن غېمى خەلق غېمى، ھەتتا بۇ يولدا ھەرقانداق ئازاب - ئوقۇبەت ۋە بالا - قازاغا دۇچ كەلسىمۇ ئاڭا رازى ئىكەنلىكىنى مۇنداق يازىدۇ:

«ماڭا بىر گۇشەئى فەقرفەنا بەس،
فەراش ئورنىدا يىرتىق بورىيا بەس.
ئۇلۇس ۋەسلى مەيى نۇشىن تىلەردە،
ماڭا فۇرقەت چاغى خارى بەلابەس.»

ئۇ خەلقنىڭ ئىنسانىي غايىلەرگە مۇيەسسەر بولالمىغانلىقىغا قاتتىق سىقىلىش ھېس قىلىدۇ. ئۇ بۇ ئىدىيىلىرىنى ماجازى ۋاستىلەر بىلەن مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

«قان يۇتۇپ شامۇ سەھەرلەئلى لەبىڭ ئارمانىدا،
بىر زەمان كىرفىكلەرىم شاخىدا مەرجان كەم ئەمەس.
ئالەم ئارا قامەتىڭ پۈن سەرۋى بولماي جىلۋەگەر،
بوستانلار بوستان، ئالەم ماڭا ئالەم ئەمەس.»

ئەرشى خەلقنى ئويغىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنگەن. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

«نەچچە سەنئەتلەر كۆرۈپ نەزمىم ئارا ھەركۈن بۆلەك،
ھېكمەتى يۇنانمۇ بۇيا، تەبىئى ئىرانمۇ دەيمەن.
ئەرشنى قۇشلار تىلى بىرلە بۇ يەڭلىغ سايرىغاچ،
بۇلبۇلى نالانمۇ يا، مۇرغى خۇش ئەلھانمۇدەيمەن.»
«نەۋائى گەرچە نەۋا تاپمايىن ئۆلۈپ سىزدىن،
كېلىڭكى، ئەمدى سىز ئەرشى ھەۋاغە باقىڭ.»
«نەغمەئى قەقنۇس ئىلە تەك ئولسە ئەۋازى جەرەس،
سۇرە ئىسرافىل ئىلە ئاھىم ئېرۇر گەر ھەمنەفەس.
تۇتىئى تەبئىمگە بولسە ئاشيان زەررىن قەفەس،
نالەئى بۇلبۇلغە ھەمدەم بولسە كۆڭلۈم ئەيب ئەمەس.»

ئەرشى ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەر قاراشلىرىنى ئەينى زامان ئىلىم ئەھلىلىرىنى قەدىرلەش ۋە زاھىد موللىلارنى قارىلاش بىلەن بىرلەشتۈرگەن. ئۇ:

«نەچچە يارۇ دانىش ئەھلىغە بار ئېردى ئۇلفەتىم،
كۆز ئاچىپ يۇمغۇنچە ئايرىلغاچ ئاشىپتۇر ھەيرەتىم.»

دەپ ئىلىم ئەھلىنى سېغىنسا،

«مېنى ئۇچراتماغىل ئول زاھىدى تەررار زەھىرىگە،
كۆڭۈل ئەھلىن بەلايى ناگەھاندىن ئاسراغىل يارەب.»

دەپ، زاھىد ئوغرىلارنىڭ تۈيۈقسىز زەربىسىدىن پۈتۈن تەپەككۇر ئەھلىنى ئاسراشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە:

«زاھىدا فىردەۋس ئارا جەبرىڭ تەماشاسىن نېتەي،
كۆلبەم ئىچرە گەر خەيالى ھۇسنى جانان بولماسا.»

دەپ زاھىدلىق تەشەببۇسلىرىنى مازاق قىلىدۇ.

ئەرشى ئىشقى شېئىرىيەتتە رېئال ئىنسان گۈزەللىكلىرىنى كۈيلەپ، شېئىردي بالاغەتنىڭ مەجازى ۋە تەسۋىردي ئۇلگىسىنى تىكلەيدۇ، ئۇنىڭ مۇھىم مىسالىرى سۆھبەتتە تۆۋەندىكى نەزىم مىسرالىرىنى كۆزىتىش كۇپايە:

«جىلۋەگەر بولدى ماڭا بىر كەنزەكى نازۇككىنە،
كاكۇلى ھەريان ساچىلغان قاپقارا كۆزلۈككىنە.
...............
نىمچە نارەنجى قىزىل كۆڭلەك، باشىدا قەرقارا،
سۇمبۇلى باشىدىن ئۆرۈلگەن، تالچىبىق بۆركلۈككىنە.
ئەرشى ياشلار ۋەسفىدە ياشلىقلىقىڭنى قويمايىن،
لا ۋەبالىقتىن دېدىڭ سۆزلەر، بول ئەمدى شۇككىنە.»

يەنە:

«ئويناشىپ تۇرغان كۆز ئۇزرە ئىككى قاشىڭ ياراشۇر،
ياراشىپ بەلكى ئىكەۋ ئۆلتۈرگەلى جان تالاشۇر.

غەمزە كافىر كۆزلەرىڭنى نەقد تاراجى ئۈچۈن،
سەبقەت ئەيلەرگە ئىكەۋلەن بىر ـ بىرىنى ماراشۇر»

**يەنە:**

«كۆز فىداسى قىلغالى كۆڭلۈم قىلۇر جان بىرلە بەھىس،
دىن قىلۇر تاراج ئالۇرغە بەلكى ئىمان بىرلە بەھىس.
زۇلفى ئۆلتۈرمەككە يۈز، تىرگۈزگەلى قىلمىش جەدەل،
چۈن قىلۇر يەلدا تۈنى خۇرشىدى تابان بىرلە بەھىس.»

**يەنە:**

«قايدا ئۆز يارىمغا ئوخشار، بولسا گەر يۈزمىڭ پەرى،
ئول ئېرۇر خۇرشىدى تابان، ئۆزگىلەردۇر ئەختەرى.»

ئەرشىنىڭ شېئىردى قەلىمى ئاستىدا گۈزەل ئۈيغۇر قىز ـ جۇۋانلىرىنىڭ ساھىب جامال رەڭگى ـ روھى، مىللىي كىيىنىشى، كاكۇل ۋە چاچلىرى رەڭدار كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىپلا قالماي، سېھرىلىك ھەرىكەت تۈسىنى ئالغان ئۇ قىزلارنىڭ ئىككى قېشىنى جان ئېلىش ۋە بولاڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئۆزئارا مارىلىشىپ تۇرغان ئىككى قاراقچىغا ئوخشاتسا، قىزلارنىڭ كۆزىنى كۆرگەن يىگىتنىڭ كۆڭۈل بىلەن جان، دىن بىلەن ئىماندەك بىر پۈتۈنلۈكتىكى روھىيىتىمۇ زىددىيەتكە تولغانلىقىنى، قىزلارنىڭ چېچى بولسا، قىشنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ۋە قاراڭغۇ كېچىسىدىكى قاراڭغۇلۇقنىڭ قۇياش بىلەن بەسلەشكىنىدەك، قىزنىڭ نىگارى بىلەن تالاشتا تۇرۇۋاتقانلىقىغا تەققاس قىلىدۇ.

ئەرشى ئەلىشىر نەۋائىنى ئۇستاز بىلگەن، ئۇنىڭ نامىنى كۆپلەپ تىلغا ئالغان ئۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ كلاسسىك شەرق شېئىرىيىتى مۇنبىرىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان ۋە «چاھار دىۋان» نىڭ «نەۋادىرۇش شەباب» دىۋانىغا كىرگۈزۈلگەن «سەھەر خاۋەر شەھى» ناملىق غەزىلىگە نەزىرە يازدى. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ بەزى مىسرالىرى مۇنداق يېزىلغانىدى:

«سەھەر خاۋەر شەھى چەرخ ئۆزرەكىم خەيلۇ ھەشەم چەكتى،
شۇئائى خەت بىلە كوھسار ئۈزە ئالتۇن قەلەم چەكتى.
قەزا فەرراشى چەكتى سۇبھىنىڭ سىيمىن سۇپۇرگۇسىن،
مۇزەھەب پەرلەرىن ئانداقكى تاۋۇسى ھەرەم چەكتى.
.........
نەۋائى شايەد ئول رەھرەۋگە بۇ مەقسەد نەسىب ئولغاي،
كىم ئول دەشتى فەنا قەتئى ئېتقەلى يىللەر رەقەم چەكتى.»①

بۇنى ئەرشى مۇنداق يازدى:

«سەھەر خۇرشىدى شاھى تاغ ئۈزە زەررىن ئەلەم چەكتى،
داغى پەرتەۋ ساچىپ گەردۇن ئاراتۇرلۇك رەقەم چەكتى.
فەنا فەرراشى ئەيلەپ سۇبھىنىڭ سىيمىن پەرۇ بالىن،
مۇرەسسەئ تارى مىژگانىنى جارۇبى ھەرەم چەكتى.

① ئەسەرلەر، 2-توم، 344-بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كى ۋائىز كەئبەدە ھەردەم سەمەد زىكرىن بەيان ئەيلەپ،
بەرەھمەن دەيرى تەختى ئۇزرە ئەسرارى سەنەم چەكتى.
........
دىيارى نەزم ئارا شەھلىغ نەۋائى گەرچە كۆپ سۈردى،
گەدا ئەرشىمۇ ھەم سۆز مۈلكىدە يىللار قەدەم چەكتى.»
ئەرشى ئۆزىنىڭ:
«خۇسرەۋۇ فەرھادۇ مەجنۇن باش كۆتەرمەس روزى ھەشر،
بۇ جەھاندا چۇنكى ئىشقىم شەئنە ئەلۋانىن كۆرۈپ.
.........
بىنەۋا ئەرشى تىلەر رۇھى نەۋائىدىن فۇتۇھ،
مۇرغزارى نەزم ئارا مۇرغى خوش ئەلھانىن كۆرۈپ.»
دېگەن شېئىرىدىمۇ نەۋائى تەسىرىدە يازغان، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئارىسىدىن سەئدى غەزەللىرىنىڭ بەزى ئىلھامبەخش تەسىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.
ئەرشى كۆك چاي، چىنە ھەققىدىكى نەزمىلىرىدە كۆچلۈك خەلقلەر دوستلۇقى ئىدىيىلىرىنى كۆيلىدى. ئۇ:
«تۇرفە سۇنئى ئىلاھىدۇر، كۆك چاي،
تەبئىنىڭ جىلۋەگاھىدۇر كۆك چاي.
چىقتى چىن شەھرىدىن چىنى بىرلە،
چىن ئېلىنىڭ گۇۋاھىدۇر كۆك چاي.
ھېچ رۇيى زېمىندا يوق بۇ گىياھ،
دارۇلار پادىشاھىدۇر كۆك چاي.»
دېگەن شېئىرى بىلەن، ئۆزىنىڭ:
«ئول كىمسەكىم يار ئاڭا چىنىدۇر،
يوق چىنىكى بىر نىگار ماچىنىدۇر.
گۈلشەن ئارا بەزم ئېتەرگە ئول ئەيلەسە ئەزم،
مەرغۇب ماڭا چايى بىلە چىنىدۇر.»
دېگەن رۇبائىسىدا چىنىدىن چىققان چىنە بىلە چايدىن بەھرىمەن بولمايدىغان ماچىنلىق يوق. ئۇ ھەتتا مەشرەپلەرنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا سىڭگەن دېگەننى تەكىتلەيدۇ.
ئەرشى كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا ئەينى زامان روھىيىتىدىكى غەم ـ ئەندىشىنى، ئاـ لەمنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى تىلغا ئالغان.
«ئەي كۆڭۈل دەۋران غەمىدىن سۆزدىمە، خۇنابە يۇت،
ئاندىن ئەيلە غۇنچەدەك كۆڭلۈڭگە ئەيلە لايەمۇت.»
«ۋەفاسىزدۇر جەھان، بىھۇدە ئەرشى بولماغىل خۇرسەند،
نەچە كام ئەھلىدىن ئارتۇق ئۆزۈڭنى كامران كۆرگەچ.»

«قارا بەھمەل ئەمەس، غەم شامىدىن كەيدى كۇلەھ باشىم،
كى فۇرقەت تۈنلەرى جانا فىراقىڭ ئىچرە يولداشىم.
غەمىڭ چەكمەكتە فۇرقەت تۈنلەرىدۇر بۇم مۇگداشىم،
بولۇپ دەريايى سىل ئاقسە كۆزۈمدىن يۈزسارى ياشىم،
ئەجەب ئېرمەس كۆكۆل كۆپ زەخمىدىن قان بىرلە تولغاندۇر.»
«بۇ ئالەم جامىدۇر بىر زەھرى قاتىل،
ھەزەر قىل گەر ئېرۇرسەن مەردى ئاقىل.»
«ستەمگەر بىمۇرۇۋۋەت چەرخى كەجرەفتار بۇ ئالەم،
ئانىڭدا زەررەئى مېھرۇ ۋەفا يوق، ئەي بەنى ئادەم.
قانى ئىسكەندەرۇ دارا، قانى جەمشىد، ئەفرىدۇن،
نەسىب ئەتمەي ئۇلارغە تەختىدە ئىچمەككە جامۇجەم.»

ئەرشى ئۈمىدسىزلىككە بېرىلمىدى. ئۇ بىر غەزىلىدە تولىمۇ مەنىلىك قىلىپ ئەتىراپتا دار كانارىلىرى ئېسىلىپ تۇرسىمۇ، گۈلنىڭ ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ ئېچىلغىنى تۈزۈك، ئەرشىمۇ سەھىپىلىرىدە شېئىرىيەت گۈلىنى ئېچىلدۇرىدۇ، دەپ مۇنداق يازىدۇ:

«گۈلشەنۇ گۈلبەرگۇ ساقى، سايەئى بەرگى كەدۇ،
بىل غەنىمەت گەر ئېرۇر ئەتراپىدا كەنارەلەر.
گويىيا يەر ئۆزرە گۈللار كۆرسەتۇر فەسلى رەبىئ،
سەفھەدە ئەرشى ئاچىلدۇرمىش گۈلى ئەشئارەلەر.»

ئۇ خۇددى ئۆز نەزمىسىدە ئېيتقاندەك:

«يەر يۈزىنى لالە - زار ئەتكەي تۆكۈلگەن قانىمىز،
بارچە يارى مۇئتەقىدلەر كۆيلىگەي ئارمانىمىز.»

دېگەن ئىشەنچ بىلەن ئالەمدىن ۋىدالاشتى.

### 6. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىنسانپەرۋەر يۆنىلىشكە ۋارىسلىق قىلىش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش

بىز ئەرشى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنى ئەلشىر نەۋائىي ۋە سەئىدىيە دەۋرى ئىلغار ئىدىيىلىرىگە قىلىنغان ئىجادىي ۋارىسلىق دېيىشكە قانداق ھەقلىق بولساق، ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنى ئەرشى ۋەكىللىكىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار يۆنىلىشكە قىلىنغان ۋارىسلىق دېيىشكە شۇنداق ھەقلىقمىز. بۇنداق ئىزچىل ۋارىسلىق ھەممىدىن ئىلگىرى ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئېلىپ بارغان ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرى ۋە ئوچۇق ياكى يوشۇرۇن سۇيىقەستلىرىگە قارشى كۈرەش بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىپ كەتكەندى.

بۇرھانىدىن خوجىنىڭ خوجا سالىھ (سامساق خوجا) ناملىق ئوغلى ئەندىجان تەرەپكە

www.uyghurkitap.com



قاچقاندىن كېيىن تاكى مىرئەخمەت شەيخنىڭ ئابدۇرېھىم ئەلەم ئاخۇنۇم ناملىق ئوغلى
ئاتۇشقا كىرىپ كۆتۈرگەن ئىسيانى بېسىقتۇرۇلغۇچە بولغان بىر ئەسىردىن كۆپرەك
ۋاقىتتا سامساق خوجىنىڭ يۇسۇپ خوجا (؟ - 1836) جاھانگىر خوجا (1790 - 1828)،
باھاۋىددىن خوجا (1793 - 1825) دىن ئىبارەت ئۈچ ئوغلىدىن جاھانگىر خوجىنىڭ ۋە
يۇسۇپ خوجىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن (كاتتا تۆرە)، كىچىك خان خوجا، باھاۋىددىن
خوجىنىڭ ئوغلى ۋەلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق بېسىپ كىرىش ۋە-
قەسى يۈز بېرىپ تۇردى. بۇ خىل «خوجىلار ئىسيانلىرى» ئافاق خوجا تۇغى ئاستىدا
ئاقتاغلىق خوجىلار ھاكىم مۇتلەقلىقنى تىكلەش غەرىزىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئەي-
نى يىللاردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە تەھلىكە سالغانىدى. بۇنىڭ
مۇھىملىرى 1826 - يىلىدىكى ۋە 1830 - يىلىدىكى جاھانگىر خوجىنىڭ ئىككى
قېتىملىق بېسىپ كىرىشى؛ كاتتا تۆرە (1815 - 1869) بىلەن ۋەلىخان تۆرە (1821 -
1865) باشچىلىقىدىكى (كىچىك خان، تەۋەككۇل خوجا، سابىرخان، ئاق تاجىخان، ئى-
شانخان تۆرىلەر قاتناشقان) 1847 - يىلىدىكى «7 خوجا توپىلىڭى»؛ 1857 - يىلىدىكى
ۋەلىخان تۆرە توپىلىڭى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ توپىلاڭلار تۈپەيلى، بولۇپمۇ ۋەلىخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى باش-
لىغان توپىلاڭلار تۈپەيلى نەچچە يۈزمىڭ كىشى يۇرتلىرىدىن ئايرىلدى، ھاياتىدىن
ئايرىلدى. ۋەلىخان تۆرە 1857 - يىلى (شەنفىڭنىڭ 7 - يىلى) قەشقەردە 15 - مايدىن
3 - ئاۋغۇستقىچە جاھانگىر خوجىنىڭ پەرغانىدا قالغان يالغۇز ئوغلى بۇزرۇك خوجا (1824 -
1869) نامىدىن پايدىلىنىپ 3 ئاي خان بولغىنىدا، 12 گەز ئېگىزلىكتە تۆت كاللا
مۇنارىسى ياساتقان. ئۇ قېچىش ۋاقتىدا 37 مىڭ كىشىنى (كوروپاتكىننىڭ يېزىشىچە
15 مىڭ كىشىنى) تەھدىد بىلەن مەجبۇرلاپ قوقانغا ئېلىپ كەتكەن. چىڭ سۇلالى-
سى قوشۇنىدىن فاخۇلى قاتارلىقلار ئۇنى قوغلاپ يوقاتقانىدا، ئاتۇشتىكى مىرەخمەت
شەيخنىمۇ قەتلى قىلدى. مىرەخمەت شەيخ ئۈچمىڭ قوراللىق كىشى بىلەن ۋەلىخان
تۆرە توپىلىڭىغا قوشۇلغان ۋە ئۇنىڭغا ئۆز قىزىنى نىكاھلاندۇرغانىدى①. بۇنىدىن تۆت
يىل ئۆتۈپ 1861 - يىلى (شەنفىڭنىڭ 11 - يىلى) 5 - ئايدا مىرەخمەت شەيخنىڭ
قوقانغا قاچقان ئوغلى ئابدۇرېھىم ئەلەم ئاخۇن 2 يۈز كىشى بىلەن ئاتۇش ئاغۇ را-
يونىغا كىرىپ، فۇجۇلىنىئا باشلىغان قوشۇن تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى②.
بۇ خوجىلار توپىلىڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئىپادىسى سۈپىتىدە تارىخقا كىرگۈزۈلگەن.

جاھانگىرخان خوجا توپىلىڭى بىلەن ۋەلىخان تۆرە توپىلىڭى ئالدى - كەينىدە
قەشقەردە زۇھۇرىددىن ھېكىم بەگ ۋە ئەخمەت ۋاڭ قاتارلىق كىشىلەر ھۆكۈمرانلىق
قىلغان بولۇپ، ئابدۇرېھىم نىزارى، نوروز ئاخۇن زىيائى، تۇردى نازىم غەرىبى، ئىمىر ھۇ-

① ساگىنىچ تورۇ: «شىنجاڭنىڭ XVIII — XIX ئەسىردىكى جەمئىيەت تارىخى تەتقىقاتى»،
605-606-611،-623- بەتلىرىدىكە قارالسۇن.

② «چىڭ شىلۇ»، «شەنفىڭ 11-يىلى راپورتلىرى» غا قارالسۇن.

سەيىن سەبۇرى، نىيازى، گۇمنام، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى قاتارلىق ئالىم-ئەدىب-
لەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلەردىن قۇتقۇزۇپ قېلىش بىلەن بىللە
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرىنى بەرپا قىلىش
ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بېرىشتى. بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردە يەنىلا ئىن-
سانپەرۋەرلىك تېماتىكىسى مەركىزىي ئورۇنغا قويۇلغاندى.

## 7. خاتىمە

يۇقىرىدا ئەرشىنىڭ نەسەبى، ياشىغان دەۋرى، ئۇنتۇلغان هايات-پائالىيىتى،
شېئىرىي ئىجادىيىتىدىكى ئىنسانپەرۋەر غايىلەر، ئەرشىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى، ئەرشى
ۋەكىللىكىدىكى ئىلغار ئىدىيەۋى يۆنىلىشكە ۋارىسلىق قىلىش بويىچە ئېلىپ بېرىلغان
كۈرەشنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا توختالدۇق.

ئەرشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى بولسىمۇ،
كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ ئۇنتۇلۇش گىرۋىكىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. ئەرشى مىراسلىرى-
نىڭ «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنىشى، ئەرشى شېئىرىي مىراسلىرى بىلەن بىللە
بىر پۈتۈن ئەرشى زامانىنى قايتا تېپىۋېلىش، «ئىككىنچى يەكەن خانلىقى» («ئالتە
شەھەر خانلىقى»)تارىخىنى قايتىدىن تېپىۋېلىش خاراكتېرىدىكى مۇھىم ھادىسە بولدى.
بىز بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن «بۇلاق» مۇھەررىرلىرىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە ئاپىرىن
ئېيتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە فۇتۇھى ۋە باشقا ئۇنتۇلغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسەر-
لىرىنىڭ تېزرەك تونۇشتۇرۇلۇشىنى، ئەدەبىيات تارىخى ئوقۇتۇشى تەتقىقاتى ۋە نەش-
رىياتچىلىقىدا بۇ بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئەسلىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇلۇ-
شىنى ئۈمىد قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com

# سەلەي چاققان كىم؟

تۇرسۇن قاھھارى

(سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھىپىلىرىدە، گېزىت - ژۇرناللاردا، مەكتەپلەر ئۈچۈن تەييارلانغان دەرسلىك كىتابلاردا، رادىئو پروگراممىلىرىدا «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» دېگەن نام ۋە شۇ نام ئۈستىدە ماقالە ۋە تونۇشتۇرۇشلار كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭدىن بېرى «سەلەي چاققان زادى كىم؟ ئۇنىڭ نەسىرىددىن ئەپەندىدىن قانداق ئايرىمىسى بار؟» — دېگەن سوئاللارمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ساتىرا ۋە كۈلكىلىك لەتىپىلەردە بۆگۈنكى دەۋرگىچە بولغان ئەدەبىياتتا «نەسىرىددىن ئەپەندى» دېگەن بىر ئوبراز مەلۇم ۋە مەشھۇر ئىكەنلىكىنى كۆپچىلىك بىلىپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساتىراسىدا «سەلەي چاققان» دېگەن نام مەيدانغا چىقتى.

نەسىرىددىن ئەپەندى ئۇزۇن ئەسىرلەردىن تارتىپ جەنۇبىي ئافرىقا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىراق شەرقتە ياشىغۇچى خەلقلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ساتىرا ۋە ئۆتكۈر يۇمۇرلۇق لەتىپىلىرى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلدى. ئەمما نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ قاچان تۇغۇلغان، قايسى دۆلەتتە ياشىغان ۋە قايسى مىللەتكە مەنسۇپ ئادەم ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئەدەبىياتتا تۈرلۈك - تۈرلۈك كۆزقاراشلار ۋە پىكىرلەر مەۋجۇت. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە نەسىرىددىن ئەپەندى توغرىسىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىندى. تەكىتسىزلىكلەر ھۆكۈم سۈرگەن كونا جەمئىيەتتە ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان - تەرى ھېسابىغا ياشىغۇچى پادىشاھ، بەگ - خانلار، سودىگەرلەر، موللىلار، ئىشان - قازىلارنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى، خىلمۇخىل ھىيلە - مىكىرلىرىنى پاش قىلىش ئۈچۈن ساتىرا ھەم يۇمۇردىن پايدىلانغان. مانا شۇنداق خەلق ئاممىسىنىڭ ئوپتىمىستىك روھىنى، خەلقنىڭ كۈچىنى، ئەقىل - ئىدرىكىنى ۋە سەزگۈرلۈكىنى نامايىش قىلىدىغان خەلق ساتىراسى يازما ئەدەبىيات پەيدا بولغان دەۋرگىچە خەلق فولكلورى ئىچىدە بارلىققا كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. كېيىنرەك يازما ئەدەبىيات بىلەن بىللە ئۆسۈپ راۋاجلاندى.

خەلق ئارىسىدىن نۇرغۇنلىغان سۆز دانالىرى چىقىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ دانىشمەنلىكىنى خەلققە قىزىق، چۈشىنىش-

لىنىڭ قىلىپ بېرىش مەقسىتىدە كۈلكە ۋە
يۇمۇرنىڭ يۇقىرى ئۇنۇمىدىن پايدىلاندى.
بۇ لەتىپىلەردە قىسقا ھەم ئاددىي، سىيۇ-
ژىتلىق ۋەقەلەر ئوچۇق ۋە ئىخچام كۆر-
سىتىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئىچىدە
ئاسان تارقاپ كەتتى. مانا شۇنداق ئۆتكۈر
ساتىرىغا ئىگە بولغان لەتىپىلەرنىڭ ئىجاد
ئېتىلىشىگە سەۋەب بولغان نەسىرىددىن
ئەپەندى ئوبرازى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇر-
مۇشى ئىچىدىمۇ بېيىپ باردى.

قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپ دۇنيا
فولكلورىدا مەشھۇر بولغان نەسىرىددىن
ئەپەندىنى ھەر بىر مىللەت ئۆز مىللىتىنىڭ
ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتى. لېكىن
نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىجادى
بىلەن ئۆسۈپ تەرەققىي قىلغان نەسىرىد-
دىن ئەپەندى ئوبرازى ئەمگەكچى خەلق-
لەرنىڭ بىر پۈتۈن ئىجابىي ئوبرازى
بولۇپ قېلىۋەردى.

نەسىرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرى
ئۇيغۇر خەلق فولكلورى ئارىسىدا خېلى
قەدىمىدىن تارتىپ مەلۇم بولۇپ كەلدى.
ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن چىققان قىزىقچى،
ئۇستا گەپچىلەر، لەتىپىچىلەر نەسىرىددىن
ئەپەندى ئىسمى بىلەن يېڭى - يېڭى ئىجا-
دىي لەتىپىلەرنى كەشىپ قىلىپ، ئۇنى
ئومۇمىي خەلق ساتىرىسىغا ئايلاندۇردى ۋە
نەسىرىددىن ئەپەندى ئوبرازىنى تېخىمۇ
گەۋدىلەندۇردى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىق-
قان نەسىرىددىن ئەپەندىلەر ئىجتىمائىي
تۇرمۇشنىڭ، قايناق ھاياتىنىڭ ھەقىقىي
ۋەكىللىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن سەنئەتتە يۇ-
قىرى ماھارەتكە ئىگە. تۇرمۇش كەچۈرۈشتە
خۇش چاقچاق، ئويۇن - كۈلكىنى ئۆزلىرىگە
كۈندىلىك ئادەت قىلىپ ياشاپ كەلگەن
خەلق. ئەنە شۇنداق خەلقنىڭ كۈندىلىك
تۇرمۇش ھاياتىغا ماسلاشقان مەشرەپ،
توي - تۆكۈن، بەزمە ۋە سەيلىلەردە
خەلق ئىچىدىن كۆپلەپ ناخشىچى، قىزىق-
چى، ماھىر لەتىپىچى، سۆزمەن، قوشاقچى
ۋە مەدداھلار يېتىشىپ چىققان. شۇنداق
ئادەملەر ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى تارى-
خىنىڭ فولكلورىدا چوڭ ئورۇن ئىگىلەيدۇ.
شۇلارنىڭ ئىچىدە تونۇلغانلىرى قەشقەر
تەۋەسىدە ئۆتكەن سەلەي چاققان، مەتيار
خەلپىتىم، تۇرپاندا موللا زەيدىن، غۇل-
جىدا ئىمىرخان خوجا ۋە باشقىلارنى كۆر-
سىتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدەك خەلق قىزىق-
چىلىرىنى ھەر شەھەرنىڭ ھەر بىر مەھەل-
لىسىدىن تېپىش مۇمكىن.

سەلەي چاققان ئۇيغۇر تارىخىدا
ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي شەخس.
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەلق ساتىرىسىنىڭ
تىپىك ئوبرازى. ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز
ئىجادىيىتىنىڭ مەشھۇر ساتىرىچىسى سۈپە-
تىدە ئۇيغۇر خەلقىغە ۋەكىللىك قىلىدۇ.
شۇنىڭدەك سەلەي چاققان ئەمگەكچى
خەلقنىڭ ئىچىدىن چىققان ئاددىي ئادەم
ھېسابلىنىپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ، خەلقىنىڭ
مۇڭ - زارىنى كۈيلىگەن ۋەتەنپەرۋەر
قىزىقچى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ
ئىجاد قىلغان لەتىپىلىرى خەلق ئېغىز
ئىجادىنىڭ ئۇنتۇلماس ھېكمەتلىك سۆز-
لىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

سەلەي چاققان مەمەت ئوغلى 1790 -
يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ توققۇزاق ناھى-
يىسىگە قاراشلىق ئوپال يېزىسىدا كەمبەغەل
ناۋاي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى
مەمەت قەشقەرنىڭ مەشھۇر ھۈنەرۋەنلىرى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دىن بىرى ئىدى، شۇنداقلا مەمەت داڭلىق
راۋابچى، گەپكە ئۇستا قىزىقچى ئادەم
ئىدى. ھەر يىلى قەشقەر ئاپاق خوجا
سەيلىسىدە راۋاب چېلىپ، غەزەل ئوقۇي-
دىغانلارنىڭ بىرسى بولۇپ، سەلەي كىچىك
چېغىدىن راۋاب چالالايدىغان، ئاتىسىنىڭ
غەزىلىگە قوشۇلۇپ غەزەل ئېيتالايدىغان،
تۇغما قابىلىيەتلىك غەزەلخان ئىدى. سە-
لەي ھەمىشە خەلق داستانلىرى، خەلق
قوشاقلىرىنىڭ ئېيتىلىشىغا زەن قوياتتى.
ئاتىسىنىڭ ئېيتقان قىسقا - قىسقا مۇڭلۇق
قوشاقلىرىغا ئۆز قەلبىدىن ئورۇن بېرەتتى.
سەلەي چاقچاق ئاتىسىنىڭ ياردىمى ئارقى-
سىدا قەشقەر ھېيتگاھ مەدرىسىدە ئىككى
يىلاچە ئوقۇپ بىلىم ئالغان. شۇ جەرياندا
ئۇ، ئۇيغۇر ۋە شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ
ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئەرەب تىلى-
دىن بىرئاز خەۋەردار بولىدۇ. ئەنە شۇ
چاغلاردا قوشاق ۋە بېيىتلارنى يېزىشقا
كىرىشىدۇ.

سەلەي چاقچاق 14 - 15 ياشلىرىدىن
تارتىپ خەلق ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىدى.
شۇ يېشىدىن تارتىپ راۋاب چېلىپ، قو-
شاق قېتىپ، خەلقنىڭ كۆي ۋە غەزەللى-
رىنى ئۆز راۋابىدا جارى قىلىشقا باشلىدى.
بۇنى كۆرگەن خەلق ئاممىسى سەلەينى
ماختاپ، ئۇنىڭ نامىنى پۈتۈن قەشقەرگە
يايدى. ئۇ قەشقەرنىڭ كۆپلىگەن يەرلى-
رىنى ساياھەت قىلغانىدىن تاشقىرى يە-
كەن، خوتەنگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى مەش-
ھۇر خەلق سەنئەتچىلىرى، ساتىراچى ۋە
قوشاقچىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى بىلەن تو-
نۇشىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا خەلق ساتىراچىسى
ئەخمەت شاھ قارىقاشىنىڭ ئەسەرلىرىنى
خەلق ئاغزىدىن ئاڭلايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن

تەسىرلىنىدۇ. خۇسۇسەن خەلق قوشاقلىرى-
نىڭ ئىخچام، ئاددىي تىلى ئۇنىڭ بىلىم ۋە
چۈشەنچە دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ.
ئۇ تىنماي ئۆگىنىش جەريانىدا خەلقنىڭ
ھېكمەتلىك سۆزلىرى، بېيىت، تەمسىل ۋە
ماقاللارنى يادقا ئالىدۇ. سەلەي ئۇزاق
ئۆتمەي خەلق ئىچىدە «راۋابچى، قىزىقچى» بولۇپ تونۇلىدۇ. گەپ - سۆزدە ھازىر
جاۋابلىقى بىلەن «سەلەي چاقچاق» نامىغا
مۇيەسسەر بولىدۇ.

قەشقەر ھاكىمى زۇھۇرىدىن بەگ-
نىڭ ئالۋاڭ - ياساقلىرى خەلق ئۈستىگە
ئېغىر چىلىق كەلتۈرىدۇ. مانا شۇ زۇھۇ-
رىددىن بەگ زۇلمىدىن نەپرەتلەنگەن
سەلەي چاقچاق خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ،
ئەمگەكچىلەرنىڭ مۇڭىنى كۈيلەپ، يېڭى
لەتىپىلەر ۋە كەمبەغەللەرنىڭ دىلىغا ئارام
بېرىدىغان قوشاقلارنى توقۇيدۇ. مەسىلەن:

ئېتىمنى سورىساڭ سەلەي،
قەشقەر بېشى ئوپالدىن.
راۋاب چېلىپ ئوينىغان،
زادى قورقماي ئامبالدىن.

قەشقەردىكى ھېيتگاھىم،
جىمى ئالەمگە داڭ كەتكەن.
راۋابىم تارىدۇر بۇلبۇل،
يەر يۈزىگە چاڭ كەتكەن.

سەلەي چاقچاق خەلقنىڭ دەردىگە دەر-
مان، بەگ ۋە ئامباللارنىڭ ھىيلە - مىك-
رىگە خەنجەر بولۇپ سانجىلدى. «يول
بىلگەن ئامبالدىن قورقماس»، «بوزەك
ئەتكەننى كومزەك ئەت»، «بىزنى باپلاي-
مىز دېگەننى ئەگرى ساپلايمىز» دەپ
مەيدانغا چىققان.

مانا شۇنىسى خاراكتېرلىككى، سەلەي

چاقچان لەتىپىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. ئۇ مەھەللە ۋە شەھەر-لەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا ئۆتكەن سارايۋەن ۋە يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ قىزىقچىسى ئەمەس. شۇڭا ئۇچۇنمۇ ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان لەتىپىلىرى ۋەتەنداشلىرىغا دەرمان بولۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ سىنىپىي قورا-لىغا ئايلاندى. سەلەي چاقچان ئوبرازى خەلق تىلىدا ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكى ھەم قىزىقچىلىقى بىلەنلا مەشھۇر بولماي، بەلكى جاپاكەش خەلقىمىزنى ياد قىلغۇچى بىر ئوبراز سۈپىتىدە ھەم مەشھۇر. سەلەي چاقچان دەسلەپ قەشقەر تەۋەسىگە، كېيىن-رەك پۈتكۈل شىنجاڭغا تونۇلدى. ئۇنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن لەتىپىلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى ۋە قوشاقلىرى خەلق ئىچىدە ساقلانماقتا. سەلەي چاقچاننىڭ ئىجادىي ئىشلىرى 1944-يىلدىن كېيىن قولغا ئېلىندى.

ئۇنىڭ ھاياتى ۋە لەتىپىلىرىنى بىرىنچى قېتىم فولكلورىست داۋۇت تۇ-رەخمەتوۋ خەلق ئىچىدىن يىغىپ، رەت-لەپ خەلققە تونۇشتۇردى. ئۇ ئۇرۇمچىدە چىقىدىغان «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى» نىڭ 1958-يىلى 2-سانىدا ئېلان قىلىندى. سۇرىتىنى ئۇيغۇر رەسسامى غازى ئەمەت، شۇ ژۇرنالدا نامايىش قىلدى.

1960-يىلدىن باشلاپ كۆپ مىل-لەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقىدا سەلەي چاق-قان ھاياتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدە ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىك قوللانمىلىرىغا تونۇشتۇرۇشلار كىرگۈزۈلدى. گېزىت-ژۇرناللاردا ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭغا بېغىشلاپ «سەلەي چاقچان سەيلىدە» سەھنىسى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتى. قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىر-غىزىستان، تاتارىستان ۋە باشقىرىستاندىكى ساتىرىك ژۇرناللاردا سەلەي چاقچاننىڭ سۈرىتى بىلەن لەتىپىلىرى بېرىلدى. 1984-يىلى داۋۇت تۇرەخمەتوۋ توپلاپ نەشرگە تەييارلىغان «سەلەي چاقچان لەتىپىلىرى» كىتابىنى ئالمۇتادىكى «ياز-غۇچى» نەشرىياتى نەشر قىلدى.

1986-يىلى ئالمۇتادىكى جۇمھۇرى-يەتلىك دۆلەت ئۇيغۇر مۇزىكىلىق كومې-دىيە تىياترى تۇرسۇن قاھارى بىلەن ئى. قاسىموۋلار يازغان «سەلەي چاقچان» مۇزىكىلىق كومېدىيىسىنى (ئۇنىڭ مۇزىكى-سىنى كومپوزىتور شاھىدە شاھىمەردانوۋا يازغان) قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە نامايىش قىلماقتا.

سەلەي چاقچان مەمەت ئوغلى 1850-يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئۆتكۈر ۋە كۆلكىلىك لەتىپىلىرى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە مەدە-نىيىتى ئۈچۈن ئاۋۋالقىدەكلا ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتماي كەلمەكتە. سەلەي چاقچان نامى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساتىرىسى ئارقىلىق دۇنياغا مەلۇم بولماقتا.



ئۇيغۇر كتاب تور بېكىتى
uyghurkitap.com

# سەئدى شىرازى

پارس غەزەلىياتىنىڭ پېشىۋاسى، ئىبرەتلىك نەزم-نەسر ژانىرىنىڭ ماھىر ئۇستازى، جاھان سەنئەت تارىخىدا تونۇلغان كلاسسىك ئەدىب شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدى شىرازى (1203 — 1292) ئىراننىڭ شىراز شەھىرىدە ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

سەئدى شىرازى ياشىغان يىللار XIII ئەسىرنىڭ ئىران ۋە ئىسلامىيەت شەرقىدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تارىخى بىلەن زىچ تۇتىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ۋەتىنى — قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئاپىرىدەگاھلىرىدىن بىرى بولغان ئىران دىيارى ئەرەب ئىستىلاچىلىرىدىن كېيىن سالجۇق تۈركلىرىنىڭ (1055 — 1194) ھۆكۈمرانلىقىدا بىر يېرىم ئەسىر يانجىلدى. 1194-يىلى خارەزم تۈركلىرى ئىراننىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلەپ، ئۇ يەردىكى سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ئىزىغا دەسسىدى. 1219-يىلى چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ئىران تۇپرىقىنى بىر قېتىم ئىگىلەپ چېكىنگەندىن كېيىن، 1256-يىلدىن باشلاپ ئىران چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ئاساس سالغان ئىلخان دۆلىتى شەكلىگە كىرىپ، موڭغۇل ھاكىملىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالدى.

سەئدىنىڭ ئاتىسى شەيخ بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئادەم بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاتىسىدىن كىچىكىدىلا يېتىم قالغان سەئدى تىرىشىپ ئوقۇدى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ ئىسلام قائىدىلىرى، ئەدەبىيات ۋە باشقا پەنلەردە خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. 1223-يىلى سەئدى سالجۇقلار دەۋرىدىكى مەرىپەتپەرۋەر ۋەزىر نىزامۇلمۇلۇكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەسىس قىلىنغان ئوتتۇرا-يېقىن شەرقتىكى ئالىي ئوقۇش يۇرتى «نىزامىيە» مەدرىسىسىگە كىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ بۇ يەردە قۇرئان تەلىماتى، پەلسەپە، تارىخ ۋە ئەدەبىيات قاتارلىق پەنلەرنى تەتقىق قىلدى. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى نىزامىيە دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدەررىسى سامئۇددىدىن تەرىپىدىن يۇقىرى باھالانغاچقا، سەئدى دۆلەت چىقىمى بىلەن ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

سەئدى نىزامىيە مەدرىسىنى تاماملاپ، XIII ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى ئۆزىنىڭ جاھانگەشتىلىك ساياھىتىنى باشلىدى. ئۇ تاكى ئوتتۇرا-يېقىن شەرقتىكى ئەھلى سەلىب ئۇرۇشلىرى، موڭغۇل يۈرۈشلىرى ئىستۆتەكلىرى بىلەن بېسىققاندىن كېيىنكى ئىلخان دۆلىتى بەرپا بولغۇچە (1256) ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىتنى مۇشۇ جاھانگەشتىلىك ساياھىتى بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ نىزامىيە مەدرىسىنى تاماملاپ دەسلەپ مەككىگە كەلدى (ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئون تۆت قېتىم ھەج قىلغان). ئاندىن ئەرەبىستاننى كېزىپ، مىسىر، شىمالىي ئافرىقا، ھەبەشىستان، مولوگا، سۈرىيىنىڭ دەمەشق ۋە ھەلەپ شەھەر-

لىرى، ئىرۇسالىم، ترىپول، تۈركىيە، ئەزەربەيجان، ھىندىستان، ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، قەشقەرىيە قاتارلىق جايلارنى ئايلاندى. ئۇ قەشقەرىيىگە قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە خارەزم شاھىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە كەلگەندى. ئوتتۇز يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ بەزىدە ساياھەتچى، بەزىدە ئەلچى، بەزىدە دەرۋىش ۋە بەزىدە تۇتقۇن بولدى. ئاچلىق-موھتاجلىق، ئۆلۈم خەۋپى ۋە ئاچچىق ئەلەملەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەلقلەر ۋە دۆلەتلەرنىڭ جاھالەتلىك ھايات شارائىتلىرى بىلەن پىششىق تونۇشتى. بىلىم، ناتىقلىق، مۇستەھكەم ئىرادە ئۇنى مۇشەققەتلىك ھايات دولقۇنلىرىدا ئامان ساقلىدى. سەئدىنىڭ بۇ سەپىرى ئۇنىڭ ئىككىنچى «نىزامىيە» دارىلفۇنۇنى بولدى.

سەئدى ئەزەربەيجاننىڭ بىلايىۋن ۋە تىبلىس شەھەرلىرىگە بېرىپ ئاباقخانىغا نەسىھەت قىلىپ، دەرۋىش قىياپىتىدە دەمەشقتىن ئىرۇسالىمغا ماڭدى. چۆلدە سەلىب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ترىپولدا خەندەك قېزىشقا سېلىندى. شۇ چاغدا سەئدىنىڭ سۈرىيىگە كېتىۋاتقان كارۋاندىكى سودىگەر دوستى ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىپ، سۈرىيىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مەركىزى ھەلەب شەھىرىگە ئاپىرىپ، ئۆز قىزىغا نىكاھلىق قىلدى. سەئدى يېڭى قۇرۇلغان كىچىك ئائىلىسىدىن رازى بولمىغاچقا قېچىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتىنى داۋاملاشتۇردى.

1257 - يىلى سەئدى ئوتتۇز يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شىراز شەھىرىدىكى ئۆزىنىڭ بېغىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر قەدەر تىنچ مۇھىتتا بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. سەئدى شىرازى «بوستان»، «گۈلىستان» ناملىق ئىجادىيەت مېۋىلىرىدىن ئىلگىرى كۆپلىگەن لىرىك غەزەللەر، قەسىدىلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا تەسىر قوزغالمىغانىدى. شۇڭا ئۇ «بوستان» داستانىدا «خوتەنلىكلەر ئاھۇ ئىپارىنىڭ قەدرىنى بىلمىگىنىگە ئوخشاش، پارسلارمۇ شېئىرنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ» دەپ يازغانىدى.

ئۇ شىرازغا كېلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ شېئىرىي داستانى «بوستان» نى يېزىپ تاماملىدى. ئون بابتىن تەشكىل تاپقان بۇ داستان قىسقا ۋە ئىبرەتلىك 200 دەك شېئىرىي ھېكايىلاردىن تەركىب تاپقانىدى. «بوستان» دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا غايەت زور شۆھرەت قازاندى. پارس ھاكىمى ئاتابېك ئەبۇبەكرى سەئدى شىرازىنى ئوردا شائىرلىقىغا تەكلىپ قىلغاندا ئۇ بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى.

1258 - يىلى قىزىلگۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان مەزگىلدە ئۇنىڭ بېغىغا كونا بىر دوستى كېلىپ مېھمان بولدى. ئۇ ئۇنىڭ پارسقا سەپەر قىلغان چېغىدىكى ھەمراھى ئىدى. ئۇ كېچىچە سەئدى بىلەن پاراڭلىشىپ ئەتىسى يولغا چىقتى. ئۇ دوستى سەئدىنىڭ بېغىدا ئېچىلغان ئەتىرگۈللەرگە ھەۋەسلىنىپ بىرقانچىنى ئۈزۈپ ئالدى. شۇ چاغدا بىر ئىزغىرىن شامال گۈل بەرگلىرىنى يەرگە تۆكۈپ تاشلىدى. سەئدى دوستىغا: بىر ھەكىم، «ئۆزگەرگۈچى نەرسىگە ھېرىس قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ» دېگەنىدى، دېدى؛ بۇ چاغدا سەئدىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مېھمىنى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قال-
غانىدى. سەئدى ئۆز دوستىغا مەڭگۇ خا-
زان بولمايدىغان ئەتىرگۈل دەستىسى
تۈزۈپ سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.
شۇ كۈنلا سەئدى پارس ئەدەبىياتىنىڭ
ئاجايىپ دۇردانىسى بولغان «گۈلىستان»
ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى بابىنى يېزىپ
تاماملىدى. «گۈلىستان» سەككىز بابتىن
تەشكىل تاپقان نەزم - نەسر شەكلىدە
يېزىلغان قىسقا ھېكمەتلىك ۋە ئىبرەتلىك
ھېكايىلاردىن ئىبارەت.

سەئدى شىرازى «بوستان»، «گۈلىس-
تان» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى پارچە
ئەسىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ راتسىئونالىزىم-
لىق، گۇمانىزىملىق ئىجتىمائىي ۋە ئەخ-
لاقىي قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن، تەرغىپ
قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە شەرقتىكى
ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىقى كەلتۈرۈپ
چىقارغان جاھالەت ۋە زۇلۇمنى ئىسياندا-
كارانە روھتا پاش قىلغان. سەئدى ئۆزى-
نىڭ كىچىك شەكىلدىكى «مىكرو» ھېكا-
يىلىرى ۋە ھېكمەتلىك نەزمىلىرىدە كۆپلە-
گەن ھادىسىلەر، ئوبرازلار ۋە ئىدىيىلەرنى
چىن، روشەن، جانلىق، رەڭدار قىلىپ
ئىپادىلىگەن. سەئدى «ئىنسان ۋە ئىن-
سانىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، ئۆز ئەۋزەللىكى
ۋە ئۆز گۈزەللىكى بىلەن جامائەتنى،
دۆلەتنى باشقۇرۇشقا قابىل» دەپ تەشەب-
بۇس قىلغان. سەئدىنىڭ تۇرمۇش تەجى-
رىبىلىرى، جۇغراپىيىلىك - تارىخىي بىلىم-
لىرى ۋە خەلق ماقاللىرى بىلەن بېزەلگەن.

سەئدى شىرازىنىڭ «بوستان»،
«گۈلىستان» ناملىق ئەسىرى پارس تىلىنى،
پارس شېئىرىيىتى ۋە ھېكايىتىنى بېيىتتى.
ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن نۇرغۇنى پارس ۋە
تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىگە
ئايلاندى.

سەئدى شىرازى ئەسەرلىرى يەتتە
ئەسىرگە يېقىن ئۇزاق تارىخنى بېسىپ
ئۆتۈپ، پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە
جاھان سەنئىتىگە غايەت زور قىممەتلىك
تۆھپە قوشتى. ئىراك شېئىرىيىتىنىڭ يۈك-
سەك ماھىرى ھاپىز شىرازىمۇ (1320 —
1389) ئۆز لىرىكىلىرىنى يېزىشتا سەئدى
شىرازىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى.

سەئدى شىرازى ئەسەرلىرىنىڭ
كۆچۈرۈلگەن ۋە تەرجىمە قىلىنغان نۇس-
خىلىرى ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە،
مىسىر، ھىندىستان، كاپكاز، ئەرەبىستان،
ياۋروپا ۋە باشقا مەملىكەتلەرگە كەڭ تار-
قالغان.

XIV ئەسىردە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسى-
يالىق مەشھۇر شائىر سەيفى سارايى «گۈ-
لىستان» نى ئەركىن تەرجىمە قىلدى.
XV ئەسىردە ئۇنىڭ تۈركىيە تۈرك
نۇسخىسى ئىشلەندى.
XVI ئەسىردە تۈركىيلىك سۇرۇرى،
شەمئى، سۇرى قاتارلىقلار «گۈلىستان» غا
شەرھى يېزىشتى. سۇرى «گۈلىستان» نىڭ
ئەرەبچە نۇسخىسىنى ئىشلىدى.

سەئدى شىرازى گېيوتى ۋە پۇش-
كىن تەرىپىدىن يۇقىرى باھالاندى.
XVII ئەسىردە گوللاندىيىدە سەئدى
ئەسەرلىرى ئېلان قىلىندى. 1651 - يىلى
لاتىن مىللەتلىرى تىلىدا، 1791 - يىلى
ئىنگلىز تىلىدا، XVIII ئەسىردە بولسا رۇس
تىلىدا تەرجىمە قىلىندى.

سەئدى شىرازى ئەسەرلىرىنىڭ چا-
غاتاي تۈركىي نۇسخىسىدا تاشكەنتلىك
مۇراد خوجا ئىشلىگەن «شەۋقى

(ئاخىرى 145 بەتتە)




## ھۈنەرنىڭ كارامىتى

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتـ
كەنىكەن. ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى ھېسابـ
سىز جىق، شۆھرىتى ئالەمگە پـۇر كەتكەن
بولسىمۇ، لېكىن پەرزەنت يۈزى كـۆرمىـ
گەچكە، دائىم كۆڭلى يېرىـم، دىلى سـۇ-
نۇق يۈرىدىكەن. «ئىز باسارلىق، مىراسـ
خورلۇقـقـا بىرەر پـەرزەنت بولـمىسا، بۇ
مال ـ دۇنيا ۋە نام ـ شـۆھرەتـىنىڭ نېمـە
كېرىـكى؟ ياشـاشنىڭ نېمـە ئەھمىيتى؟»
دەپ ئويلاپ بىئـارام بولىدىـكەن. ۋاقىت
ئۆتكەنـسېرى ئـۇنىڭ ھەسـرىـتى تېخىمۇ
كۈچىيىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ئۆز تەـ
ۋەلىكىدىكى بارلىق پۇقرالارغـا ئۆزىـنىڭ
بۇ جەھەتتىكى ھەسـرىتىنى ئېيتىپ، بۇـ
نىڭغا باشقا ئامالى قالمىغانلىقىنى، پۇقـراـ
لارنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە خۇداغا ئىلتىجا
قىلـسا، تەلىپىنىڭ ئىجـابەت بولـۇشى
مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئۇلارنى ئۆـ
زى بىلەن قىرىق كېچـە ـ كـۈندۈز دۇئا ـ
تىلاۋەت قىلىشقـا دەۋەت قىپتـۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلار پادىشاھ بىلەن بىللە قىرىـق
كېچە ـ كۈندۈز دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغانىكەن،
تـەلىپى ئىجـابەت بولـۇپ، پادىشـاھ بىر
ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. پادىشـاھ خۇـ
شالـلىقتا ئۇنىڭغـا يېمىگـەننى يېدۈرۈپ،
كىيمىگەننى كىيدۈرۈپتـۇ. يەتـتە ياشقـا
كىرگەندە موللامغا بېرىپتـۇ. بالا بەك ئەـ
قىللىق، مېڭىسى ئۆتـكـۈر بولغاچـقا، ئاز
ئۆتمەي ساۋاتى چىقىپ، خەتنى شۇنـداق
ياخشى يازىدىغان بوپتۇ. بىراق بەك شوخ،
كەپسىز ئىكەن. بەزىدە مولـلانىڭ خىيـاـ
لىدا يوق سوئاللارنى قويۇپ تەمتىرىتىپ
قويىدىكەن. ئۇ بارغانسېرى موللامنىڭ بىلمەـ
دىن قانائەتلەنمەي، ئوقۇشتىن كۆڭلى سوۋۇپـ
تۇ ـ دە، داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھـاڭرىـ
غان يەرلەردە يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان
بوپتۇ. ئاخىر ئون ئىككى ياشقا كىرگەندە
ئوقۇشنى تاشلاپ، يەنە بىر ـ ئىكـكى يىلنى
ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتـكـۈزۈۋېتىپتـۇ.
پادىشاھ بۇنىڭغا تاقەت قىلالماي، ۋەزىرـ
لىرىدىن مەسلىھەت سورىغانىكەن، ۋەزىرـ
لەر ئۇنىڭغا:

— پادىشاھىم، ئۇنـى سودا كـارۋانـ
لىرىغا قوشۇپ قويايـلى، سودىگـەرچىلىكنى
ئۆگەنسۇن، يۇرت كۆرۈپ كـۆڭلى ئېچىلـ
سـا، ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن كەچۈرسە
ئوڭلىنىپ قالار، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

پادىشاھقا بۇ مەسلىھەت يېقىپ، كارۋان باشلىقلىرىغا:

— بۇگۈندىن باشلاپ بالامنى سىلەرگە تاپشۇردۇم، تىللىساڭلارمۇ، ئۇرساڭلارمۇ مەيلى، قاتتىق باشقۇرۇڭلار. تەرتىپسىزلىك قىلىپ بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرگە كېتىشىگە يول قويماڭلار، سودا ئىشلىرىنى ياخشى ئۆگىتىڭلار، — دەپتۇدە، بالىسىغا مىڭ تىللا بېرىپ، سودىگەرلەرگە تاپشۇرۇپتۇ. كارۋان باشلىقلىرى تەزىم قىلىپ:

— قولىمىز كۆكسىمىزدە پادىشاھىم، دېگەنلىرىنى بىجانىدىل ئورۇندايمىز، — دېيىشىپ، شاھزادىنى ئېلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

شاھزادە ئۇلار بىلەن يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن بىر چوڭ شەھەرگە يېتىپ بېرىپ، كارۋان سارايغا چۈشۈپتۇ. بىر ھازاغىچە سودىگەرلەر يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈش، ئات-ھارۋىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. بىر كەمدە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قارىسا، شاھزادە يوق تۇرغۇدەك. ئۆزئارا سۈرۈشتۈرسە، ھېچكىم كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پەقەت بىرەيلەن شاھزادىنىڭ بۇ يەرگە كېلىپلا تەرەت سۇندۇرۇشقا ماڭغىنىنى كۆرگەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاماق يېيىش ۋە دەم ئېلىشنى تاشلاپ، تەرەپ - تەرەپكە ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئىزدەش بىلەن بولۇپ سودىسىمۇ يۈرۈشمەپتۇ، لېكىن ھېچيەردىن تاپالماپتۇ. ئاخىر مەسلىھەت بىلەن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ - دە، ئوردىغا بېرىپ، پادىشاھقا ئەھۋالنى ئەينەن بايان قىپتۇ، پادىشاھمۇ ئامالسىز قېلىپ:

— بوپتۇ، ئۆلمىسە قايتىپ كېلەر. تولا ئەندىشە قىلماي، بېرىپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، — دەپ ئۇلارنى يولغا ساپتۇ.

ئەمدى گەپنى بالىدىن ئاڭلايلى: شاھزادە شۇ كۈنى سارايدىن چىقىپ، شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنى بىردەم ئايلىنىپتۇ. ئاندىن ئارقا كوچىلارغا كىرىپ، بىر قورۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ھويلىنىڭ ئىچىدىن شۇنداق يېقىملىق ساز ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇكى، بۇنىڭغا مەھلىيا بولغان شاھزادە ئىختىيارسىز ھالدا قەدەملىرىنى شۇ تەرەپكە تۇغرىلاپ، قورۇنىڭ ئىچىگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قاپتۇ.

— ھەي بالا، بۇ يەرگە نېمىشقا كىردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ بىر كىشى ئۇنىڭدىن.

— سازنىڭ ئاۋازىغا زوقلىنىپ، قانداق كىرگىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن. ئاكا، بۇ قانداق ئورۇن؟

— بۇ، ئىختىيار قىلغانلارغا سازەندىلىكنى ئۆگىتىدىغان جاي.

— ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قويارمۇ؟

— ئۆگىتىدۇ، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن مىڭ تىللا پۇل بېرىشىڭ كېرەك.

شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ، دادىسى بەرگەن مىڭ تىللانى تاپشۇرۇپ، سازەندىلىكنى ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ. بىر يىلغىچە تۈرلۈك - تۈمەن سازلارنى ئۇستازىدىنمۇ ياخشى چالىدىغان، ئۇنىڭ سازىنىڭ مۇڭىدىن بۇلبۇللارمۇ ھەيرەتتە قالىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قايتىش تەرەددۇتىغا كىرىپ، بىرنەچچە كۈن كۈنلۈك

ئىشلەپ، يەيدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى غەملىۋاپتۇ ـ دە، ئۇزۇن يوللارنى پىيادە بېسىپ، يەرنى كۆرپە، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ، بىر ئامالالار بىلەن يۇرتىغا قايتىپ كېلىۋاپتۇ. بىراق، ئۇزۇن مۇددەت سىرتتا يۈرگەنلىكى، يول جاپاسى بىلەن هاردۇق يەتكەنلىكى، كىيىملىرىمۇ ناچار، ئاۋارە هالەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، دادىسى دەسلەپ ئۇنى تونۇيالماپتۇ.

— كىم سەن؟ — دەپ سوراپتۇ بالىدىن.

— مەن ئۆز ئوغلىڭىز شاهزادە بولىمەن.

— ئۇنداق بولسا، بۇ كەمگىچە نەلەردە يۈردۈڭ؟ نېمە ئىش قىلدىڭ؟ سۆزلە.

شۇنىڭ بىلەن، شاهزادە كارۋان سارايدىن ئايرىلىپ، هازىرغىچە بولغان ئەهۋاللارنى بىر ـ بىرلەپ تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاه ئۇنىڭ ئۆزى تاپشۇرغان ئوكاي ئىشنى قىلماي، جېنىغا جاپا سالغىنىدىن، بولۇپمۇ مىڭ تىللانى سازەندىلىكنى ئۆگىنىشكە بەردىم دېگىنىدىن قاتتىق خاپا بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىگە هاي بېرىپتۇ. بىر نەچچە كۈن دەم ئالدۇرۇپ، ياخشى ئوزۇقلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇرغۇن پەندىنەسىهەتلەر بىلەن قولىغا مىڭ تىللا تۇتقۇزۇپ، يەنە سودا كارۋانلىرىغا قوشۇپ قويۇپتۇ. كارۋان باشلىقلىرىغىمۇ بۇ نۆۋەت ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى كۆز ـ قۇلاق بولۇشنى تەكرار تاپىلاپ، يولغا سېپتۇ.

بۇ قېتىم ئۇلار باشقا بىر چوڭ شەهەرگە بېرىپتۇ. كارۋان سارايغا چۈشۈش جەريانىدا، كارۋان باشلىقلىرى ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر ئادەمنى نازارەتچىلىككە قويۇپتۇ. لېكىن هەر قانچە قىلسىمۇ، بالا ئۆزىگە قارىغۇچىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، غىپ قىلىپلا تىكىۋېتىپتۇ. سودىگەرلەر پاتىپاراق بولۇپ، نەچچە كۈنگىچە ئىزدىسىگەن يېرى قالماپتۇ، ئاخىر قۇرۇق قول قايتىپ كېتىپتۇ ـ دە، ئەهۋالنى پادىشاهقا ئەينەن يەتكۈزۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. پادىشاهمۇ باشقا ئامال قىلالماپتۇ.

ئەمدى شاهزادىگە كەلسەك، ئۇ كارۋان سارايدىن چىقىپ، ئاۋات شەهەردىكى ئادەملەر قاينىمى ئىچىدە كوچىلارنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ بىر يەرگە بارغاندا قارىسا، بىر بىنانىڭ دەرۋازىسىدىن بىر مۇنچە كىشىلەر كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇلاردىن سوراپ، بۇ يەرنىڭ چوت سوقۇش، هېسابات ئىشلىرىنى ئۆگىنىش ئورنى ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ شۇنى ئۆگىنىشكە كەلگەنلىكىنى، كىمكى ئۆگىنىشنى خالىسا، مىڭ تىللا بېرىشى لازىملىقىنى بىلىۋاپتۇ ـ دە، بۇنىڭغا قىزىقىپ، مىڭ تىللا تاپشۇرۇپ، چوت سوقۇشنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە چوت سوقۇشتا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈپ، هەر قانداق قىيىن ۋە مۇرەككەپ هېسابنى ئوڭايلا چىقىرىۋېتىدىغان بولۇپ يۇرتىغا قايتىپتۇ.

پادىشاه بۇ قېتىم قاتتىق جازالاشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ۋەزىرلىرى ئارىغا چۈشۈپ تۇرۇۋاپتۇ.

— مەرتەم ـ مەرتەم ئۈچ مەرتەم دېگەن گەپ بار پادىشاهى ئالەم، — دەپتۇ ئۇلار يېلىنىپ، — بۇ قېتىم شاهزادىنى بىر ئۈچۈن ئەپۇ قىلسىلا، ئۇ تېخى ئەقلى توشمىغان نادان، بۇ ئىككى قېتىملىق ئىش ئۇنىڭغا ساۋاق بولار. ئۇنىڭغا يەنىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئوبدان نەسىھەت قىلىپ، يەنە كارۋانلارغا قوشۇپ قويساق، ئەمدى سودا قىلىش يوللىرىنى ياخشىراق ئۆگىنەر.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئاچچىقىدىن يېنىپ، ئۇنىڭغا يەنە مىڭ تىللا بېرىپ، سودىگەرلەرگە قوشۇپ باشقا بىر شەھەرگە يولغا ساپتۇ. ئەمما ئۇ شەھەرگە بارغاندىن كېيىن، شاھزادە سودىگەرلەرنىڭ نازارىتىدىن يەنە ئەپچىللىك بىلەن قۇتۇلۇپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ مىڭ تىللا پۇل بىلەن شەترەنجۋازلىق (شاھمات ئويناش) نى ئۆگىنىشكە كىرىشىپتۇ-دە، بىر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئۇستا شەترەنجۋاز بولۇپ يېتىشىپ، ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئەمما پادىشاھ ئۇنىڭ ئەمدى ئادەم بولۇشىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئىككى جاللاتقا ئۇنى دەرھال يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تاپىلاپتۇ.

بۇ ئىككى جاللات بۇيرۇق بويىچە شاھزادىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋېتىپ، ئۆزئارا مۇنداق دېيىشىپتۇ:

— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ بىرىنچىسى ئىككىنچىسىگە، — بۇ كەمگىچە پادىشاھ ئۆلتۈر دېسىلا ئۆلتۈردۇق، ئۆلتۈر دېسىلا ئۆلتۈردۇق، ئۆلتۈرگەن ئادەملىرىمىزمۇ ئاز بولمىدى، لېكىن شاھزادە پادىشاھنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى، پادىشاھ ئاچچىقىدا ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان بىلەن، بۇنى ئۆلتۈرسەك، كېيىنكى كۈنلەردە پادىشاھلىققا كىم ۋارىسلىق قىلىدۇ؟ شۇڭا بۇنى بىر ئامال قىلىپ قاچۇرۇۋېتەيلى. ئۆلتۈردۈكمۇ دېسە ئۆلتۈردۇق دەپلا قۇتۇلمامدۇق؟

بۇ پىكىرگە ئىككىنچىسىمۇ قوشۇلۇپتۇ-دە، شاھزادىدىن بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىق، بۇ پادىشاھلىق تەۋەسىدىن قېچىپ يىراقتا كېتىش توغرىسىدا ۋەدە ئېلىپ قاچۇرۇۋېتىپتۇ.

شاھزادە شۇ قاچقانچە قېچىپ، باشقا بىر پادىشاھلىققا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر چوڭ سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېسابات ئىشلىرىغا ماھىر بىر ئادەم كېرەك ئىكەن، شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ چوت سوقۇش ھېسابات ئىشلىرى جەھەتتىكى ماھارىتىنى مەلۇم قىلىپ، خىزمىتىگە كىرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار سودا كارۋىنىنى ئەگەشتۈرۈپ، بىر چوڭ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر كۈنى بىرتاغ ئىچىدە كېتىۋاتسا، تۇيۇقسىز قاراقچىلار يول توسۇپ، ئادەملىرىنى ئۇرۇپ باغلاپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، ماللىرىنى بۇلاپ مېڭىپتۇ. شاھزادە پاتىپاراقچىلىقتا قېچىۋېتىپ، تۇيۇقسىز بىر چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئەسلى دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ ئوردىسى ئىكەن. شاھزادە بىر كەمدە قارىسا، ئەتراپ ۋاللىدىغان ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلار بىلەن تولغانمىش، دېۋىلەر پادىشاھى بىر چەتتىكى تۆشەكتە ھەيۋەت بىلەن ئۇخلاۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ باش تەرىپىدە بىر خىل ئېسىل ساز تامغا يۆلەكلىك تۇرغانمىش، ئۇنى كۆرۈپلا، شاھزادە ھەممىنى ئۇنتۇپتۇ-دە، سازنى ئېلىپ پۈتۈن زوقى بىلەن مۇڭلۇق بىر مۇقامغا چېلىشقا باشلاپتۇ. دېۋىلەر پادىشاھى بۇ يېقىملىق ساز ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئالدىدا شۇنداق كېلىشكەن بىر يىگىت ئولتۇرغۇدەك، ئۇ، يىگىتنى چۆچۈتۈۋېتىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇيانغا ئېغىناپ، بۇيانغا ئېغىناپ، مىڭ تەسلىكتە كۆزىنى ئاچقان بولۇپ:

— ھەي ئادەمزات، — دەپتۇ مۇلايىملىق بىلەن، — سازنى ئەجەبمۇ يېقىملىق ۋە مۇڭلۇق چالىدىكەنسەن، قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭ؟ بېشىڭغا نېمە كۈنلەر چۈشتى؟

شاھزادە دېۋە پادىشاھىنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە سۆزىدىكى مۇلايىملىقنى كۆرۈپ، باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى، قاراقچىلارنىڭ مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاپ كەتكەنلىكى، ھەمراھلىرىنى باغلاپ تاشلىغانلىقى، ئۆزىنىڭ پاتىپاراقچىلىقتا قېچىپ، ئويلىمىغان يەردە بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ، دېۋە پادىشاھىنىڭ ئۆزىگە ياردەملىشىپ، قاراقچىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىشنى، بۇرادەرلىرى ۋە مال-مۈلۈكلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى تەلەپ قىپتۇ. دېۋە پادىشاھى ئۇنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ دەرھال ئۇنى يەر ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپتۇ-دە، قاراقچىلارنى يوقىتىپ، مال-مۈلكى ۋە ئادەملىرىنى قۇتقۇزۇۋېپتۇ ھەمدە بەدىنىدىن بىر تال تۈكنى يۇلۇۋېلىپ ئۇنىڭغا بېرىپ:

— قاچانكى بېشىڭغا يەنە كۈن چۈشسە، مۇشۇ تۈكنى كۆيدۈرسەڭ، مەن شۇ ھامان ئالدىڭدا پەيدا بولۇپ، سېنى ھەرقانداق مۈشكۈلدىن قۇتقۇزۇرىمەن، ھەرقانداق تەلىپىڭنى ئورۇندايمەن، — دەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سودىگەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ئىشنىڭ تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەنىكەن، شاھزادە بولغان ۋە كۆرگەن ئەھۋاللارنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە ئېيتىپ بېرىپتۇ. سودىگەر دېۋە پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلارنىڭ كۆپلۈ-كىنى ئاڭلاپ، ئالدىرىغان ھالدا:

— ھەي ئەخمەق، ھېچ بولمىسا ئالتۇن-كۈمۈشتىن سورىساڭ بولماسمىدى، ھېلى بولسىمۇ تۈكنى كۆيدۈرۈپ سورىغىن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادە ئىلاجىسىز تۈكنى كۆيدۈرگەنىكەن، شۇ ھامان دېۋە پادىشاھى پەيدا بولۇپ:

— ھەي ئادەمزات، ساڭا نېمە كېرەك؟ يەنە نېمە تەلىپىڭ بولسا ئېيتقىن، — دەپتۇ.

— بىزگە شۇنچە ياخشىلىق قىلغىنىڭغا باقماي، سېنى يەنە ئاۋارە قىلغىنىم ئۈچۈن كەچۈر. بىز قاراقچىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىدۇق، يولىمىز ئۇزۇن، شۇڭا ئالتۇندىن ئازراق بېرەرمىكىن دېگەنىدىم، — دەپتۇ شاھزادە خىجىللىق ئارىلاش.

— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، لازىم بولسا مانا ئالغىن، — دەپتۇ-دە، دېۋە پادىشاھى بىر قولىنى ھاۋاغا شۇنداقلا سۇنۇپ بىر سىقىم ئالتۇننى شاھزادىنىڭ ئالدىغا تۆككەنىكەن، بىر پاتمان ئالتۇن چۈشۈپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەتلەر ئېيتىپ خوشلىشىپ، سودىگەر بىلەن يولنى داۋام قىپتۇ.

يولدا سودىگەرنىڭ ئالتۇنغا كۆزى قىزىرىپتۇ-دە، شاھزادىنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۇجۇقتۇرۇپ، ئالتۇننى يالغۇز ئۆزىلا ئىگىلىۋالماقچى بوپتۇ. بىراق، زېرەك يىگىت بۇنى تۇيۇپ، ئۇنىڭ غەرىزىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا پەقەت ئىمكان بەرمەپتۇ. بېرىلگەن ھەرقانداق ھېسابات ئىشلىرىنى شۇنداق كەم-كۈتىسىز ئورۇندايدىكەن، ۋەزىپىلەرنى شۇنداق ياخشى بەجا كەل-

www.uyghurkitap.com

تۇرىدىكەن. ئىشلىرىدىن ھېچ قـوسۇر چىـ
قىرالمىغان سودىگەر باشقىچە يـول بىلـەن
جايلىماقچى بولۇپ، بىر مەخـپىي مەكتۇپ
پۈتۈپتۇ ـ دە، شاھزادىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— سەن بۇكەمگىچە ۋەزىپىلەرنى ناـ
ھايىتى ياخشى ئورۇنداپ، سودىگەرچىلىك
ئىشلىرىمىنىڭ روناق تېپىشىغا بەك تۆرتكە
بولدۇڭ. شۇڭـا مەن سېنى مۇكـاپـاتـلاپ،
كىچىك قىزىمنى ساڭا بەرمەكچىمەن. سەن
ھازىرلا يولغا چىقىپ، بۇ مەكتۇپنى ئائىـ
لەمگە ئېلىپ بارساڭ، ئائىلەمدىكىلەر كىـ
چىك قىزىمنى ساڭا قوشۇپ قويىدۇ. خەتتە
يەنە مەن بۇ ياقتا ماڭار چاغدا ئائىلەمگە
تاپىلاشنى ئۇنتۇپ قـالغان جىددىي ئىشـ
لارمۇ پۈتۈلگـەن، شۇڭـا ھـايال قىلمـاي
تېزرەك ماڭغىن، — دەپتۇ. شاھزادە:

— خوپ تەقسىر، — دەپتۇ ـ دە، مەكـ
تۇپنى ئېلىپ، ئاتنى بولۇشىچە قامـچىلاپ
يولغا چۈشۈپتۇ. ئارا يولغـا كەلـگـەنـدە
ئۆزىچە: «ئەجەب ئىش، بۇ يەرگە كەلگەندە
ئۇ نېمىشقا ماڭا قىزىنى بېرىپ مۇكاپـاتـ
لىماقچى بولۇپ قالدى؟بۇنى ئۆيگە قايتقانـ
دىن كېيىن قىلسا بولماسمىدى؟ بۇ خەتـ
تە نېمە يېزىلغاندۇ؟ تـوختا، ئېچىپ بىر
كۆرۈپ باقاي» دەپ ئويلاپ، مەكتـۇپـنى
شۇنداق ئېچىپلا بەدىنىنى تىترەك بېسىپ
كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا: «مەزكۇر مەكـ
تۇپنى يەتكۈزگەن كىشىنى دەرھـال ئۆلـ
تۈرۈپ، ئات ئېغىلىنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋېـ
تىڭلار» دېگەن گەپ يېزىلغانىكەن. شاھـ
زادە بىر دەمدىن كېيىن ئۆزىنى تـۇتۇۋېـ
لىپ، تەمكىن ھالغـا كەپتـۇ ۋە ئۇنـداق
قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلماقچى بولۇپ،
خەتنى: «مەزكۇر مەكتـۇپنى يەتكـۈزگەن
كىشىگە دەرھال كىچىك قىزىمنى بېرىپ
يولغا سېلىڭـلار» دەپ ئۆزگەرتىپتـۇ ـ دە،
تېزلىكتە سودىگەر ئائىلىسىگە ئاپىرىپ تاپـ
شۇرۇپتۇ. سودىگەرنىڭ خوتۇنى مەكتۇپنى
ئوقـۇپ، شـاھـزادىنى ئىززەت ـ ئىكـرام
بىلەن كۈتۈۋېلىپ، توي رەسمىيەتـلىرىنىـ
مۇ تېزلىكتە ئۆتەپتۇ. شاھزادە سودىـگەرـ
نىڭ كىچىك قىزىنى ئېـلىپ، شـەھەرنىڭ
ئاۋات كوچىلىرىدىن ئۆي تـۇتۇپ ئولتۇـ
رۇپتۇ.

ئەمدى سودىگەرگە كەلسەك، ئۇ ئۆز
ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئۆيگە خۇشال قايتىپ
كەلـسـە، ئىش باشـقىچـە تۇرغۇدەك.
خوتۇنىدىن:

— ھېلىقى مەكتۇپنى ئېـلىپ بارغان
كىشىنى قانداق قىلدىڭلار؟ — دەپ سوراپتىـ
كەن، خوتۇنى بۇ گەپتىن ھەيران بولۇپ:

— قانداق قىلاتتۇق، سىـلىنىڭ مەكـ
تۇپتا يازغانلـىرى بويىـچە كەلگەن ھامان
كىچىك قىزىمىنىڭ توينى قىلىپ ئۇنىـڭغا
قوشۇپ قويدۇق. باشقىچە گەپ بارمىدىيا؟ —
دەپتۇ.

سودىگەر بۇ ئىشتىـن قاتتىق چۆچۈـ
گەن بولسىمۇ، ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ:

— ھېچ گەپ يوق، ھېچ گەپ يوق، —
دەپ ئىشنى تۈگىتىپتۇ ـ دە، يېپىق قازانـ
نى يېپىق پېتى قالدۇرۇش قارارىغا كەپتۇ.

ئەمدى گەپنى شۇ شەھەرنىـڭ پادىـ
شاھىدىن ئاڭلايمىز: پادىشاھ ئۇستا شەترەنـ
جىۋاز (شاخماتچى) بولۇپ، بۇ تەۋەدە ئۇـ
نى ھېچكىم يېڭەلمەيدىكەن. شۇڭا ئاخىـر
ئۇ يۇرتقا «كىم مېـنى شەترەنجىۋازلىـقتا
يېڭىۋالسا، قىزىمنىمۇ،پادىشاھلىقىمنىمۇ بېـ
رىمەن. يېڭەلمىسە بېشىنى تېنىدىن جۇدا
قىـلىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ. ئۇنىڭ قىـزى
ئاي دېسـە ئاي ئەمەس، كۈن دېسـە كۈن

ئەمەس بىر ساھىبجامال بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەر جانىنى ئالقانغا ئېلىپ پادىشاھ بىلەن شەترەنجۋازلىق قىلىپ يېڭىلگەچكە ئۆلۈمگە مەھكۇم بوپتۇ. شاھزادە بۇنى ئاڭلاپ، پادىشاھقا مۇسابىقە ئېلان قىلىپتۇ:

— بۇنىڭ ئۈچۈن، — دەپتۇ شاھزادە، — پادىشاھ كەڭ بىر مەيدان راسلاپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىز راۋاق سالسۇن. ئويۇن باشلىنىدىغان كۈنى پۈتۈن پۇقرالىرىنى مەيدانغا يىغسۇن. ئەنە شۇ چاغدا ئويۇننى پادىشاھ بىلەن راۋاق ئۈستىگە چىقىپ ئوينايمەن. كىمنىڭ يەڭگەن، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئەل-جامائەت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرسۇن. بولمىسا، ئۆيدە ياكى باشقا بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا ئويناشقا قوشۇلمايمەن.

پادىشاھ يىگىتنىڭ دېگىنىدەك، بىر كەڭ جايغا مەيدان ۋە راۋاق ھازىرلاپ، پۈتۈن ئەل-جامائەتنى يىغىپتۇ. ئاندىن ئىككىسى راۋاق ئۈستىگە چىقىپ ئويۇننى باشلاپتۇ. دەسلەپ پادىشاھ شاھزادىنى كۆزگە ئىلماي، ئۇرۇقلىرىنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ماڭغانىكەن، نەتىجىدە ھە دېگەندىلا خەتەرلىك ئەھۋالدا قاپتۇ. كېيىن ھەر قانچە كۈچىسىمۇ، يىگىت ئۇرۇقلىرىنى ماھىرلىق بىلەن يۆتكەپ، پادىشاھنىڭ مۇھىم ئۇرۇقلىرىدىن بىر قانچىسىنى ئېلىپ تاشلاپتۇ-دە، شاھنى مات قىلىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭغا قايىل بولمىغان پادىشاھ ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن رەسمىي تۇتۇش قىپتۇ. لېكىن ھەرقانچە قىلسىمۇ بولالماي، ئاخىر يەنە مات بولۇپ قاپتۇ.

— مەرتەم-مەرتەم ئۈچ مەرتەم، — دەپتۇ پادىشاھ يەنە قايىل بولماي، — مۇشۇ قېتىمدا كىم يەڭسە ئۇتۇق شۇنىڭ بولسۇن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم يەنە تۇتۇش قىپتۇ. لېكىن بۇ قېتىممۇ پادىشاھ شاھزادىنى يېڭەلمەي مات بولۇپ، ئەل-جامائەت ئالدىدا ۋەدىسىدىن يانالماپتۇ-دە، قىزىنى ۋە پادىشاھلىقنى شاھزادىگە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. بۇنىڭغا پۈتۈن يۇرت ئالقىش ياغدۇرۇپتۇ.

پادىشاھ تەختكە چىققاندىن كېيىن، مەكتۇپتىن بىرنى پۈتۈپ، قورالLIق ئەللىك ياساۋۇلنى دادىسىنىڭ يۇرتىغا ماڭدۇرۇپتۇ. ئۇلار ئاتلىق بىرنەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ، مەنزىلگە يېتىپتۇ-دە، مەكتۇپنى شاھزادىنىڭ دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. پادىشاھ مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇسا، ئۇنىڭدا:

«مەن پالان ئاينىڭ پالان كۈنى سائەت مانچىدىن مانچە ئۆتكەندە يېتىپ بارىمەن. دادام يەتمىش ئىككى يەرگە چاچاڭ قۇرۇپ، يولغا گىلەمدىن پاياندار سېلىپ، پۈتۈن ئەل-جامائەتنى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا يىغىپ مېنى كۈتۈۋالسۇن.

پالان مەملىكەت پادىشاھى
بولغان ئوغلى پالانىدىن».

دېگەن گەپلەر يېزىلغانىكەن. پادىشاھ شۇ ھامان شاھزادىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ۋەزىرىدىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرسە، ۋەزىر:

— مەن بۇ ئىشنى پالانى ئىككى جاللاتقا تاپشۇرغان، شۇلار بىلىدۇ، — دەپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىمۇ چاقىرىپ سوراپتىكەن، ئۇلارنىڭ بىرى:

— داد پادىشاھى ئالەم، بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە ئېيتاي، — دەپتۇ.

— كەچتىم، ئېيت، — دەپتۇ پادىشاھ.

— شۇ كۈنى شاھزادىنى ئۆلتۈرۈشكە

ئېلىپ كېتىۋاتساق، — دەپ باشلاپتۇ ئۇ سۆ-
زىنى، — ماۋۇ ئاداش: «بۇ بولسا، پادىشاھ-
نىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى. ئۇ ئاچچىقىد-
غا پايلىماي ئۆلۈمگە بۇيرۇغان بىلەن،
ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، كېيىن پادىشاھقا
كىم ۋارىسلىق قىلىدۇ؟ شۇڭا ئۇنى بىر ئا-
مال قىلىپ قاچۇرۇۋېتەيلى. ئۆلتۈردۇقمۇ
دېسە ئۆلتۈردۇق دەپلا قۇتۇلامدۇق» دې-
ۋىدى، مەنمۇ بۇ گەپنى توغرا تېپىپ،
ئۇنى بىرلىكتە بىر ئامال قىلىپ
قاچۇرۇۋەتكەنىدۇق.

پادىشاھ بۇ گەپتىن قاتتىق سۆيۈنۈپتۇ-دە:
— ساڭا پالانى يۇرتنى، ساڭا پالانى
يۇرتنى ئۆمۈرلۈك سۇيۇرغال قىلدىم، يۇ-
تۇقچى، بۇلارنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىغىچە زى-
يان-زەخمەت يەتمەسلىكى، بەختلىك يا-
شىشى ئۈچۈن خەت پۈتۈپ، پادىشاھلىق
تامغامنى بېسىپ بەر، — دەپتۇ. ئاندىن ئوغ-
لىنى ئالاھىدە تەييارلىقلار بىلەن كۈتۈ-
ۋېلىپ، پۈتۈن پادىشاھلىقىنى ئۇنىڭغا
تاپشۇرۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى قاراشەھەردىن: قادىر مەزىن
رەتلىگۈچى: ئىبراھىم ئىمىن

**1938 - يىل 3 - ساندىكى ئىبنى يۇسۇپ شېئىرلىرىغا تۈزىتىش**

| بەت | كالونكا | قۇر: يۇقىرىدىن | قۇر: تۆۋەندىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 30 | 1 | 22 | | مەۋسۇفدۇر | مەۋسۇفدۇر |
| 31 | 1 | 12 | | شەيخ كىبار | شەيخى كىبار |
| | 1 | | 13 | قەۋم | قەۋم |
| | 1 | | 13 | تۇشە نىپ | تۇشانىپ |
| | 1 | | 14 | سىتتۇل | بەيتۇل |
| | 2 | 17 | | ئىشنى | ئىشىنى |
| 32 | 1 | 5 | | شىرى يەزدۇر | شىرى نەردۇر |
| 33 | 1 | 3 | | ئىچرەلەر | ئىچرە ئەر |
| 33 | 2 | 5 | | ياخۇ | ياخۇد |
| | 2 | | 8 | دىۋەنى | دىۋنى |
| | 2 | | 8 | بەند | بەندى |
| 34 | 1 | | 2 | يەزمەگىل | يازماغىل |
| 34 | 1 | | 10، 7، 6 | سالىھ | سالىھ |
| | 2 | 8 | | نەفسىنىڭ كى | نەفسىنىڭكى |
| 35 | 1 | | 5 | مەئىندىن | مەئىندىن |
| 36 | 1 | 10 | | بىزەمان | بىر زەمان |
| 46 | 1 | | 12 | دەركا | دەركار |
| 46 | 1 | 1 | | ئىسە | ئايىسە |
| 45 | 2 | | 4 | فالىنە | نەناغە |
| 49 | 1 | 10 | | دەئۇ مىكر | دەئۇسىك |
| 49 | 1 | | 13، 7، 6، 16، 14 | خەمر | خۇمر |
| 50 | 1 | 16 | | قەچانكىم | قاچانكىم |
| 50 | 1 | | 6 | كا | كار |
| 50 | 2 | | | ئىلىتتى | ئالتى |
| 51 | 1 | | 2 | ئەيددەمر | ئايددەمز |
| 52 | 1 | | 8 | خەجالەتدىن | خىجالەتدىن |
| 52 | 1 | 18 | | شاھ | شاد |
| 53 | 1 | 1 | | قىلماس | قىلماس |
| 55 | 1 | 14 | | بەرمايۇ | بەرمەيۇ |
| 55 | 2 | | 17 | ئىمتەھان | ئىمتىھان |
| 57 | 2 | 1 | | ماتىس | هاتىفى |
| 57 | 2 | | 7 | دەئۇدېسى | دەئۇدىسى |
| 61 | 1 | 6 | | ئەيدى | ئەرسە |
| 61 | 2 | 7 | | تۇمەن | تۇمەن |
| 63 | 1 | 10 | | بارمە | بارچە |
| 63 | 1 | 15 | | ئېرككەن | ئېركەن |
| 63 | 2 | | 8 | پەيۋەندە | پەيۋەندى |
| 63 | 2 | | 13 | قىلىم | قىلدىم |

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «ئايدى»، «ئايتتى»، «ئايدىمىز»، «ئايتۇر»، «ئايدىلار»،
«ئايغايمەن»، «ئايماغايمەن»، «ئايماغىل»، «ئانى»، «ئاسىغى»، «ئارىتماس»، «تايانىپ»،
«تاياق»، «ساڭا»، «ماڭا»، «سالالى»، «ساتارمەن»، «قاتىدا»، «يارار»، «كاۋاك»، «قا-
چانكىم»، «قاچانغە»، قاتارلىق ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭمۇ بىرىنچى بوغۇمىدىكى تىل ئارقا
سوزۇق تاۋۇش «ئا» ئىبنى يۇسۇپ شېئىرلىرىنى نەشرگە تەييارلاشتا بىردەك ھالدا
«ئە» ئېلىنىپ كەتكەن. تۈزىتىپ ئوقۇشىڭىزلارنى سورايمىز.



# چوڭغۇل دەللىنىڭ ھېكايىسى

بۇرۇنقى زاماندا، مەلۇم بىر ماكاندا ئىككى بەگلىك ئۆتكەنىكەن. بۇ بەگلىكلەرنىڭ زېمىنىنى ئەزىم بىر دەريا ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدىكەن. دەريانىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بەگلىكنىڭ قەيسەر ئىسىملىك باتۇر بىر ئوغلى بار ئىكەن. شەرقىي تەرەپتىكى بەگنىڭ گۈلچېھرە ناملىق گۈلدەك بىر قىزى بار ئىكەن. ئىككى بەگنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆسۈپ بالاغەتكە يېتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي، ئىككى بەگلىك ئۆزئارا قۇدىلىشىپ، قەيسەر بىلەن گۈلچېھرىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئىككىيلەن ئۆزۈككە كۆز قويۇلغاندەك بىر-بىرىگە خىل كەپتۇ. بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ ئىجىل-ئىناق ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

ئارىدىن يىللار ئۆتۈپ قەيسەرنىڭ ئاتىسى ئاخىرەتكە سەپەر قىپتۇ. جامائەت قەيسەرنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا بەگلىككە سايلاپتۇ. قەيسەر يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراشقا باشلاپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى قەيسەر بېگىم ئادىتى بويىچە ئېتىغا مىنىپ شىكارغا مېڭىپتۇ. بېگىم شىكارغا ماڭغاچ تۇرسۇن. گەپنى شەرقىي بەگلىكتىن كەلگەن دەللىدىن ئاڭلايلى.

دەللە بىر سازلىقتىن مېڭىپ كېلىۋاتقىنىدا ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتقان بېگىمگە ئۇچراپتۇ. دەللىنىڭ ھەسەتتىن ئوت چاقنىغان كۆزىگە ئاتنىڭ تۇيىقى ئاستىدىن چىققان پاتقاق چاچراپتۇ. دەللە بەگكە غەزەپلىنىپ ئىچىدە «خەپ توختاپتۇر» دەپتۇ-دە، مەھەللىگە قاراپ يول ئاپتۇ. بەگنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتىرىپ غېرىبانە ئاۋازى بىلەن: «ھەق شەيئى لىللاھ!» دەپ سەدىقە تىلەپتۇ. ئاق كۆڭۈل گۈلچېھرە دەللىگە ناھايىتى كۆپ سەدىقە بېرىپتۇ ۋە پات-پات كېلىپ تۇرۇشنى تاپىلاپتۇ. شۇنىدىن كېيىن دەللە پات-پات كېلىپ ھويلا-ئاراملارنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ، گۈلچېھرىنىڭ چاچلىرىنى تاراپ قويىدىغان بوپتۇ. گۈلچېھرىمۇ دەللىنى ئەمەك قىلىپ بىرقانچە كۈنلەرنى ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ ئۆتكۈزۈپتۇ. ھەپتە ئۆتۈپ بېگىم شىكاردىن قايتىپ كەپتۇ. دەللە ئۆزىنىڭ گۈلچېھرە بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنلىكىنى بېگىمگە تۇيدۇرماپتۇ.

بىر كۈنى دەللە گۈلچېھرىنىڭ ئۇچىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ:

— خېنىم مەن خېلىدىن بېرى سىلىنىڭ تۇز-تائاملىرىنى يەپ كېلىۋاتىمەن. خۇدا سىلىگە رەھمەت قىلغاي، بىر جانلىرىغا مىڭ جان بەرگەي ... مېنىڭ ئۆزلىرىگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى. دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ. دېمەي دېسەم ئىچىم كۆيىدۇ ... — دەپتۇ.

— قانداق گەپلىرى بولسا دەۋەسىلە، — دەپتۇ گۈلچېھرە.

— دېسەممۇ دەي، بىراق بېگىم ئۇقمىسۇن. ئەگەر بۇ گەپلەرنى ئۇقسا كاللام

كېتىدۇ، ــ دەپ دەللە گۇلچېھرىگە يالۋۇ-
رۇپتۇ. خېنىم ئېرىگە دېمەسلىككە قەسەم
ئىچىپتۇ.
ــ بېگىمنىڭ ھۆسنى ـ جامالغا تولغان
سىلىدەك رەپىقىسى تۇرۇپ تالاغا قارىغىنى-
غا ھەيرانمەن، ــ دەپتۇ دەللە ئەيىار كۆز-
لىرىنى ئويىنىتىپ.
گۇلچېھرە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.
ۋە:
ــ قىيامەتلىك ئاشىق ـ مەشۇقلارمىز.
مەن قەيسەرگە ئىشىنىمەن، قەيسەر ماڭا
ھەرگىزمۇ ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ .... ــ دەپتۇ.
ــ خېنىم، كونىلاردا ئېرىڭگە ئىشەن-
گۈچە ئىشىكىڭنىڭ ئىلگۈچىكىگە ئىشەن» دې-
گەن گەپ بار. مەنمۇ بىر نېمىنى بىلمى-
سەم مۇشۇ ئايىغاق ئاقارغان بېشىم بىلەن
قاراپ تۇرۇپ سىلىگە يالغان سۆزلەرمەنمۇ.
بېگىم سىلىگە چاندۇرماي، «پاختىكىك بو-
لاي، تورغۇيۇك بىرلاي» دەپ يۈرگىنى بى-
لەن خېلى ۋاقىتتىن بۇيان تالاغا قاراپ
قالدى ....، بىراق بېگىمنى ئوڭشىۋېلىشنىڭ
چارىسىنى مەن بىلىمەن، بۇ ئىش ئاسان، ــ
دەپتۇ دەللە.
ــ جېنىم ئانا دېگەنلىرى راستمۇ؟
بۇنىڭ ئامالى بارمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ
گۇلچېھرە.
ــ خاتىرجەم بولسىلا خېنىم، ئايەتتە
شەك يوق. مەن تۇمار پۈتتۈرۈپ بەرسەم،
بېگىمنى سىلىنىڭ سىزغان سىزىقلىرىدىن
چىقمايدىغان، پېشىلىرىدە ناماز ئۆتەيدىغان
قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. بىراق بۇ تۇمارنى پۈ-
تۈش ئۈچۈن بېگىمنىڭ ئىككى تال ساقىلى
لازىم. بۇ ئىشقا بۈگۈنلا تۇتۇش قىلماي
بولمايدۇ. بېگىمنىڭ ساقىلىنى قوللىرىدا
يۇلماي، ئۇستۇرىدا كېسىپ ئالسىلا. بول-

مىسا بېگىم تۇيۇپ قالىدۇ، ــ دەپ تاپىلاپ-
تۇ دەللە.



گۇلچېھرە ماقۇل بوپتۇ. دەللە دەر-
ھال بېگىمنىڭ پېيىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ قەيسەر
بەگنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
دىلى ئۈزۈك، غېرىب ـ غۇرۋا كىشىنىڭ قى-
ياپىتىگە كىرىۋاپتۇ. بېگىم يېقىنلاشقاندا
ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ پۇتىغا يامىشىپتۇ.
ئۇ «ئەي، ئادالەتلىك تەقۋادار بېگىم، ماڭا
رەھىم قىلغايلا. كىشىلەر مېنى كەمبە-
غەل كۆرۈپ كۆزىگە ئىلمايدۇ. ھېچكىم
ئۆيۈمگە ئاياغ باسمايدۇ. بۈگۈن خۇدا يو-
لىدا ئازغىنە ياغ پۇراتقانىدىم. پوشكالغا
ئېغىز تېگىپ، بىر دۇئا ياندۇرۇپ بەرگەي-
لا، ــ دەپ يالۋۇرۇپ يىغلاپتۇ.
دەللىنىڭ نالە ـ پەريادىغا ئىچى ئاغرى-
غان بېگىم ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. داس-
تىخانغا ئېغىز تېگىپتۇ ۋە ئورنىدىن تۇ-

رۇشقا تەمشەلگىندە دەللە بېگىمنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ھۆرمەتلىك بېگىم سىلىگە بەكمۇ مۆھىم بىر گېپىم بار ئىدى. دەي دېسەم تىلىم بارمايدۇ، دېمەي دېسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. ئەگەر مېنىڭ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ھازىرلا دەپ بېرەي، — دەپتۇ.

بېگىم دەللىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ سەل ئويلانغاندىن كېيىن:

— خەير، دېگىن، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، — دەپتۇ.

دەللە:

— «ۋاپاغا جاپا» دېگەندەك، خېنىم سىلى بەرگەن دۆلەتنى كۆتۈرەلمەي نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇ ھازىر سىلىدىن يۈز ئۆرۈپ تالاغا قاراۋاتىدۇ ... — دەپتۇ.

— نېمە؟ خېنىم بۇزۇلدى؟ نىمانداق قالايمىقان ۋالاقلايدۇ بۇ دەللە، — دېگىنىچە بېگىمنىڭ ئاچچىقى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ.

— بېگىم، مەن بولسام بىر ئاجىزە، ھەرگىز يالغان سۆزلىگىنىم يوق. ئۆزلىرى خۇداغا يېقىن، تەقۋادار، مەرتىۋىلىرى يۇقىرى كىشى. شۇڭا باشلىرىغا كەلگەن خەۋپ-خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي. مېنىڭ بۇ دېگەنلىرىمگە ئىشەنمىسىلە بۈگۈن ئاخشام ئۇخلىغان بولۇپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ يېتىپ باقسىلا. گۈلچېھرە خېنىم سىلىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىتتىك ئۇستۇرىدىن بىرنى تەييارلاپ قويدى ... — دەپتۇ دەللە.

قەيسەر بەگ بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ كەچتە چاندۇرماي ئۇچۇق-يورۇق كېلىپ ئادەتتىكىچە سىلىقلىق ئورۇندا يېتىپتۇ. بىراق مومايىنىڭ قىلغان سۆزلىرى ئېسىگە كېلىپ زادى ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. ئۇ يالغاندىن كۆزىنى يۇمۇپ، خورەكىنى راسا تارتىپ ياتقانىكەن. يېرىم كېچىدە گۈلچېھرە ياستۇقنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان ئۇستۇرىنى قولىغا ئېلىپ شەپە چىقارماي كەلگىنىچە قەيسەر بەگنىڭ ساقىلىنى ئاستا تۇتۇپتۇ. ئەمدى ئىككى تال كېسەي دېگەندە بەگ كاپلا قىلىپ گۈلچېھرىنىڭ قولىدىكى ئۇستۇرىنى تارتىۋاپتۇ ۋە شۇ ئۇستۇرا بىلەن خېنىمىنىڭ جېنىنى قەتلە قىپتۇ.

ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ تۇرغان دەللە ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ گۈلچېھرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي گۈلچېھرىنىڭ قەبىلىسىگە يېتىپ كەپتۇ:

— ۋاي خالايىق، قەيسەر بەگ خېنىمىنى بىگۇنا ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىڭلار ... —، دەپ قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈپتۇ. خېنىمنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، قەۋمى-قېرىنداشلىرىدىن بولۇپ 20 دەك ئادەم كالتەك-چوماقلارنى كۆتۈرگەن ھالدا قەيسەر بېگىمنىڭ سارىيىغا غەزەپ بىلەن باستۇرۇپ كىرىپتۇ ۋە جانغا-جان ئېلىپ بەگنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

دەللە قەيسەر بەگنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى غەربىي بەگلىكتىكى ھەر بىر مەھەللىگىچە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى بەگلىك ئوتتۇرىسىغا گىنە-ئاداۋەت ئۇرۇقى تېرىلىپتۇ. ئىككى بەگلىك خەلقى كالتەك-چوماق، پالتا-پىچاقلارنى تەييارلاپ ئۇرۇشماققا بەل باغلاپتۇ.

شەرقىي بەگلىك بىرقانچە نەپەر پايلاقچىنى غەربىي بەگلىككە ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىدىن مەلۇمات ئال-

ماقچى بوپتۇ. پايلاقچىلار كېچىدە دەريادىن ئۆتۈپ، غەربىي قىرغاقتىكى بىر چوڭ مازارغا يوشۇرۇنۇپتۇ. بۇ مازار دەل قەيسەر بېگىم دەپنە قىلىنغان مازار ئىكەن. تۈن ھەسسىدىن ئاشقاندا ھەيۋەتلىك ياسالغان بىر قەبرە يېنىدىن قېرى بىر مومايىنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتقانمىش.

پايلاقچىلار يوشۇرۇن ھالدا ھېلىقى قەبرىگە يېقىنلىشىپ قارىغۇدەك بولسا قەيسەر بېگىمنىڭ قەبرىسى بېشىدا بىر دەللە:

— ئەي قەيسەر، تىرىكلىكىڭدە ئارغىماق ئاتنى مىنىپ، كۆزلىرىمگە لاي چاچىرىتىپ ئۆتەتتىڭ، گۈلچېھرە بىلەن جاھانغا سىغماي قالغان ئىدىڭ. مانا ئەمدى سۆيگەن يارىڭ بىلەن توپا-تۇپراققا ئايلاندىڭ. سەن كۆزۈڭگە ئىلمىغان بىر قېرى سېنى شۇ ھالغا سالدى. ئۆچۈمنى راسا كەلتۈرۈپ ئالدىم. ئۆز بەگلىكىڭدىكى قەۋمى-قېرىنداشلىرىڭمۇ پات-يېقىندا يېنىڭغا كۆمۈلىدۇ! — دەۋاتقۇدەك.

پايلاقچىلار دەرھال دەللىنى تۇتۇپ، شەرقىي بەگلىككە ئاپىرىپتۇ. دەللە قازىخانىدا ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا ئىقرار بوپتۇ. ئىككى بەگلىك ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان تەييارلاپ، دەللىنى شۇ مەيداندا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. گۈلچېھرىنى قەيسەر بەگنىڭ يېنىغا كۆچۈرۈپ دەپنە قىپتۇ.

ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئىككى بەگلىك ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق، خاتىرجەملىك بەرقارار بوپتۇ. شۇندىن باشلاپ كىشىلەر بۇ ۋەقەنى تىلغا ئالغاندا دەللىنى «چۇغۇل دەللە» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مويىدىن ئاخۇن، رەتلىگۈچى: ئايگۈل مويىدىن.

---

(بېشى 22 - بەتتە)

**پىنھان ئەيلەمەك** — يوشۇرماق:

خىزمەتىڭدە بولمادىم بىردەمكى ئىشق ئاشۇبىدىن،
ئاغرىنىپ مەندىن كېتىپ ئۆزۈڭنى پىنھان ئەيلەدىڭ.

— ئا. نىزارى.

**پىنھان بولماق** — يوشۇرۇنماق، غايىب بولماق:

ياشۇرۇپ گۈلدەك يۈزىن گۈلنار شۇپۇكى ئىچرە، ۋاي،
گويىيا بولمىش قىزىل ئەبر ئىچرە پىنھان تولۇن ئاي.

— ئەرشى.

**پىنھان تۇتماق** — سىر تۇتماق:

چۇ ساندۇقنى ئېلىپ ئۆيىگە جۇھۇد،
كى پىنھان تۇتۇپ، قىلدى ئەلدىن ھۇسۇد.

— ئا. نىزارى.

**پىنھان قىلماق** — يوشۇرماق، يۆگىمەك:

ئالىپ باردى پىنھان قىلىپ خاك ئارا،
يانىپ كەلدىلەر ئەل قىلىپ ماجەرا.

— ئا. نىزارى.

**پىنھانى** [پىنھان] (پ) يوشۇرۇن، يوشۇرۇن ھالدىكى.



# ئالتۇن ئېگەر

بۇرۇنقى زامانـدا، كـۈنچىقـىشتا بىر
شەھـەر بولغانىـكەن. بۇ شەھەرنىڭ بىر
پادىـشاھى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئاتىـسىدىن
قالغان شاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلـ
ۋاتقىنىغا ئون تۆت يىل بولغانىكەن. ئۇ
پادىشاھ بولغان كۈندىن باشلاپ ئـۆز ئېـ
لىدىكى پۇقرالارغا ئېغىر ئالۋان - ياساقـ
لارنى سېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پـۇقرالارـ
نىڭ كۈنى تەسلىشىـپتۇ. بەگ - تۆرىلەرـ
نىڭ بولسا تۇرمۇشى باياشات ئۆتـۈپتۇ.
زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق پادىشاھقا ھەقـ
لىق ئەرز - شىكايەتـلەرنى قىلـسا، ئۇ:
«مېنىڭ ئەمىر - پەرمانىمغا بويسـۇنىماي
يەنە ماڭا ئەرز قىلىپ كەلدىڭمۇ؟!» دەپ،
ئۇلارنى تۇتۇپ، تۈرلۈك جازالارغا ھۆكۈم
قىلىدىكەن. ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىـ
رى كـۆپـىنچە قېرىلاردىن ئىكەن. شۇڭا
پادىشاھ قېرىلارغا بەكمۇ ئۆچ بولۇپ كەتـ
كەنىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى پادىشاھ ئاجايىپ
بىر چـۈش كۆرۈپتۇ. چـۈشىدە: ئاجايىپ
ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن ئـۆز مەملىكىتىگە
باستۇرۇپ كېلىۋاتقانىمىش. بۇ قوشۇننىڭ
ئادىمى، قورال - ياراقـلىرىـنىڭ سانىنى
مۆلچەرلەپ بېرىش مـۇمكىن ئەمەسـمىش.
كۆزەتكۈچى قاراۋۇللارنىڭ ئېيتىـشىغا قاـ
رىغاندا، ئادەم تۇرماق تۇغ - ئەلەملىرىنىڭ
سانىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەسـمىش. شاھ
ئـۆز ياساۋۇل، قاراۋۇلـلىرىـنىڭ ئايىغى
ئۈزۈلـمەي ھاسىراپ - ھـۆمىدەپ «ۋاي
بولىمىدى، يۇرتـىنى يېغى بېسىپ كەتتى،
ئىش يامان بولدى» دېيـىشىپ شاھـنىڭ
ئالدىدا يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشقانلىقىـ
نى كۆرۈپتۇ. شاھنىڭ كۆزىگە قەسىرنىڭ
ئىچى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپـ
تۇ. بۇ چاغدا شاھ نېمە قىلارىنى بىلمەي
ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا
ھوشىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، دۈشمەن
شەھەرگە يېقىنلىشىپ قاپتۇ، ساقالـلىرى
ئاق، سېرىق، قوڭۇر رەڭدىكى ھەر بومبا
ساقاللىق قېرى سەركەردىلەر ھـۇجـۇمچى
قوشۇنلىرىغا بۇيرۇق بېرىپ ھەيـۋەتلىك
نەرە تارتىۋاتقۇدەك. ئاندىن لەشكەرلىرى
بۇيرۇقـنى بەجا كەلتۈرۈپ، شەھەر دەرـ
ۋازىلىرىغا ھـۇجـۇم قىلىپ ئوت قـويـۇپ
سېپىللارغا ئاسمان - پەلەك شوتـىلارنى قوـ
يۇپ، قەلئە ئۈستىگە چىقىۋاتقۇدەك. يەنە
بىردەمدىن كېيىن شەھەرنىڭ ئىچىنى ئوت
يالقۇنى قاپـلاپ، شاھـنىڭ ئوردا، قەسىرـ
لىرى كۆيۈپ، ئىس - تۈتەكلەر كۈن نۇـ
رىنى توسۇپ قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلىنىپتۇ.
پادىشاھ چۆچـۈپ ئويـغانسا، تىپـ

تىنىچ ھەرەمدە زەر چۈشەكلەر ئىچىدە ياتقانىكەن. پادىشاھ: «ئاھ خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، قىيامەت بولدىمۇ - نىمە؟» — دەپتۇ. كۆرگەن چۈشىنى ئويلاپ، ياۋنىڭ پۈتۈن سەركەردىلىرى ساقاللىق قىرىلار ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ كۆڭلىدە «مانا دىمىدىممۇ، ھەممە پېشكەلچىلىك ئاشۇ قىرىلاردىن كېلىدۇ. ماڭا، مېنىڭ تەختىمگە، شاھلىق سەلتەنەتلىرىمگە دەخلى يەتكۈزىدىغان قىرىلارنى بۇ دىيارىمدىن يوق قىلمايدىغان بولسام، پادىشاھ بولماي كېتەي.» دەپتۇ. شۇ چاغدا تاڭمۇ ئېتىپتۇ. ئۇ دەرھال دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ۋەزىر - ۋۇزۇرا، مۇنەججىملىرىنى ۋە مەسلىھەتچىلىرىنى يىغىپ جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. كېڭەشتە ئۆزى كۆرگەن چۈشىنى سۆزلەپ بېرىپ، بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. چۈشىگە توغرا تەبىر بەرگەن كىشىگە نۇرغۇن ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى، ئەگەردە چۈشىگە توغرا تەبىر بېرەلمىسە، ئۇ كىشىنى جېنىدىن جۇدا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. بۇ چاغدا چۈشكە توغرا تەبىر بېرەلەيدىغان كىشىلەرمۇ بىر نەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. ھەممە ۋەزىر - ئۆلىمالار باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ، تەزىم بىلەن قول باغلاپ سۈكۈتتە تۇرۇشۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ غەزەپكە كېلىپ:

— ھەممىڭ ھارام تاماق نان قېپلار. ھېچقايسىڭ مېنىڭ بېشىمغا كېلىدىغان بالا - قازاغا ئېچىنمىشمايسەن. شۇنچىلىك چۈشكىمۇ تەبىر ئېيتىپ، ئۇنىڭغا قارىتا تەدبىر - مەسلىھەتلەرنى بېرىشەلمەيسەن. ئەمدى مەن ئۆز چۈشۈمگە ئۆزۈم تەبىر ئېيتىپ، ئۆزۈم تەدبىر قوللىنىمەن. ھەرقانداقىڭ مېنىڭ پەرمانىمغا ئىتائەت قىلىپ، ئىجرا قىلىشمايدىكەنسەن، دارغا ئاسىمەن، — دەپ غەزەپ بىلەن ھەيۋە قىپتۇ.

ۋەزىر - ئۆلىمالار:

— خوش شاھىم، بىز تەييار، — دەپتۇ.

— مېنىڭ سەلتەنەتلىك تەختىمگە قەست قىلىدىغان رەقىبلىرىم مانا شۇ قىرىلاردۇر، — دەپتۇ شاھ ئۆزىنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ساقاللىق سەركەردىلەرنى تىلغا ئېلىپ، — مېنىڭ ئوردامدا بۇ ئىشقا سەل قارايدىغان ئەمەلدارلىرىمدىن تارتىپ ئەسكەرلىرىمگىچە ھەرقانداقىنى ئېغىر ھالدا جازالايمەن!

پادىشاھ شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا غەزەپتىن ئولتۇرغان تەختى تەۋرەپ كېتىپتۇ. پادىشاھ شۇ ھامان جايلارغا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ قىرىلار ئۆلتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. شاھىنىڭ غەزىپىدىن قورققان بارلىق كىشىلەر پەرمانىنى ئىجرا قىلماسلىققا ئامال قىلالماپتۇ. شۇندىن كېيىن بۇ مەملىكەتتە قىرىلار قالماپتۇ.

بىر كۈنى شاھ شىكارغا چىقىپتۇ. ئۇلار مېڭىپ چوڭ بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. دەريانىڭ نېرىقى قىرغىقى تاغ بولۇپ، بۇ تاغ ناھايىتى ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك ئىكەن. شاھ شىكارداشلىرى بىلەن سۆزلىشىپ كېتىۋاتقاندا، بىردىنلا دەريانىڭ تېگىدە چوڭ بىرنەرسە پارقىراپ كۆرۈنۈپتۇ. شاھ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختىتىپتۇ. دەريانىڭ تېگىدىكى پارقىراق نەرسىگە سەپسېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر ئالتۇن ئىكەر ئىگەن. شاھ ۋە-

زىر ـ ۋۇزۇرالىرىغا ئالتۇن ئىگەرنى كۆر-
سىتىپ:

— ئەگەر بۇ ئالتۇن ئىگەرنى كىم
سۇ ئاستىدىن ئەپچىقىپ بەرسە، ئۇنىڭغانۇر-
غۇن دۇنيا، قابىلىيىتىگە قاراپ يۇقىرى
ئەمەل بېرىمەن. لېكىن ئۇنى ئەپچىقالمىسا
ئۆلۈم جازاسى بېرىمەن. قېنى كىم بۇ
ئىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ؟ — دەپتۇ.

ۋەزىرلەردىن بىرسى بۇ تېز ئاقىدى-
غان چوڭقۇر دەرياغا چۈشۈپ، ئالتۇن
ئىگەرنى ئەپچىقىپ شاھتىن نۇرغۇن دۇنيا
دەپىنە ئىنئام ئېلىش ۋە تېخىمۇ يۇقىرى
مەنسەپكە ئېرىشىش نىيىتىدە كىيىملىرىنى
سېلىپ دەرياغا سەكرەپتۇ. قالغان كىشى-
لەر مانا چىقىدۇ، ئەنە چىقىدۇ، دەپ ئۇ-
زاققىچە كۈتۈپتۇ، لېكىن چىقماپتۇ. شاھ
ئالتۇن ئىگەرنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ تە-
قەززاسىدا تېخىچە دەريادىن كۆزىنى ئۈز-
مەي قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن
يەنە بىر ئەمەلدار چۈشۈپ، ئۇمۇ چىقماپ-
تۇ. شۇنداق قىلىپ تويىمىغۇر ئەمەلدارلار-
دىن بىرنەچچىسى ئارقا ـ ئارقىدىن دەر-
ياغا چۈشۈپتۇ. لېكىن بىرەرسىمۇ قايتىپ
چىقماپتۇ.

بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن شاھ كەچ
كىرگەندە باشقا ئەمەلدارلىرى بىلەن ئور-
دىغا قايتىپتۇ. خەلقنى يىغىپ، دەريا
ئاستىدىكى ئالتۇن ئىگەرنى كىم ئەپچىقا-
لىسا، ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك، ئەمەل
بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. لېكىن شاھ-
نىڭ ئوردىسىدىكى سۇ ئۈزۈش ماھىرلىرى
بولغان ئەمەلدارلاردىن ھېچقايسىسى دەر-
يادىن چىقمايلا تۈگىشىپ كەتكەنلىكىنى
ئاڭلىغان خەلقنىڭ بىرسىمۇ ئالتۇن ئى-
گەرنى ئەپچىقىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ.

بۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر ياش يىگىت
«مەن بىر كەمبەغەل، ئالتۇن ئىگەرنى
ئەپچىقىپ شاھنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشسەم،
تۇرمۇشتا قىينىلىشچىلىق تارتىشتىن قۇتۇل-
مايمىزمۇ» دەپ ئويلىنىپتۇ. لېكىن ئۆزى-
نى مەلۇم قىلىشقا ئالدىرىماپتۇ. يىگىت
بۇ ئىشنى ئاتىسىغا مەسلىھەت سېلىپ،
ئاتىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن
باشلاشنى قارار قىپتۇ.

شاھ قېرىلارنى ئۆلتۈرۈشكە كىرىش-
كەن ۋاقىتتا ھېلىقى يىگىت يەر ئاستىغا
بىر يوشۇرۇن گەمە ياساپ، ئاتىسىنى شۇ
يەرگە يوشۇرۇپ قويغانىكەن. يۇرتتا قېرى-
لار تۈگەپ بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كې-
يىن ئالتۇن ئىگەر ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ.
يىگىت ئۆيگە كېلىپ ئاتىسىغا ئالتۇن ئىگەر
ۋەقەسىنى بايان قىپتۇ ۋە شۇ ئال-
تۇن ئىگەرنى دەريادىن ئەپچىقىپ، بۇ نام-
رات ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تە-
لىپىنى قويۇپتۇ.

— مەن پەقەت ئۆز ئائىلىمىزنىڭ تۇر-
مۇشىنى دەپلا بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلغىنىم
يوق، — دەپتۇ يىگىت ئاتىسىغا، — مۇھىمى
سىز بىرقانچە يىلدىن بويان كۈننىڭ سې-
رىقىنى كۆرمەي يەر ئاستىدا يېتىۋاتىسىز.
بۇ ئىشقا مەن چىداپ تۇرالماي قالدىم.
سىزنىڭ ياشانغاندا ياتقان يېرىڭىزنىڭ
زىنداندىكى گۇناھكارلارنىڭ ياتقان يېرى-
دىن نېمە پەرقى بار؟

— ئەقلىڭگە بارىكاللا ئوغلۇم، — دەپ-
تۇ يىگىتنىڭ ئاتىسى، — ئۇنداق بولسا،
سەن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلساڭ
بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسەن. ئال-
تۇن ئىگەر سۇ ئاستىدا ئەمەس، بەلكى
سەن ئېيتقان ھېلىقى دەريانىڭ نېرىقى

www.uyghurkitap.com





قىرغىقىدىكى تىك تاغنىڭ چوققىسىدا.
دەريا تېگىدە كۆرۈنگىنى كۈننىڭ تاغ كەي-
نىگە ئۆتۈشى بىلەن ئالتۇن ئىگەرنىڭ دەر-
ياغا چۈشكەن شولىسى. رىۋايەتلەرگە قارى-
غاندا، بۇنىڭدىن نەچچە زامانلار ئىلگىرى
باشقا يۇرتنىڭ لەشكەرلىرى بۇ ئەلگە كې-
لىپ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان. ئۇلارنىڭ
شاھى قاچىدىغان جاي تاپالماي تاغنىڭ نەچچە
كۈنلۈك ئايىغىدىكى چىغىر يول بىلەن
ئۆرمان ئارىلاپ تاغ ئۈستىگە چىقىپ كەت-
كەنىكەن، ئۇ تاغنىڭ باشقا يېرىدە
چۈشىدىغان يېرى بولمىغانلىقتىن
تاغدىن چۈشەلمەپتۇ. ئارقىسىغا
يېنىشتىن قورقۇپ، شۇ تاغنىڭ ئۈستىدە
ئۆلۈپ تۈگىگەنمىش. ئىگەر دەل شۇ شاھ-
نىڭ ئىگىرى. بالام، سەن ھەرگىز دەرياغا
چۈشمىگىن. ئاشۇ چىغىر يول بىلەن تاغقا
چىققاندىن كېيىن يەنە شۇ يول بىلەن يې-
نىپ چۈشكىن، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن يىگىت ئاتىسى بىلەن
خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. يىگىت شۇ
ماڭغىنىچە، شەھەرگە كىرىپ، شاھنىڭ ئوردى-
سىغا قەدەم باسقاندا، قاراۋۇل ئۇنىڭ ئال-
دىنى توسۇپ:

— نېمە ئادەمسەن، نېمە ئەرزىڭ
بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئالتۇن ئىگەرنى دەريادىن
ئەپچىقىش ئۈچۈن كەلدىم. شاھىمىزغا ئۆ-
زۈمنى مەلۇم قىلالىماقچىمەن، — دەپتۇ
يىگىت.

— ھەي يىگىت، ئۆزۈڭ ياش ئىكەن-
سەن، مەن-مەن دېگەن يىگىتلەر دەرياغا
كىرىپ قايتىپ چىقمىدى. نادانلىق قىلىپ
ياش جېنىڭغا زامىن بولما، ئاستا
ئارقىڭغا يېنىپ يولۇڭغا ماڭ، — دەپتۇ
قاراۋۇل.

— ئەي قاراۋۇل ئاكا، مەن شۇ ئال-
تۇن ئىگەرنى دەريادىن ئەپچىقىشقا بەل باغلاپ
كەلدىم. بۇ ئىشتىن قايتمايمەن، — دەپتۇ
يىگىت.

خەۋەرچى بۇنى شاھقا يەتكۈزۈپتۇ.
شاھ يىگىتنى قوبۇل قىلىپ، شەرتلەرنى
قايتا ئۇقتۇرۇشقا قويۇپتۇ.

— مەن شاھىمىزنىڭ ئالىي ھۆرمىتى
ئۈچۈن بۇ خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداش-
قا بەل باغلىدىم، — دەپتۇ يىگىت تەم-
كىنلىك بىلەن.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ شاھ، — ئىگەرنى ئېلىپ كەلسەڭ، بېرىدىغان ئىنئامىمىمۇ دىگىنىمدىن ئۆزگەرمەيدۇ، ۋەدەم ۋەدە، ئەگەر ئالتۇن ئىگەرنى ئېلىپ كېلەلمىسەڭ بېرىدىغان جازايىمنىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، ساڭا ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن.

يىگىت ئوردىدىن چىقىپ ئۇدۇل تاغقا قاراپ يول ئېلىپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە كەچقۇرۇن تاغقا ئانچە يىراق بولمىغان بىر مەھەللىگە كېلىپ قونۇپتۇ. ئەتىسى يەنە تاڭ يورۇماستىنلا تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ. تاڭ شەپىقى يەر يۈزىگە نۇر چاچقاندا، تاغنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، تاغقا يامىشىپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلاپتۇ. كۈن چۈش بولغاندا تاغ تۆپىسىگە قارىغان ئىكەن، كۈن نۇرىدا يالتىراپ، ئەتراپىغا نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن ئىگەر كۆرۈنۈپتۇ. سەپسېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بېشى خۇددى قۇشنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان ئاجايىپ ئېسىل بىر ئالتۇن ئىگەر ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا ئالتۇن يالىتىلغان ئۈزەڭگە تۇرۇپتۇ. ئىگەر تاسمىلىرىمۇ كۈمۈش ۋە ئالتۇندىن ياسالغان ئىكەن. يىگىت بۇ نەرسىلەرگە قول تەگكۈزمەي تۇرۇپ ئىككى رەكئەت شۈكرانە ناماز ئوقۇپ، خۇداغا شۈكرى سانا ئېيتىپ «بىسمىللا» دەپ، تاسمىلار بىلەن ئىگەرنى باغلاپ، تەسلىكتە يۈدۈپ، كەچ كىرگەندە شاھنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن شاھ خۇشاللىقىدىن بىر ھەپتە توي-تاماشا قىلىپ، شەھەر خەلقىگە ئاش تارتىپتۇ؛ توي-تاماشىغا يىغىلغان خەلق ئالدىدا ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلىپ، يىگىتكە بېرىلىدىغان ئىنئامنى جاكارلاپتۇ. جاكاردا مۇنۇلار ئۇقتۇرۇلۇپتۇ. «بۇ يىگىت بولسا، ھېچقانداق كىشى ھەل قىلالمىغان ئىشنى ھەل قىلدى. مېنىڭ بىردىنبىر تەلىپىمنى ئۆزلۈكىدىن ئورۇندىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تۈۋەندىكى ئايماقنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدىم. بىر ئائىلىلىك كىشىنىڭ ئۆمرىگە يەتكۈدەك مال-دۇنيا بەردىم. تۈۋەندىكى ئايماقتا ھۆكۈمەتنىڭ يىللىق بېجىدىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يىگىت ئۆزى باشقۇرىدۇ».

پادىشاھ توي-تاماشا تۈگىگەندىن كېيىن يىگىت بىلەن ۋەزىرنى ئايرىم زىياپەتكە چاقىرىپ سۆھبەت ئېلىپ بېرىپتۇ. سۆھبەتتە يىگىتنىڭ ئەسلى زاتىنى بىلمەكچى بولۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ. يىگىت جاۋابەن:

— مەن مۇشۇ شەھەردىن يىراق كۈندىلا بارىدىغان بىر يېزىدىكى كەمبەغەل يىگىت بولىمەن، — دەپتۇ.

— سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ. يىگىت:

— مېنىڭ ئاتا-ئانام ۋە بىرنەچچە ئۇششاق ئۇكىلىرىم بار، — دەپتۇ.

— سەن بۇ ئالتۇن ئىگەرنى دەريادىن قانداق ئەپچىقتىڭ؟ — دەپتۇ شاھ. يىگىت:

— مەن بۇ ئىگەرنى دەريادىن ئەپچىقمىدىم، شۇ دەريانىڭ كۈن ئولتۇرۇش تەرىپىدىكى تاغنىڭ ئۈستىدىن ئەپچۈشتۈم، — دەپتۇ.

شاھ بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپتۇ ۋە سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— بۇ ئىگەرنىڭ تاغ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلدىڭ؟ —دەپتۇ.

— ساڭا ئالتۇن ئىگەرنىڭ تاغ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىرسى ئېيتىپ بەردىمۇ ياكى ئۆزۈڭ بىلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ

ۋەزىر.

— بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئاجىزمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر مۇلايىملىق بىلەن.

ئالتۇن ئىگەرنىڭ قولىغا كەلگەنلىكىگە خۇشال بولغان پادىشاھ:

— مەيلى ھەرقانداق ئېيتالمايدىغان نازۇك گېپىڭ بولسىمۇ قورقماي ئېيتىۋەرگىن، مەن كەچۈرىمەن، — دەپتۇ.

— بېشىمدىن قورقىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— بېشىڭنىڭ كېتىشىدىن قورقمىغىن، سېنىڭ ھاياتىڭغا ئۇلۇغ شاھىمىز كېپىللىك قىلىدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى ۋەزىر.

— بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە قىرىلارغا قازا، ئەلگە ۋابا كېلىۋاتقان چاغلاردا، — دەپتۇ يىگىت سۆزىنى باشتىن باشلاپ، — مېنىڭ يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان ئاتام بار ئىدى. ئۇنىڭغا قازا كېلىشتىن قورقۇپ، يەر ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغانىدىم. مانا ھازىر ئاتامنىڭ يەر ئاستىدىكى گەمىدە يېتىۋاتقىنىغا كۆپ يىللار بولدى. ئاتامدىن ئايرىلساق بىر ئۆيلۈك بەش-ئالتە جان ئادەم پاناھسىز قالاتتۇق. كۆنىمىز قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتى. شۇنىڭدىن بېرى ئاتام گەرچە ئىش-ھەرىكەتتە بولالمىسىمۇ، بىزگە يول كۆرسىتىپ تۇرغانلىقتىن ھازىرغىچە خېلى ئۇكۇشلۇق ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتىمىز. شاھىمىزنىڭ ئالتۇن ئىگەرگە ھاجىتى چۈشكەندە، مەن بۇ ئەھۋالنى ئاتامغا يەتكۈزۈپ، شاھىمىزنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ شۆھرىتىنى ئاشۇرماقچى بولغانلىقىمنى ئېيتتىم، — يىگىت ئاتىسىنىڭ بەرگەن مەسلىھەت ۋە يوللىرىنى شاھقا تەپسىلىي سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، سۆز ئاخىرىدا، — مەن ئاتامنىڭ ئاقىلانە مەسلىھەتى بويىچە تاغقا چىقىپ بۇ ئىگەرنى ئەپچۈشتۇم، — دەپتۇ.

— بارىكاللا، ئاتاڭغا رەھمەت، — دەپتۇ شاھ.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ چۈشىدە كۆرگەن ئىشلارغا ئىشىنىپ بىگۇناھ قېرىلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئىنتايىن پۇشايمان قىلىپتۇ. بۇلارنىڭ سۆھبىتى ئاخىرلىشىپتۇ. شاھ شۇ ھامان تېخى ئۆلتۈرمەي زىنداندا قالدۇرۇپ قويغان قېرىلارنى ئازاد قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ ئەلگە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن يىگىتنى ئاتىسى بىلەن بىللە تۆۋەندىكى ئايماققا داغدۇغىلىق ھالدا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. يىگىت بۇ جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خەلقتىن باج-سېلىق ئالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇرىۋاتقان زېمىنىغا بەرىكەت يېغىپ خەلقنىڭ تۇرمۇشى باياشات ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزىسىدىن: توختى زاكىر.



# پادىشاھ بىلەن مالچى



بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، مەشرىقتە بىر مەملىكەت بولغانىكەن، ئۇنىڭ زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، لەشكىرى ھېسابسىز ئىكەن. پادىشاھى بولسا ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھ ئادىتى بويىچە ياساۋۇللىرىنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر جاڭگالغا كەلگەندە ئالدىغا بىر جەرەن ئۇچراپتۇ. پادىشاھ ۋە ياساۋۇللار بۇ جەرەننى خۇددى ئۈزۈك كۆزىدەك قورشىۋاپتۇ. پادىشاھ ئادەملىرىگە جەرەننى تىرىك تۇتۇشنى، ئۇنى كىم قاچۇرۇپ قويسا، شۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇللىرى بىلەن جەرەننى قىستاپ كەلگەندە، جەرەن پادىشاھنىڭ بېشىدىن سەكرەپ قېچىپ كېتىپتۇ. ياساۋۇللار «پادىشاھ ئەمدى قانداق قىلاركىن» دېگەندەك قىلىشىپ، بىر-بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپتۇ. پادىشاھ ئامالسىز جەرەن قاچقان تەرەپكە قاراپ ئات ساپتۇ، قوغلا-قوغلا بىر جىلغىغا يەتكەندە جەرەن كۆزدىن غايىب بوپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاچلىق ۋە سۇسىزلىقتىن ھالى خاراب بوپتۇ. ئۇ يا ئالدىغا مېڭىشنى، يا كەينىگە مېڭىشنى بىلەلمەي، بېشى قېتىپ ئەتراپقا قارىغۇدەك بولسا، يىراقتا بىر كىچىك كەپىدىن ئىس چىقىۋاتقۇدەك. پادىشاھ ئېتىغا مىنىپ ئىس چىقىۋاتقان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. كەپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشەي دەپ تۇرۇشىغا، كەپىدىن بىر كىشى چىقىپتۇ. پادىشاھ قارىغۇدەك بولسا، بۇ كىشى بېشىغا كونا كىگىز قالپاق، ئۇستىبېشىغا ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن كونا جىلىتكە بىلەن تېرە ئىشتان كىيىۋالغان، بوي-تۇرقى كېلىشكەن خۇش خۇي بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ كىشى پادىشاھنى كەپىگە تەكلىپ قىپتۇ، پادىشاھ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، كەپىگە كىرىپ تۇرۇپتۇ. ھېلىقى كىشى پادىشاھنى يەرگە سېلىپ قويغان ئۆچكە تېرىسىدە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ نائىلاج ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قېتىپ كەتكەن ئىككى زاغرا بىلەن بىر ھېجىردا قېتىق ئەكىلىپ قويۇپتۇ، پادىشاھنىڭ بۇ غىزاغا كۆڭلى تارتمىغان بولسىمۇ، قورساقنىڭ ئاچلىقى ئۇنى يېيىشكە مەجبۇر قىپتۇ. پادىشاھ زاغرىنى قېتىققا چۆكۈرۈپ يېگەنىكەن، شۇنداق مەززىلىك تېتىپتۇكى، ئۇنىڭ تا بۈگۈنگىچە يېگەن تائاملىرى بۇنىڭچىلىك مەززىلىك بولمىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ زاغرا بىلەن قېتىقنى ئىشتىھا بىلەن يەپ قورساقنى تويغۇزۇپتۇ. ئاندىن

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى كىشىگە قاراپ:
— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئىسمىم ئاياز، — دەپ جاۋاب بې-رىپتۇ ھېلىقى كىشى، ئاندىن پادىشاھتىن سوراپتۇ:
— ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى شەرىپلىرى نېمىكىن؟
— ئىسمىم شاۋاز، — دەپتۇ پادىشاھ،— سىز بۇ جاڭگاللاردا نېمە ئىش قىلىسىز؟
— مەن بۇ يەردە باينىڭ مېلىنى با-قىمەن. ئۆزلىرى قانداق بولۇپ بۇ ياقىقا كېلىپ قالدىلىكىن؟
— بىز بىرنەچچە سودىگەر ئىدۇق،— دەپتۇ پادىشاھ، ئۆزىنىڭ شاھ ئىكەنلىكىنى يو-شۇرۇپ، — سەپەر قىلىپ مۇشۇ ئەتراپقا كەلگەندە بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ تىرىپىرە-رەن بولۇپ كەتتۇق. مەن بۇ يەرگە قان-داق كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن. بۈگۈن كېچە سىزگە ھەمراھ بولسام قانداق؟
ئاياز ئوڭايسىزلانغان ھالدا:
— ھەي باي ئاكا، ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز مېنىڭ كەپەمدە سىزگە سېلىپ بەرگۈدەك يوتقان-كۆرپەممۇ يوق. قان-داق قىلارمەن، — دەپتۇ.
— كېرەك يوق، سىز نەدە ياتسىڭىز مەنمۇ شۇ يەردە ياتىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ.
كەچ كىرگەندە ئاياز پادىشاھقا بىر ئەسكى تېرىنى سېلىپ، بېشىغا بىرنەچچە كېسەكنى قويۇپ بېرىپتۇ. ئۆزى داق يەر-دە يېتىپتۇ. پادىشاھ ئەسكى تېرىنىڭ ئۈستىدە شۇنداق شېرىن ئۇخلاپتۇكى، ئۆمرىدە مۇنچىلىك شېرىن ئۇخلاپ باقمىغا-نىكەن. پادىشاھ بىركەمدە ئويغىنىپ قارىسا، ئۆزىنىڭ يېنىدا ئاياز ئۇخلىماي قاراپ ئولتۇرغۇدەك ئەمەس، پادىشاھ بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ:
— سىز بۈگۈن مال بېقىپ چارچى-غان تۇرۇقلۇق، يەنە ئۇخلىماي نېمە قى-لىپ ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ھەي باي ئاكا، — دەپتۇ ئاياز پادىشاھقا، — سىز مېنىڭ مېھمىنىم. مەن سىزنى تونۇمىساممۇ، لېكىن بۈگۈن كېچە سىزنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىڭىزگە كاپالەتلىك قىلىشىم كېرەك. بۇ جايدا يىرتقۇچ ھايۋان-لار كۆپ، كېچىچە سىزگە بىرەر خېيىم-خەتەر يېتىپ قالمىسۇن دەپ، سىزنى مۇ-ھاپىزەت قىلىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن.
پادىشاھ بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلە-نىپتۇ. ئاڭغىچە تاڭمۇ ئېتىپتۇ. پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قېتىق بىلەن زاغرى-نى ئىشتىھا بىلەن يەپتۇ. ناشتىدىن كېيىن، پادىشاھ كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپ ئېتىغا مىنىپ، ئوردىغا يېنىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئىشنى ئويلاپ نەچچە كۈنگىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە «ئاياز مې-نىڭ ئېسىل سۈپەت شاھانە بەستىمگە قاراپ كېچىچە ئۇخلىماي مېنى قوغدىغان بولۇشى مۇمكىن. ياكى ماڭا ئىشەنمەستىن ئۆزىنى قوغداپ ئۇخلىمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن بىر سىناپ كۆرەي» دې-گەن ئويغا كەپتۇ. ئەتىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرىنى دىۋانە قىياپەتكە ياساندۇرۇپ، ئايازنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپتۇ. ئاياز بۇ دىۋانە سۈپەت ۋەزىرنى پادىشاھقا قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا، شۇنداق مۇئامىلە قىلىپ كۈتۈۋاپتۇ. كېچىچە ئۇخ-لىماي ۋەزىرنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئەتىسى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ۋەزىر بۇ ئىشتىن

قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ ۋە ئەھۋالنى پادىشاھ-
قا مەلۇم قىپتۇ. ئۇچىنچى نۆۋەتتە پادى-
شاھ ئۆز ئوغلىنى ئىنتايىن بىچارە قىيا-
پەتتە ياساندۇرۇپ، ئايازنىڭ كەپىسگە ئە-
ۋەتىپتۇ. ئاياز بۇنىڭغىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخ-
شاشلا مۇئامىلە قىپتۇ. شاھزادە قايتىپ
كېلىپ ئەھۋالنى ئەينەن مەلۇم قىپتۇ.
پادىشاھ ئايازنىڭ مەيلى باي بولسۇن
ياكى كەمبەغەل بولسۇن ئوخشاش مۇئامىلە
قىلغىنىغا قاراپ ئۇنى «ساپ دىل كىشى
ئىكەن» دەپ ئىشەنچ قىپتۇ. پادىشاھ دەر-
ھال ئىككى خىزمەتچىسىنى ئايازنى ئېلىپ
كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچىلەر ئايازنى
ئاتقا مىندۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئې-
لىپ كەپتۇ. ئاياز ئوردىغا كىرىپ تەختتە
ئولتۇرغان پادىشاھنىڭ ھېلىقى كۈنى كە-
پىدە قونغان باي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ
ھەيران قاپتۇ. پادىشاھ ئايازنىڭ ئىززىتى
ئۈچۈن تەختتىن چۈشۈپ ئۇنىڭ بىلەن
قىزغىن كۆرۈشۈپتۇ، خىزمەتچىلەرگە ئاياز-
نى مۇنچىغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇرۇپ، كىيىم-
لىرىنى ئالماشتۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.
ئاياز ئوردىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇش جەر-
ياندا، ھېلىقى دىۋانە سۈپەت كىشىنىڭ
پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى ئىكەنلىكىنى،
ھېلىقى بىچارە يېتىم بالىنىڭ شاھزادە
ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ-
تۇ. پادىشاھ ئايازنى ئۆزىگە مەھرەم قىلىپ
ئېلىپ قاپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ ئايازنىڭ ئەقلىنى
سىنىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە
ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر مەزگىل يول
يۈرگەندىن كېيىن پادىشاھ ئايازدىن:

— يېيىشكە نېمە ياخشى؟ — دەپ
سوراپتۇ.

— ئاياز دەرھاللا:

— تۇخۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ،
ئورغۇنلىغان ئوۋ ئوۋلاپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.
ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، پادىشاھ
يەنە بىر كۈنى ئايازنى ئېلىپ ئوۋغا چى-
قىپتۇ. بىر مەزگىل يول يۈرگەندىن كې-
يىن پادىشاھ ئايازدىن تۇساتتىنلا:

— نېمە بىلەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
ئاياز تېنىمەستىن دەرھاللا:

— تۇز بىلەن، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئايازنىڭ
ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. چۈن-
كى پادىشاھنىڭ بۇ قېتىمقى سوئالى ئۇنىڭ
نەچچە يىللار ئىلگىرى ئوۋغا چىقىپ، مۇ-
شۇ ئورۇندىن ئۆتكەندە سورىغان «يېيىش-
كە نېمە ياخشى» دېگەن سوئالىنىڭ داۋا-
مى ئىكەن. ئايازنىڭ نەچچە يىل ئىلگىرى-
كى ئىشنى ئېسىدە ساقلاپ، تەمتىرىمەي جا-
ۋاب قايتۇرغىنىغا قايىل بوپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن پادىشاھ ئايازنى ئۆزىگە ۋەزىر قىل-
ۋاپتۇ. پادىشاھ ئايازنىڭ توغرا تەكلىپ،
مەسلىھەتلىرى نەتىجىسىدە يۇرتنى تېخىمۇ
ئادىللىق بىلەن سوراشقا باشلاپتۇ. ئوردا ئىچىدى-
كى ۋە يۇرتتىكى پارىخور خىيانەتچىلەرنى، زا-
لىم بەگلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن ئايازنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئى-
ناۋىتى كۈندىن كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈ-
لۈشكە باشلاپتۇ. بۇنى ئوردا ئىچىدىكى بە-
زى ئەمەلدارلار كۆرەلمەي، ئايازنى پادى-
شاھقا چېقىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ سۆزى-
گە ئىشىنىپ، ئايازنى ۋەزىرلىكتىن ئېلىپ
تاشلاپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن يۇرت ئىچى قا-
لايمىقانلىشىپ، ئەرز-شىكايەتلەر كۆپىيىپتۇ؛

www.uyghurkitap.com

پادىشاھقا بولغان نارازىلىق كۆچىيىپتۇ. بۇ
ئەھۋالنى كۆرگەن پادىشاھ ئاياز بىلەن ھې-
لىقى چېقىمچىلىق قىلغان ۋەزىر-ئەمەلدار-
لارنى سىناپ باقماقچى بولۇپتۇ: بىر كۈنى
پادىشاھ ئىككى خۇرجۇن تىللا-تەڭگىلەرنى
ئېلىپ، ئاياز ۋە باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرى
بىلەن سەيلىگە چىقىپتۇ. ئۇلار شەھەردىن
چىققاندىن كېيىن، پادىشاھ ئىككى خۇر-
جۇندىكى تەڭگە-تىللالارنى يولغا چېچىۋې-
تىپ، ئېتىغا قامچا سالغىنىچە ئارقىسىغىمۇ
قارىماستىن كېتىپ قاپتۇ. پادىشاھ بىر مەن-



زىلگە بېرىپ، كەينىگە قارىغۇدەك بولسا،
يالغۇز ئايازلا ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقۇ-
دەك، قالغان ئاتالمىش «سادىق» ۋەزىر
ئەمەلدارلاردىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.
پادىشاھ ئايازدىن:
— سەنمۇ نېمىشقا ئۇلار بىلەن
بىللە تىللا-تەڭگە تېرىپ قالمايسەن؟ —
دەپ سوراپتۇ.
ئاياز:
— مەن پۇلنى كۆرسە ھەممىدىن كې-
چىدىغان پەسكەشلەردىن ئەمەسمەن، — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ.
پادىشاھ ئوردىغا قايتىپ كېلىپ ئاياز-
نى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر ۋە خەزىنىدار
قىلىپ تەيىنلەپتۇ. پادىشاھ يەنە ئايازنىڭ
بەرگەن مەسلىھەتى بىلەن يۇرت سوراپتۇ.
ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە يۇرت ئىچىدىكى قا-
لايمىقانچىلىقلار تۈگەپ، خەلق يەنە **خۇشال-**
خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ. ئاياز خەزىنى-
دار بولغاندىن كېيىن يۇرت ئىچىدىكى كەم-
بەغەل، تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىرلارغا
ئازدۇر-كۆپتۇر پۇل-پۇچەك بېرىپ، ئۇ-
لارنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىپتۇ. بى-
راق ئوردا ئىچىدىكى بەزى ئەمەلدارلارنىڭ
بۇنىڭغا ئىچى تارلىقى كېلىپ، ئايازنى پا-
دىشاھقا چېقىپتۇ.
— شەۋكەتلىك پادىشاھى ئالەم، — دەپ-
تۇ ئۇلاردىن بىرى، — ئاياز خەزىنىدىكى
بايلىقلارنى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرىگە
بېرىۋەتتى. ئۇنىڭ خەزىنىدىكى
دۇنيا-دەپىنە بىلەن ئۆزىنىڭ
ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپ، جانابىي
ئالىيلىرىدىن شاھلىقنى تارتىۋا-
لماقچى.
پادىشاھ بۇ چېقىمچىلارنىڭ سۆزى-
نىڭ راست-يالغانلىقىنى دەلىللەش ئۈچۈن
ئادەم چىقىرىپ تەكشۈرۈتۈپتۇ. تەكشۈر گۇچى-
لەر ئايازنىڭ كىشىلەرگە خەزىنىدىن پۇل بەر-
گىنىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى پادىشاھقا مەلۇم
قىپتۇ. پادىشاھ ئىنچىكە تەكشۈرۈپ كۆر-
مەيلا ئايازنى يەنە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپتۇ.
خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى تاپشۇرۇپ
ئېلىپ، خەزىنىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ باقماقچى
بوپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ خەزىنىگە بېرىپ، ئى-
شىكنى ئېچىپ، بوسۇغىدىن ئاتلىشىغىلا بې-
شىغا بىرنەرسە تېگىپتۇ. قارىسا ئىشىك بې-
شىدا بىر تۈگۈنچەك ئېسىقلىق تۇرغانىكەن.
ئۇنى ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئايازنىڭ مال
بېقىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا كىيگەن كونا
شىرچۇرۇقى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئەي

ئاياز، ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنۇتما، شىرچورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دېگەن خەت يېزىلغان بىر پارچە قەغەز چاپلاغلىق تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئايازنى چاقىرتىپ بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ئاياز سوئالغا جاۋاب بېرىپ، — مەن مال بېقىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا پۇتۇمغا مۇشۇ شىرچورۇقنى كىيىپ يۈرىدىغان ئادەم ئىدىم. سىز مېنى ئەپكىلىپ باش ۋەزىر ۋە خەزىنىدار قىلىپ راھەتكە چىقاردىڭىز، مەن مۇشۇنچىۋالا دۇنيانى كۆرۈپ، بۇرۇن كۆرگەن كۈنۈمنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ھېلىمۇ جاپا-مۇشەققەتتە ياشاۋاتقان بىچارىلەرنى ئېسىمدىن چىقارماسلىق ئۈچۈن، بۇ كونا شىرچورۇقۇمنى مۇشۇ يەرگە ئېسىپ قويدۇم. ئۇنى ھەر كۈنى نەمدەپ تۇرىمەن. چۈنكى ئۇ قۇرۇپ قالسا قېتىپ كېتىدۇ-دە، پۇتنى ئاغرىتىدۇ. ئۇنى ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇشۇمدىكى سەۋەب: مەن ھەر كۈنى كىرىپ-چىقىش جەريانىدا ئۇ مېنىڭ پېشانەمگە تېگىپ تۇرسا، مەن ئۆتكەن كۈنۈمنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن. مەن ئۆتكەن كۈنۈمنى ئۇنتۇپ قالسام، خەلقنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالىمەن. مەن بۈگۈنكىدەك راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكىنىمدە، يەنە مىڭلىغان بىچارە كەمبەغەللەرنىڭ جاپا-مۇشەققەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ.

پادىشاھ ئايازنىڭ بۇ سۆزىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ. ئۆزىنىڭ پۇقرالارھالىدىن غەپلەتتە قالغانلىقىدىن بەكمۇ خىجىل بولۇپتۇ. شۇندىن كېيىن ئايازغا تۆھمەت قىلغۇچىلارنى قاتتىق جازالاپتۇ. ئايازنىڭ ئەمەلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق خاتىرجەم، خۇشال-خۇرام كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

(بېشى 122 بەتتە)

گۈلىستان» نى كۆرسىتىش مۇمكىن.

1958، - 1959 - يىللىرى «گۈلىستان» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى نەشر قىلىندى.

1984 - يىلى، 1971 - يىلقى تېھران نۇسخىسى، 1959 - يىلقى رۇسچە نۇسخىسى ۋە 1980 - يىلى قايتا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە نۇسخىسى ئاساسىدا «گۈلىستان» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى نەشر قىلىندى.

سەئدى تەتقىقاتى شەرق ئەدەبىياتى تەتقىقاتى، كلاسسىك پارس ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا نۇقتىلىق تېمىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. سەئدى ئەسەرلىرى جاھان مەدەنىيتى خەزىنىسىدە مەڭگۈ نۇر چاچىدىغان دۇردانىلاردىن بىرى بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com





# يەككە تاز بىلەن يەتتە تاز

بۇرۇنـنىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر شەھەردە خۇدابەردى ئىسىملىك بىر ياماقچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ رەھمەتلىك ئاياسىدىن قالغان يەتتە ئوغلىنى بېقىپ كۈن كەچۈرىدىكەن. خۇدا بەردى بالىلىرىنى ئۆز كەسپىنىڭ ۋارىسى قىلىشنى دائىم ئويلايدىكەن. ئەمما ئوغۇللىرى بۇنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى خۇدابەردى كۆڭلىدىكىنى بالىلىرىغا ئېيتىپتۇ.

— ئاكىمىز ئۆگەنسە بىزمۇ بىر-بىرلەپ ئۆگىنىمىز، — دېيىشىپتۇ بالىلارنىڭ ئوتتۇرانچىسى ۋە كىچىكلىرى.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، خۇدابەردى قېرىپ مۈكچىيىپتۇ. ئوغۇللار بولسا ئويۇن-تاماشىغا بېرىلىپ كېتىپ دادىسىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنەلمەپتۇ.

بالىلىرىدىن كۆڭلى قالغان خۇدابەردى دوست-يارانلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر كەمبەغەل ئايالغا ئۆيلىنىپتۇ ۋە بۇ خوتۇندىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئايالىنىڭ تېجەشلىك ئۆي تۇتۇشى ۋە چەبدەسلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ ھال-ئوقىتى كۈندىن كۈنگە ياخشىلىنىپ، خېلىلا بېيىپ قاپتۇ.

«يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك، شۇ كۈنلەردە ياماقچى خۇدا بەردىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ. ئۇ چوڭ بالىلىرىغا ئىلگىرىكى تەلىپىنى ئېيتقانىكەن، ئۇلار «ھە» دەپ قويۇپ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئويۇن-تاماشىسى بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خۇدابەردى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

خۇدابەردى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەتتە ئوغلى بىلەن كېيىنكى ئايالىدىن بولغان يەككە ئوغلى ئوتتۇرىسىدا مىراس تالىشىپ دەۋا باشلىنىپتۇ. يۇرت-جامائەت خۇدا بەردىنىڭ بارلىق دۇنيا-دەپىنىسىنى توققۇز ئۈلۈش قىلىپ، يەتتە ئوغلىغا يەتتە ئۈلۈش، ئانا-بالىغا بولسا ئىككى ئۈلۈش بۆلۈپ بېرىپ دەۋانى لىللائايرىپ قويۇپتۇ.

يەتتە ئوغۇل ھويلا ئىچىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە لىڭغىرچاق ياساپ بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن. ئۇلارنىڭ بازارغا ئاپارغان مالىرى كۈندىن-كۈنگە كاساتلىشىپ سېتىلمايدىكەن. يەككە تاز بالىسىنىڭ ياسىغان لىڭغىرچاقلىرى بازارغا بارا-بارمايلا سېتىلىپ توگەيدىكەن. بۇنى كۆرگەن يەتتە تازنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى تارلىق قىلىپ بىر كېچە ئۇخلىماي مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار يەككە تازنىڭ ياسىغان لىڭغىرچاقلىرىنى يوقىتىشنى پىلانلاپ ئۇنى كۆيدۈرىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى يەككە تاز ئورنىدىن تۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، لىڭغىرچاقلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كۈل بولغانىكەن. ئۇ بۇنى

يەتتە تازنىڭ قىلغانلىقىنى جەزم قىپتۇدە، ئىككىلىنىپ تۇرماستىن لىڭغىرچاقىنىڭ كۈلىنى بىر تاغارغا، كۆمۈرىنى بىر تاغارغا قاچىلاپ يەكشەنبە كۈنى سەھەردە بازارغا ئېلىپ كەپتۇ. كۆرگەن ـ بىلگەنلەر ئۇنىڭدىن:

— ھەي تاز، تاغىرىڭدىكى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. يەككە تاز:

— بىر تاغاردىكى زىخچە ئالتۇن، يەنە بىر تاغاردىكىسى كېپەك ئالتۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بازار ئەھلىدىن بىرەيلەن بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ، «كېپەك ئالتۇن قانداق بولىدىغاندۇ؟» مەيلى ئالسام ئالاي، — دەپ نەرخىنى توختىتىپتۇ. بىر تاغارنى ئون چارەكتىن ئىككى تاغارنى يىگىرمە چارەك ياڭيۇغا سېتىۋاپتۇ. يەككە تاز ھېلىقى كىشىگە:

— ئاغزىنى ھازىر ئاچماي ئۆيگە ئاپىرىپ ئاچسىلا. بولمىسا بۇنى كۆرگەنلەر كۆلۈپ قويسا زىخچە ئالتۇن كۆمۈرگە، كېپەك ئالتۇن كۈلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، — دەپتۇ ۋە ئىككى تاغار ياڭيۇنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ بىر داس ياڭيۇنى يۇيۇپ، تازىلاپ قازانغا سېلىۋاتقاندا، پايدا ـ مەنپەئەت توغرىسىدا بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەي ئۆيگە كىرىپ كەلگەن يەتتە تاز، يەككە تازنىڭ ئوچاق بېشىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي تاز، بۇ ياڭيۇلارنى نەدىن ئالدىڭ؟

— سىلەر لىڭغىرچاقلىرىمنى كۆيدۈرۈپ ياخشى قىلغانىكەنسىلەر. مەن ئۇنىڭ كۈلى بىلەن كۆمۈرىنى ئىككى تاغارغا قاچىلاپ بازارغا ئاپىرىپ ئىككى تاغار ياڭيۇغا تېگىشىپ ئەكەلدىم. مانا بۇ قازانغا سالغان ياڭيۇلار لىڭغىرچاقنىڭ كۆللىرىنىڭ بەدىلىگە كەلگەندۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇلار بۇنىڭغا ھەيران قاپتۇ ۋە ئۆزلىرىمۇ شۇنداق قىلماق بوپتۇ. يەتتە تاز ئۆزلىرى ياساپ پۈتتۈرۈپ قويغان لىڭغىرچاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلى بىلەن كۆمۈرىنى ئايرىپ يەتتە تاغاردىن ئون تۆت تاغارغا قاچىلاپتۇ. قوشنىلىرىنىڭ بىرقانچە ئېشىكىنى كۈنلۈككە سېتىۋېلىپ، يەكشەنبە كۈنى سەھەردە ھەشەمەت بىلەن بازارغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بازارغا يېتىپ بېرىپ تۆت كوچىنىڭ تۆت دوقمۇشىغا «ماللىرىنى» قاتار تىزىپ قويۇپ كانىيى يىرتىلغۇچە توۋلاپتۇ:

— خېرىدارلار كۆزۈڭ بولسا كۆرەرسەن، زىخچە ئالتۇن بىلەن كېپەك ئالتۇن ساتىمىز. نەرخى ئەرزان، سۈپىتى ئوبدان...

ئۆتكەن ھەپتە يەككە تازدىن «مال» ئېلىپ ئۇتتۇرۇۋەتكەن ھېلىقى خېرىدار كېلىپ قارىغۇدەك بولسا ئىش ئۆتكەنكىدەك ئىكەن. خېرىدار شۇ جايدىلا غەۋغا چىقىرىپ بۇ يەتتە تازنىڭ سىرىنى پاش قىپتۇ. بۇ ئىش قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئۆتۈپ ئاخىرى يۇرت باشلىقىنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يېتىپتۇ. ئۇ يەتتە تازنى ئۇرۇپ، تىللاپ ھەر بىرىگە بەش تىللادىن جەمئىي ئوتتۇز بەش تىللا جەرىمانە قويۇپتۇ. ئېشەكلەرنى جەرىمانە پۇلىغا ھېساب قىلىپ، يەتتە تازنى قۇرۇق قول بازاردىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

ئەر ئۆمرىدە بۇنداق رەسۋاچىلىقنى كۆرمىگەن ئاكا ـ ئۇكا يەتتە تازنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، يەككە تازنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈشۈپتۇ. ئاخىرى ئۇلار ئىككى چارەك بۇغداي ئۇنىدا قويماق سېلىپ ئىككى ـ ئۈچ تاغارغا قاچىلاپتۇ. ئوتتۇرانچى تاز ئەقىل كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

www.uyghurkitap.com

— بۇ يەككە تازنى مۇشۇ قۇيماق سالغان تاغارغا سېلىپ ئېلىپ ماڭايلى. ئۇنداق قىلمىساق بۇ ئىشنى خەلقى ـ ئالەم بىلىپ قالسا رەسۋا بولىمىز.

قالغان ئالتە تاز بۇنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپتۇ ۋە شۇنداق قىپتۇ.

ئۇلار مېڭىپتۇ ـ مېڭىپتۇ، بىر يەرگە كەلگەندە چوڭ بىر دەرياغا دۈچ كەپتۇ. يەتتە تاز يولدا كەلگۈچە ياغلىق قۇيماقنى يەۋەرگەچكە ئىچى توختىماس بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار يەككە تاز سولانغان تاغارنى دەريا بويىغا قويۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللىگە بېرىپ قېتىق تېپىپ ئىچىپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن مەھەللىگە قاراپ كېتىپتۇ.

يەككە تاز تاغاردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ، تاغارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ تۇۋلاپتۇ. يېقىن ئەتراپتا بىر هارامزەدە تاز قوي بېقىۋاتقانىكەن. ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ «نېمە ئىشتۇر» — دەپ ئاۋاز كەلگەن يەرگە كەلسە بىر تاغار تۇرغانىكەن، مالچى تاز تاغارنى ئاچقانىكەن، ئىچىدىن بىر تاز چىقىپ هېلىقى مالچى تازغا هىجىيىپ قاراپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ئاداش، قۇيماق يەمسىلە؟ — دەپتۇ.

— بەرسەڭلا يەيمەن، — دەپتۇ مالچى تاز.

يەككە تاز:

ئۇنداق بولسا تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپ يەڭلا، بولمىسا ئاكام كۆرۈپ قالسا يېگۈزمەيدۇ، — دەپتۇ.

ئۆمرىدە قۇيماق يەپ كۆرمىگەن مالچى تاز ماقۇل بولۇپ تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن يەككە تاز تاغارنىڭ ئاغزىنى چىگىپ قويۇپ، مالچى تازنىڭ قويلىرىنى هەيدەپ كېتىپ قاپتۇ، يەتتە تاز قايتىپ كېلىپ تاغارنى دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۆيگە يانايلى دەپ تۇرۇشىغا يەككە تاز بىر پادا مالنى هەيدەپ ئۇلار تەرەپكە كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلار سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسا ئۆزلىرى سۇغا تاشلىۋەتكەن يەككە تاز ئىكەن. چوڭ تاز:

— ياپىرىمەي! ماۋۇ تازنىڭ يامانلىقىنى! هازىر دەرياغا تاشلىۋەتسەك، ئۇياقتىن بىر پادا مالنى هەيدەپ كېلىۋاتىدۇيا، — دەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— هەي تاز قويىنى نەدىن تاپتىڭ؟

يەككە تاز:

— هەي ئاكا، سىلەر مېنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن ئىدىڭلار. دەرياغا چۈشۈپ قارىسام دەريانىڭ ئاستىدا نۇرغۇن مال بار ئىكەن. ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي كېلىپ، «كۈچۈڭنىڭ يېتىشىچە ئېلىپ مال قىلىۋال» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ماللارنى هەيدەپ چىقتىم، — دەپتۇ.

— يەنە بارمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ يەتتە تازنىڭ بىرسى.

— بارىكەن. بار بولغاندىمۇ ئىنتايىن كۆپىكەن. هەر سېمىز، ـ هەر سېمىز قويلار ئوتلاپ يۈرىدۇ، — دەپتۇ يەككە تاز. ئۇلار يەككە تازنىڭ گېپىنى «راست بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دەرياغا سەكرەپتۇ. دەريانىڭ دولقۇنلىرى ئۇلارنى بىردەمدىلا يۇتۇپ كېتىپتۇ. يەككە تاز هېلىقى مالچى تازنى ئىزدەپ بېرىپ ئۇنى بىر يەردىن سۈزۈۋاپتۇ، تاغارنى ئېچىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا كۆپ رەهمەتلەرنى ئېيتىپ قويلىرىنى قولىغا بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق ئارىسىغا «ئورنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر» دېگەن مەسەل قالغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى ئۈچتۇرپان ناهىيىسىدىن: م. روزى

# قەدىمكى لەتىپىلەر

— ئوغلۇم كۈن بەكمۇ ئىسسىپ كەتتى، بۇنداق ئىسسىقتا ئادەم تۇرماق تۆمۈرمۇ ئېرىپ كېتىدىغۇ.

— راست دېدىڭىز دادا، تۈنۈگۈن ماڭا بىر سوملۇق تەڭگە بېرىۋىدىڭىز، قارىسام ئۇمۇ ئېرىپ ئون تىيىنلىق بولۇپ قاپتۇ.

× ×

ئەخمەت ئېيتىپ باقە، بىر كۈن نەچچە سائەت بولىدۇ؟

— يىگىرمە بەش سائەت بولىدۇ.

— يىگىرمە بەش؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

تۈنۈگۈن ئۆزىڭىز هازىر كۈن بىر سائەت ئۇزاردى، دېدىڭىزغۇ.

× ×

بىر ئوغرى بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، نۇرغۇن نەرسىسىنى ئوغرىلاپ چىقىپتۇ. دەل شۇ چاغدا كوچىدىن بىر ئادەم ئۆتۈپ قاپتۇ. ئوغرى ئۇستىدىكى نەرسىلەرنى ئالدىرىغىنىچە يەرگە قويۇپ، كوچىنى سۈپۈرۈشكە باشلاپتۇ. هېلىقى ئادەم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، نېمە ئۈچۈن كوچىنى سۈپۈرۈۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.

ئوغرى:

— بۇ ئۆيدە بىرەيلەن ۋاپات بولۇۋىدى. ئەتىگەنلىككە جىنازا نامىزىغا ئادەملەر يىغىلىدۇ. شۇڭلاشقا كوچىنى سۈپۈرۈپ، تازىلاۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— ئۆيدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلانمايدىغۇ؟

— مەن كەتكەندىن كېيىن ئاڭلىنىدۇ.

× ×

بىر ئادەم تېۋىپتىن:

— مېنىڭ قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىشتىهايىم يوق، شۇڭا ئالدىلىرىغا كېلىۋىدىم، داۋالاپ قويۇشلىرىنى سورايمەن، — دەپتۇ.

تېۋىپ ئۇنىڭدىن بۈگۈن نېمە يېگەنلىكىنى سوراپتۇ. كېسەل كىشى ئادەتتىكىدەك تاماق يېگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما تېۋىپ قىستاپ سوراۋەرگەچكە، ئىلاجىسىز يېگەن تاماقلىرىنىڭ هەممىسىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

— بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ يولدا بىر كاللىپەزنىڭ دۇكىنىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭدىن تۆت قوينىڭ كاللا-پاقالچىقىنى ئېلىپ يېدىم. ئۆزلىرى بۇنى ئىككى قوينىڭ كاللا-پاقالچىقى دەپ هېسابلىسىلا. كېيىن شىرنىلىكلەر ساتىدىغان دۇكانغا كىرىپ تۆت قاداق هالۋا، مېۋە بازىرىدىن ئون قاداق ئۈزۈم ئېلىپ، چايخانىغا كىردىم. ئۇ يەردىن ئون نان ئېلىپ، سەككىز چەينەك چاي بىلەن هەممىسىنى يەپ تۈگەتتىم. ئۆزلىرى بۇنى ئىككى قاداق هالۋا، بەش قاداق ئۈزۈم، بەش نان ۋە تۆت چەينەك چاي دەپ هېسابلىسىلا. يەنە تۆت قوغۇن ئېلىپ ئۇنىمۇ يېدىم. بۇنى ئىككى قوغۇن هېسابلىسىلا. ئۇ يەردىن ئاش-

خانىغا كىرىپ ئون مانتا، سەككىز زىخ كا-
ۋاپ يېدىم. بۇنى بەش مانتا، تۆت زىخ كاۋاپ
دەپ ھېسابلىسىلا. مانامىنىڭ ئىشتىھايىمنىڭ
يوقلۇقى شۇنىڭدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرامدۇ.
تېۋىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ
مۇنداق دەپتۇ:
— ئەمدى مەن دەي، سەن ساناپ
تۇر، ئالتە يىل قورساق ئاغرىقى بىلەن
ئازاپلىنىسەن. بۇنى سەن ئۈچ يىل ھېساب-
لا. كېيىن ئون يىل باش ئاغرىقىغا گى-
رىپتار بولىسەن، بۇنى بەش يىل ھېسابلا.
ئاندىن ئىككى كۆزۈڭ كۆرمەس، پۇت - قو-
لۇڭ پالەچ بولىدۇ. سەن بۇنى بىر كۆز،
بىر قول، بىر پۇتۇم بار دەپ ھېسابلا.
مانا شۇ چاغدا ئىشتىھايىڭ ئېچىلىدۇ.

× ×

مەمەدان ۋە قۇرۇق گەپ ساتىدىغان
شائىرلاردىن بىرى ئابدۇراخمان جامىنىڭ
ھۇزۇرىغا كېلىپ ماختىنىپتۇ:
ئۆتكەن كېچە چۈشۈمدە خىزىر پەيـ-
غەمبەر ئاغزىمغا دەم سېلىپ مۇبارەك تۈك-
رۈكى بىلەن ئاغزىمغا تۈپكۈشلەپ قويـ-
دى، — دەپتۇ.
— جامى ئۇنىڭغا:
— خاتا دەۋاتىسەن، خىزىر پەيغەم-
بەر سېنىڭ يۈزۈڭگە تۈكۈرگەن. سەن
ئاغزىڭنى ئېچىپ تۇرغاچقا، تۈكۈرۈك ئاغزىڭ-
غىمۇ چۈشكەن بولسا كېرەك، — دەپ جا-
ۋاب بېرىپتۇ.

× ×

دەرياغا يېقىن بىر كىچىك شەھەر-
دە، بىرنەچچە كىشى سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپ
كېتىپتۇ. دەريادا چۆكۈپ كېتىشنىڭ ئال-
دىنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەر ھاكىمى مۇن-
داق بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ: «ئېلان نامە،
شەھىرىمىزنىڭ يېنىدىكى دەريادا چۆمۈل-
دىغانلارغا تۆۋەندىكىلەرنى ئۇقتۇرىمەن:
مۇشۇ يېقىندىكى ئۈچ كۈن ئىچىدىلا بىر-
قانچە كىشى دەرياغا چۆكۈپ كېتىپ قازا تاپتى.
بۇنىدىن كېيىن كىمكى سۇغا چۆكۈپ ئۆلسە،
ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر جازا بېرىمەن»

× ×

ھەرقانداق كېسەلنى ساقايتىمەن دەپ دا-
ۋالاشقا ئادەتلەنگەن بىر تېۋىپ كېمىدە
كېتىۋېتىپ، تاسادىپىيلا دېڭىزغا چۈشۈپ
كېتىپتۇ. كېمە باشلىقى دەرھال بۇيرۇق
چۈشۈرۈپتۇ:
تېۋىپنى دەرھال قۇتقۇزۇڭلار!
دېڭىزچىلار ئۇنىڭغا:
— تېۋىپنى پاراكەندە قىلمايلى،
بىچارە تېۋىپ دورا ئېلىش ئۈچۈن ئۆزـ-
نىڭ دورىخانىسىغا چۈشۈپ كەتتى، — دەپتۇ.

× ×

بىر ئاچكۆز كىشى بىرىنىڭ بېغىغا
كىرىپتۇ. باغدا بىر ئېيىق بالىسى ئۈزۈم
يەپ يۈرگەنىكەن. ئۇ كىشىمۇ ئۈزۈم باراڭ-
لىرىدىن ئۈزۈملەرنى يۇلقۇشلاپ ئۈزۈپ
يېيىشكە باشلاپتۇ. باغۋەن ئۇنى كۆرۈپ
قېلىپ، كالتەك بىلەن ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.
ھېلىقى كىشى:
— ئېيىقمۇ ئۈزۈم يەۋاتىدىغۇ، نېمىش-
قا ئۇنىمۇ ئۇرماي، مېنىلا ئۇرىسەن؟ —
دەپ ۋايساپتۇ. باغۋەن:
— ئېيىق يەپ تويغاندىن كېيىن
باغدىن چىقىپ كېتىدۇ. سەن بولساڭ ئۆ-
زۈڭ يېگەننى ئاز دەپ، ئۆيىڭگىمۇ ئېلىپ
ماڭىسەن، — دەپ يەنە ئۇرۇشقا باشلاپتۇ.

× ×

بىر گاداي ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ قۇر-
ئان ئوقۇپ، تىلەمچىلىك قىلىدىكەن. بىر مول-

لا ئۇنىڭغا:

— قۇرئان ئوقۇپ تىلەمچىلىك قىلغىلى خۇدادىن قورقمامسەن؟ بۇ ئىشىڭ بىلەن دوزاخقا چۈشىسەنغۇ، — دەپتۇ. گاداي ئۇنىڭغا:

— ئۆزلىرىدەك موللىلار، ئۆز ۋەز- نەسىھەتلىرىڭلارغا ئەمەل قىلساڭلار بولىدۇ. ئەگەر ماڭا ئوخشاش ئاچ قالساڭلار قۇرئاننىمۇ، ئۇنى يەتكۈزگەن پەرىشتىنىمۇ سېتىپ يەيتتىڭلار، دوزاخقا ئەڭ مۇۋاپىق كىشىلەر ئۆزۈڭلار، — دەپتۇ.

× ×

—جېنىم، مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا چاراسلاپ كۆيۈۋاتساممۇ، سەن ماڭا يەنىلا ناھايىتى سوغۇق قاراۋاتىسەن.

— توغرا قىلىۋاتىمەن. سەن چاراسلاپ كۆيۈۋاتقاندا، مەن سوغۇق بولۇپ تۇرسام، شۇندىلا سەن تولۇق كۆيۈپ كۈل بولالايسەن - دە.

× ×

— ھەي، مېنىڭ پەرىشتەم، نېمىشقا مېنى ئۆمۈرلۈك يولدىشىڭ بولۇشقا قوبۇل كۆرمەيسەن؟

— مېنىڭ پەرىشتە ئىكەنلىكىمنى ئۆزۈڭ تەستىقلاۋاتىسەن، پەرىشتىلەردە يېيىش- ئىچىش بولمايدىغانلىقىغا ئوخشاش ئەر- خوتۇنلۇق بولۇشمۇ يوق. ئۆز ئىقرارىڭ بويىچە مەن پەرىشتە بولغانلىقىم ئۈچۈن تەكلىپىڭنى قوبۇل قىلالمايمەن.

× ×

بىر شائىر مۇكاپات ئېلىش ئۈمىدىدە بىر باينى ماختاپ مەدھىيە يېزىپ، ئۇنىڭغا تەقدىم قىپتۇ.

ئۇ باي ئىنتايىن بېخىل، پىخسىق بولغىنى ئۈچۈن شائىرغا ھېچنېمە بەرمەپتۇ. شائىر بۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ بىر ھەجۋىي شېئىر يېزىپتۇ - دە، ئۇنى بايغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. باي ئۇنىڭغىمۇ ئېتىبار قىلماپتۇ.

بىر كۈنى باي قاتتىق كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ. شائىر بۇنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ باينىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ ئولتۇرۇۋېپتۇ.

باي شائىرنىڭ بۇ ئىشىغا خاپا بولۇپ:

— قانداق يۈزسىز شائىرسەن؟ مېنى ماختاپ شېئىر يازدىڭ، ھېچنەرسە بەرمىسەم مەسخىرە قىلدىڭ، گەپ قىلمىدىم، ئەمدى يەنە نېمىنى ئۈمىد قىلىپ باش تەرىپىمدە ئولتۇرىسەن؟ — دەپتۇ.

— بەلكىم ۋاپات بولارسەن، دەپ كەلدىم. سېنى ماختاپ شېئىر يازدىم، بولمىدى، ھەجۋىي قىلدىم، بولمىدى. ئەمدى ۋاپات بولساڭ تەزىيە شېئىرى — مەرسىيە يېزىپ، دۇئايى - پاتىھە قىلىپ قايتماقچىمەن، — دەپتۇ شائىر.

× ×

شائىرلاردىن بىرى ئاياللارنىلا ھەجۋىي قىلىدىكەن. شۇڭا ئاياللار يىغىلىپ ئۇ شائىرنى ئۇرماقچى بولۇشۇپتۇ. ئاخىرى ئاياللار ئۇنى بىر يەردە تۇتۇۋاپتۇ.

شائىر نېمە قىلارنى بىلمەي، ئۇلارغا:

— شېئىرىمدا ئېيتىلغان يامان سۈپەتلەردىن پاك بولغان ئايال قىلچىمۇ خاپا بولمايدۇ. ئەگەر شۇ يامان سۈپەتلەر سىلەردە بولسا، مېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرسەڭلارمۇ ھەقلىق سىلەر، — دەپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان ئاياللار شائىرنى دەرھاللا قويۇۋېتىپتۇ.

× ×

بىر ئادەم شەھەر ھاكىمىنىڭ ئالدىغا

www.uyghurkitap.com

كېلىپ:

— مەن سىلىنى بىر پالاكەتتىن قۇتقۇزغاندىم، شۇ خىزمىتىمنىڭ بەدىلىگە مېنى ياخشىراق بىرەر خىزمەتكە قويار دەپ ئۈمىد بىلەن كەلدىم، — دەپتۇ.

— ياخشى، ساڭا لايىق بىر خىزمەت تېپىپ بېرەي.لېكىن ئېيتقىنا، سەن ماڭا قانداق خىزمەت يەتكۈزۈۋىدىڭ؟ مەن ئۇنى ھېچلا ئېسىمگە ئالالمىدىم؟

ھېلىقى كىشى دەپتۇ:

— ئېسىڭىزدىمۇ، بىر قىزنى ئىككىمىز تالىشىپ قالدۇق، مەن چاققانلىق قىلىپ، ئۇ قىزنى قولغا كەلتۈرۈپ نىكاھىمغا ئېلىۋالدىم. ئەمما ئۆيلىنىش بىلەنلا بېشىمغا بىر بالا تېپىۋالدىم. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ئۆيلىنىپ قالغان بولسىڭىز، بۇ بالاغا سىز قالغان بولاتتىڭىز. ئۇنى مەن ئېلىپ سىزنى شۇ بالادىن قۇتقۇزغىنىم چوڭ خىزمەت يەتكۈزگەنلىكىم ئەمەسمۇ؟

× ×

بىرى بىر ئادەمگە: «پالانچى دوستۇڭ ۋاپات بولدى، ئاڭلىدىڭمۇ؟» — دەپتۇ.

ئۇ ئادەم ھەيران بولۇپ:

— بۇ سۆزۈڭ توغرا ئەمەسمىكىن، چۈنكى ھازىرلا ئۇنىڭدىن خەت كەلدى، ئۆزىنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە ماڭا ھېچنېمە يازماپتىغۇ؟

× ×

خوتۇنى بىلەن چىقىشالمىغان بىر ئادەم خوتۇنى بىلەن جېدەللىشىپ:

— سېنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرغاندىن بۇيان نىكاھ ئوقۇلغان شۇ كۈنگە لەنەت ئوقۇيمەن...

— نىكاھ ئوقۇلغان ئۇ كۈنگە لەنەت ئوقۇشقا ھەققىڭىز يوق، چۈنكى ئۆمرىمىزدە تىنىچ ئۆتكەن بىر كۈنىمۇ، ئەنە شۇ نىكاھ ئوقۇلغان كۈندۇر.

× ×

ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە تولىمۇ دىققەت قىلىدىغان بىر ئادەم دەريا ۋە دېڭىزلاردا چۆمۈلگەندە نېمىلەرگە رىئايە قىلىنىدىغانلىقىنى بىر نەچچە تېۋىپتىن سوراپتۇ. بىرى: «سۇدا قورساق ئاچ ۋاقتىدا چۆمۈلۈش كېرەك» دېسە، ئىككىنچىسى: «ياق، قورساق توق ۋاقتىدا چۆمۈلۈش پايدىلىق» دەپتۇ. ئۈچىنچىسى: «سۇغا ئاۋۋال پۇت بىلەن چۈشۈش كېرەك» دېسە، باشقىسى: «ياق، بىراقلا باش چۆكۈرۈپ چۈشۈش كېرەك» دەپتۇ. يەنە بىرلىرى: «سۇدىن چىققاندىن كېيىن ھەرىكەت قىلماستىن جىم تۇرۇش كېرەك» دېيىشسە، بەزىلىرى: «ياق، ئەلۋەتتە ھەرىكەت قىلىش لازىم، چۈنكى، ھەرىكەت قىلىنسا، بەدەن قىزىيدۇ، بۇ پايدىلىق...» دېيىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئادەم قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئاخىر ئەڭ توغرا مەسلىھەتنى بىر ساددا دوستىدىن ئاپتۇ:

— دەريا ۋە دېڭىزلاردا چۆمۈلسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئەقلىنى ئىشلىتىپ، چۆكۈپ كەتمەسلىكىنى ئويلا، سالامەتلىكىڭگە قاراپ چۆمۈلىۋەر.

× ×

ئىمام بىر قىزىقچىدىن:

— شەيتاننىڭمۇ ئايالى بولارمىش، ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىزىقچى:

— نىكاھ ئوقۇلغان كۈنى يوق ئىدىم، شۇڭلاشقا كېلىنىڭ ئىسمىنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇنى ئۇلارنى نىكاھلاپ قويغان

داموللا ئىشلاردىن سوراپباق، — دەپتۇ.

× ×

بىر دىۋانە پۇتىنى گۆرگە ساڭگىلىتىپ، توپا سورۇپ ئويناپ ئولتۇرغانىكەن. ئادەملەر ئۇنىڭدىن نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ. دىۋانە ئۇلارغا:

— كەلسەم ئازاربەرمەيدىغان، كەتسەم ئارقامدىن غەيۋەت قىلمايدىغان ئادەملەر بىلەن ھۇزۇر قىلىپ سۆزلىشىپ ئولتۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× ×

بىر كىشىنىڭ ئىنتايىن بېخىل، پېخسىق دوستى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ شۇ دوستىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. دوستىنىڭ ئۆيىدىكىلەر بېخىلنىڭ بەزگىكى تۇتۇپ قېلىپ يوتقانغا ئورۇنۇپ ياتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇ كىشى ئۇلارغا:

— ياخشى بىر تاماق ئېتىپ، دوستۇمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يەڭ، ئۇ بۇنىڭغا چىدىيالماي شۇ ھامان تەرلەيدۇ-دە، بەزگەكتىن قۇتۇلىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

× ×

بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە ئۇنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ كىشى:

— ئۇنىڭ باھاسى ئۆسكەن بولسا، **ئۇنىڭ** بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم. چۈنكى مەن ناننى ناۋايدىنلا سېتىۋالىمەن-دە، دەپتۇ.

× ×

بەھلۇل دىۋانە خورما سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپلا يېيىشكە باشلاپتۇ. بىرى ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا خورمىنى ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپ يەيسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بەھلۇل دىۋانە ئۇ كىشىگە مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇلار ماڭا خورمىنى ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپ ساتتى-دە.

× ×

قەدىمكى ئەرەب فازىللىرىدىن بىرى دەيدۇ:

— مەن بىرەر كىشىگە ئالدانمىغانىدىم، پەقەت بىر يىگىت مېنى تازا بابلىدى. مەن بىر قىز بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ ئۇ يىگىتتىن شۇ قىز توغرىلىق پىكرىنى سورىۋىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

— سىز ئۇ قىزنى زادى ئالماڭ، چۈنكى ئۇنى بىر ئادەمنىڭ سۆيۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

مەن ئۇ يىگىتنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئۇ قىزنى ئالمىدىم. ئەمما كېيىن ھېلىقى يىگىتنىڭ شۇ قىز بىلەن ئۆزى نىكاھلىنىۋالغانلىقىنى ئۇقتۇم. بىر كۈنى ئۇ يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا:

— ھەي بۇرادەر، باشقا ئەر سۆيگەن قىز بىلەن نېمىشقا توي قىلدىڭ؟ ئۆزۈڭ «ئۇ قىزنى باشقا بىر كىشىنىڭ سۆيۈۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» دېۋىدىڭغۇ؟ — دېدىم.

— توغرا، ئۇنى ئۆز دادىسى سۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋىدىم، سىزگە شۇنى ئېيتقانىدىم، — دېدى جاۋاب بېرىپ يىگىت.

× ×

بىر ئادەم پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— «مەن پەيغەمبەر، ماڭا ئىنئام بېرىڭ»، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئېتىكلىك تۇرغان بىر قولۇپنى كۆرسىتىپ:

— ئەگەر پەيغەمبەر بولساڭ، مۆجى-

www.uyghurkitap.com

زە كۆرسەت. ئاشۇ قۇلۇپ ئاچقۇچسىز ئېچىلىپ كەتسۇن، — دەپتۇ.

بۇ يېڭى «پەيغەمبەر» پادىشاھقا:

— سىز قىزدىقكەنسىز، مەن پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىۋاتىمەن، تۆمۈرچىلىك دەۋاسىنى قىلىۋاتمايمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ كۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىپ يولغا ساپتۇ.

× ×

بىر يىگىتنىڭ «ھۆر» ئىسىملىك ئىنتايىن چىرايلىق ئايالى بارئىكەن. ئۇ يىگىت دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭگە بارماي، ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. باشقىلار ئۇنىڭغا تاپا-تەنە قىلىپ:

— ھەي نامەرد، جەڭگە بارماي نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭ؟ دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرسەڭ غازى، ئۆلسەڭ شېھىت بولۇپ، قىيامەتتە جەننەتكە كىرىپ، «ھۆرۇ غىلمان» غا ئىگە بولاتتىڭ ئەمەسمۇ؟ — دېيىشىپتۇ.

ئۇ يىگىت:

— ئۆيۈمدە ئۆزۈمنىڭ ھۆرۈم بار، بىر «غۇلمان» نى دەپ ئۆلۈشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ.

× ×

بىر شائىر زۆرۈر ئىش بىلەن دەريانىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتمەكچى بوپتۇ. ئۇ كىراكەش قېيىقچى بىلەن كىرا ھەققىنى كېلىشىپ، قېيىققا چۈشۈپتۇ. شائىر قېيىقتا ناۋايى ۋە جامىنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇپ مېڭىپتۇ. قېيىقچى شائىردىن سوراپتۇ:

— بۇرادەر، كىم بىلەن سۆزلىشۋاتىسەن؟

— ناۋايى ۋە جامىلار بىلەن.

قىرغاققا كەلگەندە شائىر قېيىقتىن چۈشۈپ، قېيىقچىغا كىرا ھەققىنى سۇنۇپتۇ. قېيىقچى ئۇنىڭغا:

— بۇ بەرگەن پۇلىڭىز پەقەت ئۆزىڭىز ئۈچۈنلا، ئەمدى دوستىڭىز ناۋايى ۋە جامى ئۈچۈنمۇ ھەق تۆلەيسىز، چۈنكى سىز ئۇلار بىلەن قېيىقتا مۇڭدىشىپ ئولتۇردىڭىز-دە، — دەپتۇ.

شائىر ئۇنىڭغا ھەرقانچە چۈشەندۈرسىمۇ، قېيىقچى ئۇنىماپتۇ. شائىر ئائىلاج ناۋايى ۋە جامى ئۈچۈنمۇ كىرا ھەققى تۆلەپ قېيىقچىدىن قۇتۇلۇپتۇ.

× ×

ئىككى دوست ئۇچرىشىپ قېلىپ، بىرى ئىككىنچىسىگە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن رەنجىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— دوستۇم، ئەھۋالىم بەكمۇ ناچار، مەيدەم ھېچنەرسىنى سىڭدۈرەلمەيدۇ، ئىنتايىن ھالسىزلىنىپ كەتتىم، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىدۇ، بېشىم قايدۇ، كۆڭلۈم ئايندۇ، پۇتلىرىم تىترەيدۇ، كېچىلىرى كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ، قىزدىتمام ئۆرلەپ كېتىدۇ. مۇبادا دوستلىرىم سېنىڭدىن مېنىڭ ئەھۋالىمنى سوراپ قالسا، ئۇلارغا شۇ ئەھۋالىمنى دەپ قويارسەن، — دەپتۇ.

دوستى ئۇنىڭغا:

— توختا دوستۇم، مېنى كەچۈر، بۇنداق ئۇزۇن سۆزلەرنى ئېسىمدە ساقلاپ قالالمايمەن. سېنىڭ ھالىڭنى سورىغانلارغا قىسقىچە قىلىپ: «بىچارە دوستۇم ۋاپات بولدى» دەپلا قوياي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× ×

بىر ئادەمنىڭ تېخى بىر ھەپتە بۇرۇنلا توي قىلىپ ئالغان ئايالى تۇغۇپ

قويۇپتۇ. ئۇ كىشى دەرھال كىتاب دۇكىـ
نىغا كىرىپ ئېلىپپە، قەغەز ـ قەلەم، دەپـ
تەر سېتىۋاپتۇ. باشقىلار ئۇنىڭدىن:

— ئۆزۈڭ يا ئوقۇش ياكى يېزىشنى بىلمىسەڭ، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ كىشى:

— ئايالىم مەن بىلەن نىكاھلىنىپ بىر ھەپتە ئۆتۈش بىلەنلا تۇغدى. بۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا تۇغۇلۇشقا ئۈلگۈرگەن بالا، ئەلۋەتتە ئەتىلا مەكتەپكە بېرىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوقۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئالدىن تەييارلاپ قويۇپ دېدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× ×

بىر كۈنى بەھلۇل دىۋانە ھارۇن رەشىدنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىرىپتۇ. قارىسا، ھارۇن ئۇ يەردە يوق ئىكەن. بەھلۇل دىۋانە ئۇنىڭ تەختىگە ئىجازەتسىزلا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ياساۋۇللار بەھلۇلنى تونۇمىغاچقا، ئۇنىڭ تەختكە رۇخسەتسىز چىقىپ ئولتۇرغىنى ئۈچۈن ئۇنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ بېشىنى يېرىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە ھارۇن رەشىد كىرىپ قاپتۇ. بەھلۇلنىڭ بېشىدىن شۇرقىراپ قان ئېقىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى تەختتە كۈلگىنىچە ئولتۇرغانىكەن. ھارۇن ئەدەب بىلەن بەھلۇل دىۋانىغا تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭدىن:

— ھەي بەھلۇل، سىزگە نېمە بولدى، نېمىشقا كۈلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىنىڭ تەختىڭدە بىر سائەت ئولتۇرۇۋىدىم، ئۇرۇپ بېشىمنى يېرىشتى. سەن شۇنچە يىللاردىن بۇيان بۇ تەختتە ئولتۇرۇۋاتىسەن، سەن قانداق كۈنلەرنى كۆرگەنسەن؟ شۇنىڭغا كۈلۈۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەھلۇل دىۋانە.

× ×

قەدىمكى زاماندا ماي ۋە ھەسەل سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر باي ئۆزىنىڭ تەقۋادار قوشنىسىغا ئىخلاسمەن بولۇپ، ھەركۈنى ئۇنىڭغا ماي ۋە ھەسەل كىرگۈزۈپ تۇرىدىكەن. تەقۋادار بۇ بىكارغا كەلگەن نېمەتتىن ئازراقلا ئىبغىز تېگىپ، قالغىنىنى تەكچىدىكى كوزىغا سېلىپ قويىدىكەن. كۆپ ئۆتمەي كوزا تولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى تەقۋادار كوزىغا قاراپ خۇش بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ يىغىلغان ماي بىلەن ھەسەلنى قىممەت باھا سېتىپ، بەش قوي ئالىمەن. قويلىرىمنىڭ ھەربىرى ئالتە ئايدا ئىككىدىن تۇغسا، بىر يىلدا يىگىرمە بولىدۇ. كېيىن بولارمۇ تۇغۇپ بەرسە، يېقىن ئارىدىلا خېلى قويغا ئىگە بولۇپ قالىمەن. شۇ چاغدا قويلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ، قورا ـ جايىمنى ئوڭشىتىمەن، يېڭىدىن ئۆي بىسات ئالىمەن. بۇ ئىشلىرىم تۈگىگەندىن كېيىن ئابرويلۇق بىر ئادەمنىڭ قىزىنى ئالىمەن، توققۇز ئايدىن كېيىن ئايالىم بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىدۇ. ئۇنى ياخشى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىمەن. ئەگەر ئۇ ئويۇنغا قىزىقىپ بۇيرۇغان ئىشىمنى ۋاقتىدا ئورۇندىمىسا، قولۇمدىكى ھاسا بىلەن سالىمەن» دەپتۇ ـ دە، قولىدىكى ھاسا بىلەن ئوغلىنى ئۇردۇم دەپ تاكچىغا بىرنى قويۇپتۇ. ھاسا ھەممىدىن ئاۋۋال ھېلىقى كوزىغا تېگىپ، ئۇنى چۇل-چۇل قىلىۋېتىپتۇ. تەقۋادارنىڭ باش ـ كۆزى، كىيىم ـ كېچىكى ماي ۋە ھەسەلگە مىلىنىپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

× ×

بىر ئەخمەق پادىچى كىشىلەرنىڭ باققىلى بەرگەن قويلىرىنى بېقىش ئۈچۈن بىر دالىغا ھەيدەپ كېتىپتۇ. ئۇ قويلارنىڭ سېمىزىنى ئوت-چۆپى مول ئوتلاقتا، ئورۇقلىرىنى بولسا گىياھ ئۈنمەس قاقاسلىقتا ئايرىپ قويىدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭغا:

— ھەي، نېمە قىلىۋاتىسەن، ئورۇق قويلارنى ئوت-چۆپى مولراق جايغا ھەيدىمەمسەن؟ — دېيىشىپتۇ.

پادىچى ئۇلارغا:

— قىزىق ئادەملەر ئىكەنسىلەر. مەن خۇدانىڭ ئىشلىرىغا خىلاپلىق قىلالمايمەن. خۇدايىم ئۆزى ئورۇق قويلارنى ئورۇق، سېمىز قويلارنى سېمىز قىلىپ ياراتقان. ئەگەر مەن ئورۇق قويلارنى ئوتلاقتا بېقىپ سەمرىتسەم، خۇدانىڭ غەزىپى كېلىدۇ، مەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىدىن قورقىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× ×

قەدىمكى ئىران ھۆكۈمدارى نوشىرۋاننىڭ كېسەلچان بىر ئوغلى بار ئىكەن. تېۋىپلار ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ نېمىدىن قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بىلەلمەي، داۋالاپ ساقايتىشقا ئىلاجىسىز قاپتۇ.

ئاخىر نوشىرۋان يەمەن ۋىلايىتىدىن مول تەجرىبىلىك بىر تېۋىپنى چاقىرىپ كەپتۇ. تېۋىپ بالىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، كېسەل ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاپتۇ. ئۇنىڭغا ۋاقتى-ۋاقتىدا، ئاز-ئازدىن تاماق يېدۈرۈپتۇ. ۋاقىتسىز، قالايمىقان تاماق يېيىشتىن چەكلەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بالا كۈندىن-كۈنگە تۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن نوشىرۋان خۇشال بولۇپ:

— ھەممە تېۋىپلار ئوغلۇمنى كېسەلدىن ساقايتالمىغانىدى، سىزنىڭ دورىڭىز تەسىر كۆرسىتىپ ئوغلۇم ساقايدى. سىزگە رەھمەت. سىز ئوغلۇمغا قانداق دورا بەردىڭىز، ئۇ دورىنىڭ نامى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. تېۋىپ:

— مېنىڭ دورام قەرەلسىز ۋە ھەددىدىن ئارتۇق تاماق يېيىش سەۋەبىدىن كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارغا داۋادۇر. ئۇنىڭ نامى: «ۋاقتى-ۋاقتى بىلەن، ئاز-ئاز يە» دەپ ئاتىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

× ×

قارا قۇش① ئېتقا مىنىپ بەيگىگە قاتنىشىپتۇ. ئەمما ئېتى كەينىدە قېلىپ ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاچچىقى كېلىپ، ئات باقارنى چاقىرتىپتۇ ۋە:

— بۇ ھايۋانغا مۇشۇ قىلغىنى ئۈچۈن جازا بەرمەكچىمەن. بىر ھەپتىگىچە ئۇنىڭغا ئوت-چۆپ، سۇ بەرمە، جاجىسىنى يەپ، ئىككىنچى قېتىم بەيگىگە چۈشكەندە ئارقىدا قالمايدىغان بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئات باقار بۇ ھۆكۈمدىن ھەيران بولۇپ:

① سۇلتان سالاھىدىن يۈسۈپ ئىبنى ئايۇپ مىسىر، دەمەشىق، ھىجاز ۋە يەمەن تەرەپلەردە ھۆكۈم سۈرگەن «ئايۇبىيە» دۆلىتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە دەسلەپكى ھۆكۈمدارى. ھىجرىيە 589-يىلى (مىلادى 1193-يىلى) ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ باھاۋىددىن ئىسىملىك ۋەزىرى «قارا قۇش» تەخەللۇسى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، نەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاش قىزىق-قىزىق لەتىپىلەرنىڭ قەھرىمانىدۇر.

ــ بۇ جازا ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس-
قۇ، بىر ھەپتىگىچە سۇ، ئوت - چۆپ بەر-
مىسەك ئۇ ئات ئۆلۈپ قالمامدۇ؟ ــ دەپتۇ.
قاراقۇش بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ:
ــ ئۇنداق بولسا، سۇ بىلەن يەم-
خەشەكنى بېرىدۇەر، لېكىن ئۇنىڭغا مېنىڭ
شۇنداق قىلدۇرغانلىقىمنى ئېيتىپ قويما،
سىر ساقلا. مۇبادا ئېيتىم ئۇقۇپ قالسا،
مەندىن رەنجىپ قالىدۇ، ــ دەپ ئات باقار
غا تاپىلاپتۇ.

× ×

قاراقۇش ھەر يىلى بىر - ئىككى كۈن
كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلارغا خەيرى- ئېھ-
سان قىلىپ، سەدىقە بېرىدىكەن. ئۇ بىر يىل
شۇ ئادىتى بويىچە بېرىدىغان سەدىقىسىنى
بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئايال ئۇنىڭ
ئالدىغا يىغلاپ كەپتۇ:
ــ ئېرىم بۈگۈن ۋاپات بولۇپ كەت-
تى. ئۇنى يۇيۇپ تاراپ، كېپەنلەپ يەرلىككە
قويۇشقا پۇلۇم يوق. ماڭا بىر ئاز پۇل ۋە
كېپەنلىك رەخت سەدىقە قىلىڭ، ــ دەپتۇ.
قاراقۇش ئۇ ئايالغا:
ــ مەرھۇم ئېرىڭنى يەرلىكىدە قو-
يۇش ئۈچۈن ساڭا سەدىقە بېرىشىم كېرەك
ئىدى، ئەمما بۇ يىلغا ئاجراتقان سەدىقە
پۇل ۋە باشقا نەرسىلەر تارقىتىلىپ تۈگى-
دى. ئەمدى سەۋر قىل، كېلەر يىلى سە-
دىقە بېرىلىدىغان چاغدا كەلسەڭ، ئېرىڭ-
نى كۆمۈش ئۈچۈن سەدىقە بېرى-
مەن، ــ دەپتۇ.

× ×

قاراقۇشنىڭ ئوغلى بىر كېلىشكەن
ئاتنى مىڭ سومغا سېتىۋالماقچى بولۇپ،
دادىسىدىن مىڭ سوم سوراپتۇ. قاراقۇش:
«مىڭ سومغا بىر ئات بولسا تولىمۇ قىم-
مەت ئىكەن» دەپ ئوغلىنىڭ ئىلتىماسىنى
قوبۇل قىلماپتۇ.
بىر ئازدىن كېيىن ئوغلىنىڭ تەربى-
يىچىسى قارا قۇشنىڭ ئالدىغا كىرىپ:
ــ بىز ئۇ ئاتنى مىڭ سومغا ئە-
مەس، توققۇز يۈز توقسەن توققۇز سومغا
باھالاپ كېلىشتۇق، ــ دەپتۇ.
ــ ھە، ئۇنداق بولسا قىممەت ئە-
مەس ئىكەن، خەزىنىچىگە ئېيتىڭ، توققۇز
يۈز توقسەن توققۇز سوم بەرسۇن، ــ دەپ
بۇيرۇپتۇ قارا قۇش.

× ×

بىر ئادەم قارا قۇشنىڭ ئالدىغا كى-
رىپ:
ــ مەن ئايالىم بىلەن كېمىگە چۈ-
شۈپ مىسىرغا كېلىۋاتاتتىم. يولۇچىلاردىن
بىرى ھامىلدار ئايالىمنى ئۇرۇپ، توققۇز
ئايلىق بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى، دەپ شى-
كايەت قىپتۇ.
قارا قۇش ئەيىبكارنى چاقىرتىپ:
ــ سەن بۇ ئادەمنىڭ ھامىلدار ئايا-
لىنى ئۇرۇپ، توققۇز ئايلىق بالىسىنى بو-
يىدىن ئاجرىتىۋېتىپسەن. ئەمدى ھەققىنى
تۆلەيسەن. ھازىر بۇنىڭ ئايالىنى ئۆيىڭگە
ئېلىپ كېتىپ نىكاھلاپ ئال. ئايال سەن-
دىن بالا تۇغقاندىن كېيىن، دەرھال ئايال
بىلەن بالىنى ئۆز ئېرى بولغان بۇ كىشىگە
قايتۇر. شۇنىڭدا قۇتۇلىسەن، ــ دەپ ھۆ-
كۈم چىقىرىپتۇ.
ئايالنىڭ ئېرى بۇ ھۆكۈمنى ئاڭلاش
بىلەن ئۆز دەۋاسىدىن ۋاز كېچىپ، شۇئان
چىقىپ كېتىپتۇ.

× ×

بىر بېخىل ھەم پىخسىق باينىڭ
كەپسىز بىرلا ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن باشقا مىراسخور بولمىغىنى ئۈچۈن: «ئاتام بەكمۇ قېرىپ كەتتى، يېقىن ئارىدا ئۆلىدۇ، ماڭا ھازىرچە پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇڭ، ئاتام ئۆلگەندىن كېيىن تۆلەيمەن» دەپ كىشىلەردىن قەرز ئېلىۋېرىپتۇ. ئاتىسىنىڭ ئۆلۈشى كېچىكىپ كەتكىنى ئۈچۈن پۇل ئىگىلىرى باينىڭ ئوغلىدىن قەرزلىرىنى قىستاشقا باشلاپتۇ. بايۋەتچى ئىلاجىسىز قېلىپ، قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ ئۇلارغا:

— ئاتامنىڭ ئۆلۈشى ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئوخشايدۇ، مەن بىر ئامالنى ئويلىدىم، ئاتامنى خالىيراق بىر جايدا تۇتۇۋېلىپ، كىيىملىرىنى يېشىۋېلىپ تاۋۇتقا سالىمىز-دە، ئۈستىدىن تاختاي بىلەن تاۋۇتنى مەھكەم مىخلاپ، ئاندىن ھەممىمىز «ئاھ» تارتىپ يىغلاپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ بارىمىز. ئاتام تىرىكلا كۆمۈلۈشتىن قورقۇپ، ھەممىڭلارنىڭ پۇلىنى بىراقلا بېرىۋېتىدۇ، — دەپ مەسلىھەت ساپتۇ.

بايۋەتچىنىڭ مەسلىھەتى ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار شۇ مەسلىھەت بويىچە بايىقاپ يۆرۈپ، باينى بىر خالىي جايدا تۇتۇۋېلىپ تاۋۇتقا ساپتۇ-دە، ئۇنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار تاۋۇتنىڭ ئالدىدا بولۇشقا: «ۋاي ئاتام، مېھرىبان ئاتام، جايىڭىز جەننەتتە بولسۇن ئاتام» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاۋازى تاۋۇتتىكى باينىڭ داد-پەريادلىرىنى بېسىپ چۈشۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تاۋۇتنى قەبرىستانغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ.

قارا قۇش تاسادىپەن شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تاۋۇت ئىچىدىن ياردەم سوراۋاتقان بىر ئاجىز ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ دەرھال تاۋۇتنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە، ھەممىنى توختىتىپ، تاۋۇتنى ئېچىشنى بۇيرۇپتۇ.

تاۋۇتتا ياتقان باي يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن تىرىك، مۇشۇ ئوغلۇم مېنى ئۆلدى، دەپ تىرىك كۆمۈۋەتمەكچى بولدى. مېنى بۇ بالادىن قۇتقۇزۇڭ، — دەپ قار قۇشقا يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. قارا قۇش بايۋەكچىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— سەن قانداق ئوغۇلسەن؟ ئاتاڭنى تېخى تىرىكلا كۆممەكچى بوپسەن، ئىزا تارتمامسەن؟ — دەپ ئۇنىڭغا جازا بەرمەكچى بوپتۇ. بايۋەتچى ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇپ:

— ئاتام يالغان دەيدۇ، ئۆلمىگەن ئاتىنى بالىسى قانداقمۇ تىرىك كۆمۈشكە جۈرئەت قىلسۇن؟ ئاتام تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن ئۆلگەنىدى، مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمىسىڭىز، مانا بۇلاردىن سوراڭ، — دەپتۇ.

قەرز بەرگۈچىلەر:

— بۇ توغرا دەۋاتىدۇ. ئۇ تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن ئۆلگەن. بۈگۈن نامىزىنى چۈشۈرۈپ، دەپنە قىلغىلى ئېلىپ كېلىۋېدۇق، — دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىپتۇ.

قارا قۇش بايغا قاراپ:

— شۇنچە ئادەم سېنىڭ ئۆلگەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ. مەن ئەلۋەتتە كۆپچىلىكنىڭ سۆزىگە ئىشىنىمەن. سەن تولا ۋايساۋەرمە، چۈنكى سەن دېگەن ئۆلۈك، خۇدا رەھمەت قىلسۇن، جايىڭ جەننەتتە بولسۇن! دەپلا، باشقىلارغا باينىڭ ئېڭىكىنى چېتىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە:

— بۇ ئۆلۈك گۆردىن قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاۋۇتنى تېخىمۇ مەھكەم مىخلاپ، ئۇنى تاۋۇت بىلەنلا كۆمۈۋېتىڭ-

ڭلار، — دەپ بۇيرۇپتۇ. ئۇشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىگەن بېخىل باي ئوغلىغا يالۋۇرۇپ:

— جېنىم ئوغلۇم، مېنى قۇتقۇزۇۋال، سېنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بېرەي، بۇ بالادىن مېنى قۇتۇلدۇر، — دەپتۇ.

بايۋەتچى:

— تەقسىر سەكتە دېگەن بىر خىل كېسەل بار، بۇ كېسەللىكتە تومۇرلاردا قان ماڭماي، ئادەم ۋاقتىنچە ئۆلۈپ قالىدۇ، قان يۈرۈشكەندىن كېيىن ئادەم قايتىدىن تىرىلىدۇ. ئاتام شۇ كېسەللىك بىلەن ئۆلگەن بولسا كېرەك. بىز بۇ ئەھۋالنى ياخشى پەرق ئېتەلمەي، بۇ يەرگە كۆمگىلى ئېلىپ كەپتۇق. ئەمدى ئاتامنى ئېلىپ كېتەيلى. بىزنى رازى قىلماي يەنە ئۆلۈپ قالغۇدەك بولسا، جەزمەن كۆمۈۋېتىمىز، — دەپتۇ. قارا قۇش ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ:

— مەيلى، ئاتاڭنى ئېلىپ كەت. ئىككىنچى قېتىم يەنە ئۆلۈپ تىرىلسە، ئۇ چاغدا مەن سېنىڭ سەكتە-پەكتەڭنى بىلمەيمەن، كۆمدۈرۈۋېتىمەن. ھەدېسىلا ئۆلۈپ-تىرىلىپ باشقىلارنى ئاۋارە قىلىپ يۈرمىسۇن، — دەپتۇ.

باي ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، بۇ كۆتۈلمىگەن بالادىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بوپتۇ ۋە ئوغلىنىڭ ھەممە قەرزلىرىنى تۆلەپ بېرىپتۇ.

× ×

بىر كۈنى بىر توپ ئادەملەر قارا قۇشنىڭ ئالدىغا بىر ئادەمنىڭ جەسىتى، قولى كەينىگە قىلىپ باغلانغان بىر ئادەم ۋە بىر ئۆكۈزنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار:

— بۇ ئۆكۈز مانا بۇ ئادەمنى ئۇسۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى، جەسەت بىلەن ئۆكۈزنى ۋە بۇ ئۆكۈزنىڭ ئىگىسىنى ئالدىڭىزغا ئېلىپ كەلدۇق. بۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، قىساسىمىزنى ئېلىپ بېرىڭ، — دېيىشىپتۇ.

قارا قۇش ئۆكۈزنى سويۇشقا، ئىگىسىنى ئازاد قىلىشقا ھۆكۈم قىپتۇ. ھۆكۈم شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنىپتۇ.

دەۋاگەرلەر بۇ ھۆكۈمدىن نارازى بولۇشۇپتۇ. قارا قۇش ئۇلارغا:

— مەن ئادىل ھۆكۈم قىلدىم، نېمىشقا نارازى بولىسىلەر؟ ئۆزۈڭلار ئويلاپ بېقىڭلار، قاتىل كىم؟ ئۆكۈزمۇ ياكى ئىگىسىمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۆكۈزنى قاتىل دېيىش كېرەك، ئىگىسى گۇناھكار ئەمەس. شۇڭلاشقا قاتىل ئۆكۈزگە ئۆلۈم جازاسى بەردىم. ئىگىسى گۇناھسىز بولغاچقا ئازاد قىلدىم. ھەممىڭلار قايتىڭلار، نەگە بېرىپ شىكايەت قىلساڭلار قىلىۋېرىڭلار، — دەپتۇ ۋە ئۆكۈز ئىگىسىگە:

— ماڭ، يەنە باشقا ئۆكۈزلىرىڭ بولسا، ئۇلارغىمۇ بۇ ھۆكۈمنى ئۇقتۇرۇپ قوي. ئەگەر سۆزۈڭگە كىرمەستىن، ئۇلارمۇ قاتىللىق قىلسا، ئۇلارنى قەتلى قىلىپ، جەسىتىنى ساڭا بەرمەستىن كۆيدۈرۈۋېتىمەن، — دەپ ھېلىقى سويۇلغان ئۆكۈزنى ئىگىسىگە بېرىپ دەۋانى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

× ×

بىر سودىگەر بىر كىشىگە پۇل قەرز بەرگەنىكەن. قەرزدار قەرزنى ۋاقتىدا تۆلىمەي، ئۇزاققا سوزغانلىقتىن، سودىگەر بۇ ھەقتە قارا قۇشقا ئەرز قىپتۇ. قارا قۇش قەرزدارنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— نېمىشقا قەرزىڭنى تۆلىمەيسەن؟ دەرھال قەرزىڭنى تۆلە، بولمىسا سېنى جازالايمەن، — دەپتۇ.

قەرزدار ئادەم ئۇنىڭغا:

— ھەممىشە قولۇمغا پۇل چۈشۈشى بىلەنلا، شۇ قەرزىمنى تۆلىۋېتەي، دەپ سودىگەرنىڭ ئۆيىگە بارىمەن. لېكىن ئۇنى ئۆيىدىن تاپالمايمەن، دۇكىنىغا بارسام ئۇ يەردىمۇ تاپالمايمەن. ئىلاجىسىز ئۇنىڭغا تەييارلىغان پۇلۇمنى ئاخىر ئۆزۈمنىڭ كەم-كۇتە ئىشلىرىمغا سەرپلەپ قويىمەن، — دەپ ئەيىبنى سودىگەرگە ئارتىپ قويۇپتۇ.

قارا قۇش قەرزدارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خىزمەتكارلىرىغا:

— دېمەك، ئەيىب سودىگەرنىڭ ئۆزىدە ئىكەن. ھازىر ئۇنى قاماقتا ئېلىڭلار، زىنداندا ياتسۇن. بۇ قەرزدار قولىغا قانچە پۇل چۈشسە، شۇنچە پۇلنى بۇنىڭغا بېرىدۇ، قەرزنى تولۇق تۆلەپ بولغاندىن كېيىنلا، ئاندىن سودىگەرنى قويۇپ بېرىڭلار. پەقەت مۇشۇ چارىلا قەرزدارنى بۇنى ئۆيى ۋە دۇكىنىدىنمۇ تاپالماي ئاۋارە بولۇپ يۈرۈشىدىن قۇتقۇلدۇرالايدۇ، — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

× ×

بىر ئادەم قارا قۇشنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— چۈشۈمدە قوشنام ئاببباس مېنى يۈز قامچا ئۇردى، شۇڭا مەنمۇ ئۇنى يۈز قامچا ئۇرۇشۇم كېرەك. ئۆزلىرى مېنىڭ بۇ قىساسىمنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ بېرىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دەپ ئەرز قىپتۇ. قارا قۇش ئاببباس دېگەن كىشىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنى ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ ۋە دەۋاگەرگە:

— مانا بۇ قامچىنى ئېلىپ، سەنمۇ ئۇنىڭ سايىسىگە يۈز قامچا ئۇر، شۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭدىن قىساسىڭنى ئالغان بولىسەن، — دەپتۇ.

× ×

ئەمەلدارلاردىن بىرى ۋەزىر قارا قۇشقا مۇنداق بىر مەلۇمات يېزىپ ئەۋەتىپتۇ:

«بەھرى ئەھمەر، يەنى قىزىل دېڭىزدا، سەفىناتايىن، يەنى ئىككى كېمە چۆكۈپ كەتتى، يەنى سۇغا چۆكۈپ كەتتى. دارۇندا، يەنى ئىچىدىكىلەر غەرق بولدى، يەنى چۆكۈپ كەتتى. بۇ مەشئۇم خەۋەر، يەنى شۇم خەۋەر سەمىڭىزگە، يەنى قۇلىقىڭىزغا ۋارىد بولدىمۇ، يەنى يەتتىمۇ؟ تەدابىرى، يەنى تەدبىرلىرى ھەققىدە پىكرىڭىزنى ئىستىپسار ئېتىمەن، يەنى سورايمەن».

قاراقۇش بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب يېزىپتۇ:

«ئۇقتۇم، سەنمۇ، كاتىپىڭمۇ سەۋر، يەنى ئۆكۈز ئىكەنسىلەر، ئىككىڭلارنىمۇ، ۋەزائىپ، يەنى ۋەزىپەڭلاردىن ئەزل ئەتتىم، يەنى بوشاتتىم».

× ×

ئىككى نادان ئادەم سەھراغا كېتىۋېتىپ، يولدا بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە دەم ئېلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. شۇ چاغدا بىر بۇلبۇل دەرەخ شېخىغا قونۇپ سايراشقا باشلاپتۇ. بىر نادان ئىككىنچىسىگە: «بۇ بۇلبۇل مەن ئۈچۈن سايرىدى» دېسە، ئىككىنچىسى: «ياق، مەن ئۈچۈن سايرىدى» دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار دە-تالاش قىلىپ، ئاخىر جېدەللىشىپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالماي، ئاخىر قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشقا كېلىشىپتۇ. ئەتىسى ئۇلاردىن بىرى ئىككىنچىسىگە تۈيدۇرماي،

www.uyghurkitap.com

قازىغا بىر قوي سوۋغا قىلىپ، مەسىلىنى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا ھەل قىلىپ قويۇشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. يەنە بىر نادانمۇ خۇددى شۇنداق قىپتۇ. ئەتىسى بۇ ئىككى نادان قازىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ھۆكۈمنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ. ئارىدىن ئىككى قوي پايدا ئالغان قازى ھەر ئىككى نادانىنىڭ دەۋاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا:

— بىكاردىن-بىكار دەۋا قىلىپ يۈرمەڭلار، ئۇ بۇلبۇل سىلەرنىڭ ھېچقايىسىڭلار ئۈچۈن سايرىمىغان، پەقەت مەن ئۈچۈنلا سايرىغان، — دەپتۇ.

× ×

باغداتنىڭ ئابرويلۇق كىشىلىرىدىن بىر ئادەم ئەبۇنۇۋاسقا① مۇنداق دەپتۇ:

— كۆرۈشكىلى كېلىدىغانلارنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى كۆپلۈكىدىن بەكمۇ بىزار بولدۇم، ئۆيۈم كېچە-كۈندۈز زىيارەتچىلەر بىلەن تولۇپ تۇرىدۇ. بىرەر كۈن يالغۇز ئارام ئالغىنىمنى بىلمەيمەن. بۇنىڭغا ھېچ ئامال قىلالمىدىم. ئۆزلىرى تولىمۇ پەملىك ئادەم، بۇنىڭغا بىر ئامال كۆرسىتىشلىرىنى سورايمەن.

ئەبۇنۇۋاس ئۇنىڭغا:

— بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىككى چارە بار. بىرى: كەلگەنلەرگە قوپال مۇئامىلە قىل. يەنە بىرى: ئۇلارغا چىراي ئاچما. بۇ مۇئامىلەڭنى كۆرگەن زىيارەتچىلەر قېشىڭغا ئىككىنچى كەلمەيدۇ، ئاندىن دەخلىسىز ياشاۋېرىسەن، — دەپتۇ.

— بۇ تەدبىرلىرى ماڭا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. مەن ئالدىمغا كەلگەنلەرگە قوپال مۇئامىلە قىلالمايمەن، چىراي ئاچماي تۇرالمايمەن. باشقىچە بىر چارە بولسا كۆرسىتىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— ئەگەر بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىساڭ، بۇ چارىنى قىل: زىيارەتكە كەلگەنلەرنىڭ بايلىرىدىن پۇل قەرز سورا، كەمبەغەللىرىگە پۇل قەرز بەر. شۇنداق قىلساڭ بايلار: «يەنە پۇل سورىمىسۇن» دەپ، كەمبەغەللەر: «قەرز بەرگەن پۇلنى سوراپ قالمىسۇن» دەپ، ساڭا ئىلاج بار كۆرۈنمەسلىككە تىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زىيارەتچىلەردىن قۇتۇلىسەن، — دەپتۇ ئەبۇنۇۋاس.

ھېلىقى ئابرويلۇق كىشى ئەبۇنۇۋاسنىڭ بۇ تەدبىرىگە ئەمەل قىلىپ، كۆپ ئۆتمەيلا زىيارەتچىلەردىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم بوپتۇ.

× ×

ئەبۇنۇۋاس كۆرۈمسىز، پاكىنەك ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ، يەتتە-سەككىز ياشلاردىكى بىر بالىغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئۇ بالىنىڭ پېشانىسىدىن ئىنتايىن زېرەك بىر بالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم، بېرى كەل، قولۇمنى سۆي، ساڭا دۇئا قىلىمەن، — دەپتۇ.

— دۇئايىڭىز كېرەك ئەمەس.

---

① ئەبۇئەلى ھەسەن بىننى ھانىي ھەكەمى (ئەبۇ نۇۋاس) XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئەرەب شائىرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىلىم، ئەدەب، پەزىلەت ۋە ھۈنەردە ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك كىشىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ زېرەكلىكى، ھازىر جاۋابلىقى ھەققانىيەتپەرۋەرلىكى ۋە شېئىرلىرىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن نامى چىققان. شۇڭلاشقا ئابباسى خەلىپىلىرىدىن ھارۇن رەشىد ئەبۇنۇۋاسنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ ئۇنى ئۆز يېنىدىن ئايرىمىغان. بۇ ھەقتە نۇرغۇن لەتىپىلەر توقۇلغان.

— نېمىشقا؟
— چۈنكى دۇئايىڭىزنى خۇدا قوبۇل قىلمايدۇ.
خۇدانىڭ قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلسەن؟
— ئەگەر خۇدا قوبۇل قىلىدىغان بولسا، ئاۋۋال ئۆزىڭىز ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، سەت چىرايىڭىزدىن قۇتۇلغان بولاتتىڭىز.

× ×

باغداتتا تەناسىخ مەزھىپى (ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى بەزىلىرى ئىنسان، بەزىلىرى ھايۋان قىياپىتىگە كىرىپ، قايتىدىن بۇ دۇنياغا كېلىدۇ، دەيدىغان، بۇ مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ، دېگەنگە ئېتىقاد قىلغۇچىلار) تەرەپدارلىرى خېلىلا كۆپەيگەنىكەن.
ئەبۇ نۇۋاسنىڭ بىر تونۇشىمۇ شۇ مەزھەپتە ئىكەن. شائىر كۆپىنچە ئۇنىڭ بىلەن چېقىشىدىكەن ۋە ئۇنى تەناسىخ ئېتىقادىدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىكەن.
بىر كۈنى ئۇ ئادەم ئەبۇنۇۋاستىن پۇل قەرز سوراپتۇ. شائىر ئۇنىڭغا:
— بولىدۇ، لېكىن قاچان قايتۇرىسەن؟ — دەپتۇ. ئۇ كىشى:
— پۇلۇڭنى مەن ئۆلۈپ، دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم تىرىلىپ كەلگىنىمدىن كېيىن بېرىمەن، — دەپتۇ.
— مېنى كەچۈر، بۇنداق ۋەدىگە پۇل قەرز بېرەلمەيمەن. چۈنكى ئىككىنچى قېتىم تىرىلىپ كېلىشىڭدە ئىنسان قىياپىتىدە ئەمەس، بەلكى مايمۇن ياكى ئىت، يا چوشقا سۈرىتىدە كېلەرسەن، ئۇ چاغدا پۇلنى سەندىن قانداق ئۇندۇرۇۋالارمەن؟ — دەپتۇ ئەبۇنۇۋاس.

× ×

بىر كۈنى ئەبۇنۇۋاس باغدات كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كېتىۋاتسا، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئادەم كېلىپ سالام بېرىپتۇ ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، مۇنداق دەپتۇ:
— سىز خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ شائىرى ۋە سۆھبەتدىشى. ئىلمۇ پەزىلىتىڭىز، ئادالىتىڭىز، ناھەقچىلىك ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشىڭىز بىلەن ئالەمگە مەشھۇردۇرسىز. مەن ناھەقچىلىك ۋە زۇلۇم ئاستىدا قالدىم. سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە مۇھتاجمەن.
ئەبۇنۇۋاس بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:
— قانداق ناھەقچىلىككە يولۇقتۇڭ؟ ساڭا كىم زۇلۇم سالدى؟ ئېيتقىن، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاي، — دەپتۇ.
ئۇ ئادەم ئەرزىنى بايان قىپتۇ:
— مەن ئوتتۇراھال بىر كىشى ئىدىم، تۇرمۇشۇم يامان ئەمەس ئىدى. بىر كۈنى پاراكەندىچىلىك، يوقسىزلىق ۋە موھتاجلىقتا كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئابدۇقادىر سەرراج (ئات-ھارۋا جابدۇقلىرىنى ياسىغۇچى — ت) ماڭا:
— سودىگەرلىك قىلماقچىدىم، يۈز تىللا قەرز بېرىپ تۇرۇڭ، پۇلىڭىزنى كېچىكتۈرمەي ئەكېلىپ بېرىمەن، — دەپ ياردەم سورىدى. مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئىچىنىپ، شۇ ھامان يۈز تىللا بەردىم. لېكىن ئۇنىڭدىن تىلخەت ئالمىدىم، شۇنداقلا گۇۋاھچىمۇ يوق ئىدى.
ئابدۇقادىر سەرراج مېنىڭ بەرگەن پۇلۇم بىلەن سودىگەرچىلىك قىلىپ، بې-

يىپ كەتتى. مېنىڭ ئىشىم كۈندىن ـ كۈنگە كەينىگە تارتىپ، كەمبەغەللىك، يوقسۇزچىلىققا دۇچ كەلدىم. ئابدۇقادىر قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىدى. ئاخىر ئىلاجسىز ئۇنىڭ ئالدىغا قەرزىمنى سوراپ باردىم. ئەمما ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمىدى ۋە ئالغان قەرزىدىن تېنىۋالدى. ھەتتا خىزمەتكارلىرىغا مېنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى بۇيرۇدى. مانا مۇشۇ ۋەجىدىن سىزگە ئەرز قىلىپ كەلدىم. ئۇ نومۇسسىزدىن ھەققىمنى ئېلىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

ئەبۇنۇۋاس شۇ كۈنى ھارۇن رەشىدنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— مېنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىمنى ھەممىشە ماختىسىڭىزمۇ بىرەر قېتىم مۇكاپاتلىمىدىڭىز، — دەپتۇ.

ھارۇن رەشىد: «ئەبۇنۇۋاس ئىنئام بېرىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلاپ:

— ئەبۇنۇۋاس، مەن سېنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىمەن، خىزمەتلىرىڭنى قەدىرلەيمەن، نېمىنى خالىساڭ ئېيت، شۇ بويىچە ئورۇنداپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ھىممىتىڭىزگە رەھمەت، ئۇنداق بولسا، مېنى باغدات شەھىرىدىكى ھەممە ھايۋانلارغا پادىشاھ قىلىپ تەيىنلەڭ، پەرمان يېزىپ، ئۇنىڭغا شاھلىق مۆھۈرىڭىزنى بېسىپ بېرىڭ، — دەپتۇ. ھارۇن رەشىد ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەيران بولۇپ:

— بۇنىڭ ساڭا نېمە لازىمى بار؟ مال ـ مۈلۈك سوراپ بېرەي، — دەپتۇ.

— مال ـ مۈلۈككە ھاجىتىم يوق، پەقەت سىزدىن ئاشۇ ئىلتىماسىنىلا قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.

— بىراق ھايۋاناتلارغا مېنىڭ ھۆكمىم ئۆتمەيدىغۇ، شۇڭا مېنىڭ سېنى ئۇلارغا پادىشاھ قىلىپ بەلگىلىشىمدىن نېمە پايدا؟

— ماڭا پادىشاھلىق پەرمانىنىلا يېزىپ بېرىڭ، قالغىنىنى ئۆزۈمگە قويۇپ بېرىڭ.

ھارۇن رەشىد ئاخىر ماقۇل بولۇپ، ئەبۇنۇۋاسنىڭ دېگەن پەرمانىنى يېزىپ قولىغا بېرىپتۇ. ئەبۇنۇۋاس پەرمانىنى يانچۇقىغا سېلىپتۇ ـ دە، بىر نەچچە خىزمەتكارنى ئېلىپ ئابدۇقادىر سەرراجنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. خىزمەتكارلارغا باينىڭ ئۆيىنى بۇزۇشنى بۇيرۇپتۇ. باي قورۇسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئەبۇنۇۋاس پەرمانىنى كۆرسىتىپ:

— مەن ھايۋانلار پادىشاھىمەن. پۇقرالىرىمدىن بىر چاشقان بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلماي قېچىپ، سېنىڭ بۇ جايىڭدىكى بىر تۆشۈككە كىرىپ كەتتى. ئەنە شۇ ئىتائەتسىز پۇقرايىمنى تۇتۇپ جازالىماقچىمەن. بۇ باشقا پۇقرالىرىمغا ئىبرەت بولسۇن، — دەپتۇ.

باي ئۆز جايىنىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئەبۇنۇۋاس ئۇنىڭغا:

— سەن بۇندىن بىر نەچچە يىل ئاۋۋال بىر كىشىدىن قەرز ئالغان يۈز تىللانى دەرھال قايتۇر، بولمىسا ئۆيۈڭنى ۋەيران قىلىمەن، — دەپتۇ. باي قورققىنىدىن يۈز تىللانى ئەبۇنۇۋاسقا دەرھاللا ئەكېلىپ بېرىپتۇ.

ھېلىقى پۇل قەرز بەرگەن كىشى ئىككى كۈندىن كېيىن ئەبۇنۇۋاستىن يۈز تىللا پۇلنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. ئەبۇنۇۋاس بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ھارۇن رەشىدكە ئېيتىپ بەرگەنىكەن، ھارۇن رەشىد ئەبۇنۇۋاسنىڭ بۇ تەدبىرىدىن ئىنتايىن خۇش بوپتۇ ۋە رەھمەت ئېيتىپتۇ.

(«ئاز ـ ئاز ئۆگىنىپ دانا بولۇر» ناملىق كىتابتىن)

ئۆزبېكچىدىن: ھاكىم مۇسا تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com




## مايىمخان قوشاقلىرى

مايىمخان ــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان پەرزەنتلىرىنىڭ بىرسى. ئۇ چىڭ خاندانلىقىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىغا قارشى قەھرىمانانە كۈرەش قىلىپ، مەردلەرچە قۇربان بولغان.

مايىمخان 1812 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ دادامتۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا زېرەك، ئەدەپلىك قىز بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ توغرا تەربىيىسى ئارقىسىدا ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ. ئاتىسى توختىباقىدىن ناخشا، قوشاق ئۆگىنىدۇ. ئۆزىمۇ قوشاق توقۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدۇ. كېيىنچە دۇتتار چېلىشنىمۇ پىششىق بىلىۋالىدۇ. مايىمخانىنىڭ ئەنە شۇنداق ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى، زېرەكلىكى، ئەخلاقىي پەزىلىتى، ئەمگەكچانلىقى ۋە گۈزەللىكى يۇرت ئىچىدىكىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا ۋە ئورتاق ھۆرمىتىگە ئىگە بولىدۇ.

مايىمخان بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، شۇ يېزىدىكى ئۆز تەڭتۇشى ھېيىتباقىنى ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماقچى بولىدۇ. بۇنى مايىمخانىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىدۇ. مايىمخانىنىڭ ھېيىتباقى بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر يۇرت ئىچىگە تارقالغاندىن كېيىن ھەممەيلەن خۇرسەن بولىدۇ. لېكىن يېزا بېگى ھامۇت توينى بۇزۇپ، مايىمخانىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىشنى قەستلەيدۇ. مايىمخان ھامۇت دېگەن قېرى ئەبلەخنىڭ ئۆزىنى دەپسەندە قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. مايىمخانىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ ھامۇتنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، مايىمخانىنى ئۆزىنىڭ خىلى ھېيىتباقىغا بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. ئاخىرى مايىمخان بىلەن ھېيىتباقى ھامۇت بەگنىڭ پۈتلىكاشاڭلىقىغا قارىماي توي قىلىدۇ.

مايىمخانىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزەلمىگەن ھامۇت، غالچىسى سادىقنى تەرەپ ـ تەرەپكە چاپتۇرۇپ، مايىمخانىنىڭ ئۈستىدىن تۈرلۈك بەدناملارنى توقۇيدۇ. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىغا چېقىپ، ئۇنى زىندانغا تاشلاتقۇزىدۇ. مايىمخان زىنداندا ئۇزۇن ياتىدۇ. ئۇ قولىغا كويزا، پۇتىغا كىشەن چۈشسىمۇ قىلچە تەۋرەنمەي ھامۇت ۋە مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىغا قارشى

باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلدۇ. ئەمەلدارلار مايىمخانىنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى قوغداش يولىدىكى قانۇنىي كۆرىشىنى «ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشقانلىق» دەپ قارىلاپ مايىمخاننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدۇ. 1840 - يىلى ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەن مايىمخان غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بويىنى كېسىك دېگەن جايدا قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ناھەق ھۆكۈم مايىمخاننىڭ جىسمىنى ئەلدىن ئايرىپ، جۇدالىق ئوتىدا ياندۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جەسۇرانە روھىنى ئەمگەكچى خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. خەلق مايىمخاننى دائىم ياد ئېتىدۇ. ئۇ ھەققىدە شېئىر، قوشاقلارنى توقۇيدۇ. مايىمخاننىڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدىكى قوشاقلىرىنى خاتىرىگە ۋە يادقا ئېلىپ قەدىرلەپ ساقلايدۇ.

بىز خەلق ئىچىدىن مايىمخاننىڭ قوشاقلىرىنى ھەم مايىمخان ھەققىدىكى قوشاقلارنى دەسلەپكى قەدەمدە توپلاپ، رەتلەپ چىقتۇق. بۇ قوشاقلار تېخى تولۇق ئەمەس. فولكلورشۇناسلارنىڭ، ئەلنىڭ قىزى مايىمخاننىڭ قوشاقلىرىنى ۋە مايىمخان توغرىسىدىكى قوشاقلارنى توپلاپ تولۇقلىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز.

× ×

كۆكتۆل بەرمىسەم سىزگە،
ئوق تەگمەس ئىدى جانغا.
ۋەدىگە ۋاپا ئىزدەپ،
يۈرەك پاتىدۇ قانغا.

كۆرۈنگەن قارا تاغدا،
ئات قارنىدا ياغدى قار.
ئۇنتۇلمايدۇ زادىلا،
كىچىكلىكتە تۇتقان يار.

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقتى،
ئۆگزىلەردە قار بارمۇ؟
جاھاننى كېزىپ چىقتىم،
سىزگە ئوخشاش يار بارمۇ؟

گۈل غۇنچىسى گۈللۈكتە،
كۈنگە بېقىپ قايرىلار.
يۈرىكىمدە چىن سۆيگۈ،
قانداق تىرىك ئايرىلار.

موزايىنى بېقىپ قويساق،
ئۈچ يىلدا كالا بولدى.
ھامۇت بەگ بىلەن سادىق،
باشلارغا بالا بولدى.

× ×

يىغلىدىم قاڭغىر قاقشاپ①،
خۇدا ئاھىمغا يەتسىچۇ.
ئۆلۈمنى قولىدا تۇتماي،
زالىملارغا بەرسىچۇ.

بىۋاپا ئىكەن ئالەم،
كۆپ جاپا ئىكەن ئالەم،
ئايرىلماس دېگەن ئىدىم،
ئايرىغان ئىكەن ئالەم.

① مۇشۇ قوشاقلار ئەينى زاماندا مايىمخان تەرىپىدىن ناخشا قىلىپ ئېيتىلغانىكەن.

www.uyghurkitap.com

× ×

قازاسى يەتمىسە ئۆلمەس،
دەريا سۈيى كەچكەندە.
بوينى قايرىلار ئۆلمەس،
زۇلمەت باشقا چۈشكەندە.

سىڭلىم بەرگەن ئۈچ ئالما،
بىر - بىرسىدىن بۆلەككەن.
مېنى مۇنداق ئايرىغان،
مۇشۇ قارا پەلەككەن.

× ×

كۆكتە ئۇيىنىغان قۇشنى،
تۇرامدۇ قويىسىلا باغلاپ.
زۇلۇمنىڭ دەستىدىن كەتتى، ①
بىلگەنلەر ئۆزىنى چاغلاپ.

كېتەيلمۇق ئاغا - ئىنىلەر،
ئامانلىقتا بەل باغلاپ.
ئاۋۋال ئاڭلىغان بولسام،
كېتەر ئىدىم تاغ ئاتلاپ. ②

ئالغاچ كەتسە بولمامدۇ،
ماڭغان يوللىرى تارمۇ؟
ئىلىنى ئاختۇرۇپ كەلسەم،
مېنىڭدەك دەردۇغەم بارمۇ؟

× ×

ھاۋادىكى بوز لاچىن،
كۆرسە تورغا چۈشەمدۇ؟
ئادەم بالىسى بېشىغا،
ئىغىر كۈنلەر چۈشەمدۇ؟

قانداق قىلاي مەن ئەمدى،
غەمگە قالغان بېشىمنى.
ئايرىلدۇق ئۇزاق بولدى،
سېغىندىم ئاداشىمنى.

كۈن ئولتۇرۇپ ئەتراپىم،
يورۇقتى قارا بولدى.
يار دەردىدە جىگەر خۇن،
يۈرىكىم يارا بولدى.

جۇدالىق دەردىنى تارتىپ،
ساق تېنىم كېسەل بولدى.
پارە - پارە، ئىچ باغرىم،
گۇل ھۆسنۈم سامان بولدى.

تىكىلىخاندىن ③ قارىسام،
يۇرتۇمنى كۆرەرمەنمۇ؟
ئۇچۇپ ئۇيىنىغان قۇشتەك،
شاد - خۇرام يۈرەرمەنمۇ؟

يۈگرۈك ئات تولا يۈگۈرۈپ،
چۆمىدۇ قارا تەرگە.
تېتىيمەن ھامۇت بەگكە،
كىرمىسەم قارا يەرگە.

ئاتام نەدە، ئانام نەدە؟
مەن قالدىم بۇ يەرلەردە.
يالغۇزلۇق ئەسەر قىلدى،
قاپقاراڭغۇ تۈنلەردە.

ئۇخلىمىدىم زادىلا،
ئۇچىيۈز ئاتمىش كۈنلەردە.
ئاتا - ئانام ئەسكە ئېلىپ،
يىغلىغاندۇ تۈنلەردە.

① بۇ يەردە زۇلۇم دەستىدە دادامتۇدىن سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەنلەرنى دېمەكچى.
② ھامۇتنىڭ نىيىتىنى بىلگەن بولسام، تاغ ئاتلاپ جەنۇبقا كېتەتتىم، دېمەكچى.
③ تىكىلىخان ــ دادامتۇنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان بىنەملىكتىكى ئېگىز جاي.

قاراپ باقسن يوللاردا،
چېچەكلىگەن تاش قالدى.
ئالۋاڭدىكى خەقلەرنىڭ،
باللىرى ئاچ قالدى.

ئالۋاڭ بىلەن ھاشادىن،
ئەلنىڭ بەرى قاقشايدۇ.
دەردۇ ھالىن ئېيتقانلارنى،
سۇغا تىرىك تاشلايدۇ.

بۇلۇت ئەگسە تاغنى،
جۇدۇن بولىدۇ پات ـ پات.
ئالۋاڭ ـ سېلىقى ئاشتى،
پۇقرا ئىچىدە قات ـ قات.

مېنىڭ ئېتىم مايىمخان،
سىڭلىم ئېتى مىنىخان،
تۇتارنى ئويلىغان بولسام،
قاچار ئىدىم شۇ زامان.

تىكىلىخان تۆپەسىدە،
ئۇچۇپ يۈرىدۇ قۇشلار.
بەگ بۇزۇلدى تۈزەلمەس،
ئويلاپ يۈرىلى دوستلار! ...

× ×

يامۇل تېمى ئېگىز تاغ،
ئەتراپى يالاڭ چىتلاق.
ئەل يۇرتۇمنى كۆرەي دېسەم،
پۇتۇمدا مېنىڭ تىزلاق. ①

زەي زىنداننىڭ ئەتراپى،
قۇرۇق قاقشال، دەرەخسىز.
سېنى مەن كۆرەي دېسەم،
كېلەرىڭدىن دېرەكسىز.

گۇندا تېمى سىلىق تام،
سامان لايدا سۇۋاقلىق.
نە ھالدا قېرىنداشلار،
مەن يامۇلدا سولاقلىق.

مۇنداقمۇ بولارمەنمۇ،
بالاغا قالارمەنمۇ.
بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇپ،
سىلەرنى كۆرەرمەنمۇ.

دەرياغا كېلىپ باقسام،
ئوتتۇرىسى چوڭقۇر قاينام.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ،
سىڭلىم ھەم ئاتا ـ ئانام.

قاپىقىم تارتار ھەر كۈن،
ياخشىلىقمۇ، يامانمۇ؟
ھېيتباقى مېھرىبانىم،
دادامتۇدا ئامانمۇ؟

خۇدايىم ھۆسن بەردى،
ئىچ باغرىنى كەڭ قىلىپ.
ھامۇت بەگ سولاتقۇزدى،
كەڭ جاھاننى تار قىلىپ.

سىڭلىم ئېتى مىنىخان،
ئىگىچە ئېتى مايىمخان.
يۇرت ئىچىگە ئىززەتلىك،
نامى چىققان مايىمخان.

خان غوجامنىڭ بوز ئېتى،
دەريالاردا ئۈزەمدۇ؟
مايىمخاننى ئۆلتۈرسە،
خۇنى ئۇنى قويامدۇ؟

---

① تىزلاق ـ پۇتنى تىزدىن پۈكۈپ، يامپاشقا چاپلاپ، ئۇستىدىن سالىدىغان جازا قورالى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

× ×

زالىم قامچىسى دەيدۇ،
ئوق ئىلانغا ئوخشايدۇ.
جاللاتلار كېلىپ قاپتۇ،
ئۆلۈم كەلگەن ئوخشايدۇ.

ئۆلۈمدىن ۋەھىمەم يوق،
قورقۇنچۇم — ئىمانىمدىن.
مېنى قەستلىگەن ئەبلەخ،
چۆچىدى زوۋانىمدىن.

مەن زىندانغا كىرگەندە،
كىشى يوقتۇر قېشىمدا.
ئۆلۈم كەلدى بېشىمغا،
يىگىرمە سەككىز يېشىمدا.

مەن غۇلجىغا كىرگەندە،
قارا بوران قۇتردى.
بېشىمغا ئۆلۈم كەلدى،
ئاتا - ئانام بولسىدى.

ئاچا قارىياغاچ ① يېنىدا،
ئىگىچە- سىڭىل تېپىشتۇق.
قايچا قىيغان تاۋاردەك،
بىز ئەلۇدا دېيىشتۇق.

كەلدى يېتىپ تۆت مانجۇ،
قىلىچىنى ئوينىتىپ.
ھېكىمبەگ ② سوراپ قويسا،
ئۆلتۈرمەيتتى، پالايتتى.

ئاتمىش يامبۇنى ئېلىپ،
دارىن ئامبال تويامدۇ؟
مايىمخاننى ئۆلتۈرسە،
خۇنى ئۇنى قويامدۇ؟

قېرىنداشلار خوش ئەمدى،
مەن كەتتىم نادامەتتە.
جان تەندە ئىمان بولسا،
كۆرۈشەرمىز قىيامەتتە!

## ھېيتباقى قوشاقلىرى

× ×

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
باغنىڭ چۆرىسى قورغان.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن،
ئۆز ياردىن ئايرىلغان.

بېغىڭمۇ باراڭ ئىكەن،
ھويلاڭمۇ سارايى ئىكەن.
مەن سېنى كۆرەي دېسەم،
دۈشمەنلەر مارايدىكەن.

ئىشىكىڭگە مەن بارسام،
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ.
دۈشمەنلەر مېنى كۆرۈپ،
ئارقامدىن غىپىلدايدۇ.

كوچاڭدىن تولا ئۆتتۈم،
سۆگەت شاخىنى تۇتۇپ.
سەن چىقمايسەن ئۆيىڭدىن،
مەن تالادا قان يۇتۇپ.

ھويلاڭلار ئەجەب ياخشى،
كىرىپ كۆرگىلى بولماس.

① مايىمخاننى چاپقان جازا مەيدانىدىكى بىر تۈپ قارىياغاچ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② ھېكىمبەگ — خالزات ھېكىم.

سەن قەپەزدە پايلاقتا،
بىرگەپ قىلغىلى بولماس.

چاقىرىپ قولۇم ئالغىن،
بۇ خېتىمنى كۆرگەندە.
ئېگىلىپ قىلاي تازىم،
سەن بىلەن كۆرۈشكەندە.

× ×

ئاتنى ساتمىسام بولماس،
دەردنى تارتمىسام بولماس
يولۇم بولمىسا مەيلى،
يارنى كۆرمىسەم بولماس.

دەردى يوق دەمسىز بېگىم،
دەردىم ئىچىمدە بىر تولۇم.
پولى يوق دەمسىز بېگىم،
پول تاپقىچە سالماڭ زولۇم.

ئەل بەرگەننى مەن بەردىم،
تەلەپ قىلمىدىم بەگدىن.
مەن ئۆچۈمنى ئالمىسام،
چىقمايدۇ مېنىڭ دەردىم.

هامۇت بەگ تۆهمەت بىلەن،
مايىمدىن ئادا قىلدى.
كۆرەلمەيمەن يارىمنى،
باغرىمنى يارا قىلدى.

× ×

قارا - قارا قاشلىقىم،
ئۇزۇن - ئۇزۇن چاچلىقىم.
سەن يارىمنىڭ كويىدا،
قاردا قالدى ئاشلىقىم.

غۇلجىغا كىرىپ كۆزدە،
ياتىمەن تالا - تۈزدە.
تەنھالىقتا كاككۇكمەن،
دەرد ئەسىرى سېرىق يۈزدە.

مەن ئەمدى قانداق قىلاي،
جۇدا بولغان باشىمنى.
سېغىندىم يۈرەكىمدە،
قۇندۇز قىياق قاشىمنى.

قۇرغۇيۇم شۇڭغۇپ مانا،
كەتتى ئۇچۇپ قايرىلىپ.
بۇ كۆڭۈل قانداق چىدايدۇ،
ۋاپادارىدىن ئايرىلىپ.

نەچچە نۆۋەت چۈشۈمدە،
مايىم كەپتۇ يېنىمغا.
ھەقلىق سۆزىنى سۆزلەپ،
خۇشاۋۇق سالدى جېنىمغا.

كۆتۈرۈلگەن جۇت قۇيۇن،
گۈل ھىدىنى ئەپكەتتى.
دىلى ياۋۇز زالىملار،
مېنىڭ يارىمنى يەپ كەتتى ...

مايىمىمنى چېپىۋەتتى،
مەن قالدىم نادامەتتە.
زالىملار بىلىپ قويغىن،
ئۆچ ئالاي قىيامەتتە.

## مايىمخان ھەققىدىكى قوشاقلار

ئۇنى ئالتە نۆۋەت چاپتى،
تۆت ئەتراپىنى سۇر باستى.
بۇ ھالنى كۆرۈپ ئاۋام،
يۈزلىرىدىن قان قاچتى.

دادامتۇدا مايىمخان،
ئېگىچەمنىڭ قىزى ئىكەن.
ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرى،
خان - بەگكە بېگىز ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

هاۋارەڭدە بويالغان،
مايىمخاننىڭ كۆڭلىكى.
زالىملارغا باش ئاتتى،
قاپتەك ئىكەن يۈرىكى.

دەريالاردا سۈزۈك تاش،
يوقسۇللارنىڭ كۆزى ياش.
مايىمخاننى چاپتۇرغان،
هامۇت دېگەن باغرى تاش.

گۈلباغ سۈپەت قەشقەردەك،
يېڭى سوققان شەر بارمۇ؟
مايىمخاننى ئەپ ماڭدى،
قۇتقۇزارغا ئەر بارمۇ؟

دادامتۇ تۆپەسىدە،
ئۇچۇپ يۈرىدۇ قۇشلار.
مايىمخان ئۆلۈپ كەتتى،
يىغلاپ يۈرىدۇ دوستلار.

ئاتىسىدىن ئايرىلدى،
ئانىسىدىن ئايرىلدى.
جۇدالىق ئوتىدا سۆزلەپ،
ياش جېنىدىن ئايرىلدى.

ئۇنتۇلمايدۇ ئىلىدا،
مايىمخاننىڭ ئۆلگىنى.

مايىمخان شېهىت بولدى،
ئىزىنى باسار ئەر قېنى؟

شەهەر ئىچى تېرەكلىك،
ئەل ئىشىغا كېرەكلىك،
مايىمخان دېگەن باتۇر،
سۆز قىلىشتا يۈرەكلىك.

مايىم قولى باغلاندى،
ئۆلتۈرمەككە چاغلاندى.
ئاتا ـ ئانا دەردىدە،
يۈرەك باغرى داغلاندى.

كونا شەردە كۆك تېرەك،
يېڭى شەهەردە ئاق تېرەك.
مايىمخاننى ئۆلتۈردى،
ئەلگە بالا شۇم پەلەك.

بولدىكىم ئەجەب زامان،
ئەلنى باستى چاڭ ـ توزان،
خەق ئىچىدە خۇشلۇق يوق،
ئىچى تولغان دەرد ـ پىغان.

زىندان تېمى ئېگىز تام،
ئۇنىڭ ئىچى گۆرىستان.
ئەركىنلىككە بەل باغلاپ،
شېهىت بولغان مايىمخان.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن زىرىدىن



# سەلەي چاققان قوشاقلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ماخمۇتجان ئىسلام

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: سەلەي چاققان ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قىزىقارلىق، مەزمۇنلۇق لەتىپىلىرى ۋە راۋابقا ئۇستىلىقى بىلەن خەلقىمىزگە تونۇش. ئەمما ئۇنىڭ قوشاقچىلىقى توغرىسىدا دېگەندەك ئېنىق مەلۇمات يوق ئىدى ۋە بىزمۇ بۇ ساھەدە ئىز-دىنىپ كۆرمىگەنىدۇق. 1984-يىلى سوۋېت قازاقىستانى «يازغۇچى» نەشرىياتى «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلدى. بۇ كىتابقا ئۇنىڭ قوشاقلىرىمۇ بېرىلگەنىدى.

سەلەي چاققان كىچىكىدىنلا ئۇستا راۋاپچى، ماھىر غەزەلخان بولغان ئاتىسىدىن ھۇنەر، قىزىقچىلىقنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە قوشاقچىلىق، غەزەلخانلىقنى ئۆگەنگەن. نۇرغۇن قوشاقلارنى توقۇغان ۋە بۇ قوشاقلارنى غەزەل قىلىپ ئېيتقان. بۇنىڭغا ئۇنىڭ ماھىر راۋابچىلىقى ئوبدان ماسلاشقان. سەلەي چاققان قوشاقلىرىنىڭ سىنىپىيلىكى، دەۋرلىكى ناھايىتى كۈچلۈك، بەدىئىيلىكىمۇ خېلىلا يۇقىرى. بۇ قوشاقلارغا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ مۇجەسسەملەشكەن، شۇنداقلا خاسلىقىمۇ روشەن. خەلق ئارىسىدا سەلەي چاققاننىڭ يەنە نۇرغۇن قوشاقلىرى بولۇشى مۇمكىن. بىز كەڭ كىتابخانلار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاش، شۇ ئارقىلىق سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنى توپلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا سەلەي چاققان قوشاقلىرىنى توپلاشتىمۇ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» دېگەن كىتابقا بېرىلگەن قوشاقلارنىڭ بىر قىسمىنى ئېلان قىلدۇق.

ئۆزۈمنىڭ كارىغۇ چاغلىق،
يۇرتۇمدا بولمىسۇن ئاھ-ۋاي.

ئېتىمنى سورىساڭ...

ئېتىمنى سورىساڭ، سالەي،
قەشقەر بېشى ئوپالدىن.
راۋاب چېلىپ ئوينايمەن،
قورقماي لويى، ئامبالدىن.

ئىشىمنى سورىساڭ، ناۋاي،
ھالىمنى سورىساڭ، ھالىم ۋاي.

لەقەمنى سورىساڭ، چاققان،
يۈرىكىمدە ئوتتۇم بار.
ئەزىزانە قەشقەردەك،
قەدىم دەرگاھ-يۇرتۇم بار.

قەشقىرىمنىڭ خىسلىتى،
جىمى ئالەمگە داڭ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com

ئىلمۇ ئىرپان، راۋابتا،
يەر يۈزىگە چاڭ كەتكەن.

### ئۇردىسىمۇ قۇرىسۇن

ئۇردىسىمۇ قۇرىسۇن،
«مۇردىسى» مۇ قۇرىسۇن،
ئەل ئىچىدە ئەر بولۇپ،
كۈن كۆرگىلى بۇيرۇسۇن.

خىزمەت قىلىپ ئۇردىغا،
تەييارتاپۇ مۇردىغا؛
زايا كەتتى بۇ ئۆمۈر
كەلمەس بولۇپ ئورنىغا.

ئوردا ئىچىرە بولسىمۇ
يولۇم توسۇق تام ـ قاشا؛
بىر ھېسابتا مەن ئۈچۈن
بولدى ئىبرەت، تاماشا.

ئىشەنمەيمەن ئەربابقا،
سەلتەنەتۇ زەر بابقا...
نىمە يەتسۇن ئالەمدە
ئەلگە چالغان داۋابقا.

### ئاتا ھۈنىرىم

ئاتا ھۈنىرىم — ناۋاي،
مەن ئۇنى بىلىۋالاي.
باشلىماقلار باشقىغا،
دەستىمگە ئېلىۋالاي.

«ھۈنەرنىڭ تېگى زىلدۇر،
قائىدىسى ئۇنىڭ قىلدۇر.
شۇقىللارغا باغلانغان،
تىلنىڭ ئاستىدا تىلدۇر.

ھۈنەرنىڭ تىلىنى بىل،
كۆمۈلگەن سىرىنى بىل.
ھەممىدىن زۆرۈرى شۇ:
خېرىدار دىلىنى بىل!»

ئاتام سۆزلىرى شۇنداق،
مەن ئۇنى قوشاق قىلدىم.
شۇنىڭدىمۇ قايسى ئىش،
دۇچ كەلسە، قوشۇپ قىلدىم.

ئون قولۇمدا ئون گۈلۈم،
بولارمۇ ئۈچۈق يولۇم؟
غەزەل ئېيتىپ ئۆيىنىسام،
تۆگەرمۇ مېنىڭ شورۇم؟

### دوستلىرىمنى كۈلدۈرەي

مېنىڭ ھۈنىرىم ناۋاي،
ئۇنۇم يوق، قايان باراي.
ئۇنچىنى شېرىك قىلىپ،
نىسىگە مەن ئۇن ئالاي.

مېنىڭ ھۈنىرىم ناۋاي،
ئوتۇن يوق، قايان باراي.
ئوتۇن ئىگىسى — باينى،
شېرىكىم قىلىۋالاي.

مېنىڭ ھۈنىرىم ناۋاي،
دۇكان يوق، قايان باراي،
دۇكان ئىگىسى — باينى،
شېرىكىم قىلىۋالاي.

شېرىكلىككە كۆنمىسە
ئەمدى مەن قايان باراي.
ئۇستىكار بولۇپ ئىشلەپ
ئورنۇمدا يەنە قالاي.

قىزىتاي تونۇرۇمنى
ئايىماستىن كۆمۈرنى.
دۈشمەنلەرگە خار بولۇپ
بوش كەتكۈزمەي ئۆمۈرنى.

قىزىتىپ تونۇرۇمنى
دۈشمەنلەرنى كۆيدۈرەي.

كۆرسىتىپ ھۈنىرىمنى
دوستـلىرىمنى كۈلدۈرەي.

### قاچان يېتىدۇ تويغا

ئاسماندىكى ھۆكەر بىز،
ئاۋايلارغا نىمكا رىبىز.
سەھەر تۇرۇپ نان يېقىپ،
ناماز شامدا بىكار بىز.

ئەجەبمۇ جاراڭلايدۇ
راۋابىمنىڭ سىم تارى.
ھەر جۇمەدە ئوينايدۇ،
ئۇستاملارنىڭ نىمكارى.

قىرقىپ قويغان ياش باللا
ئۇستاملارنىڭ نىمكارى.
قاچان يېتىدۇ تويغا
تاپقان پۇلى - سىمكارى.

### بىر كەلسە ئەجەب ئەمەس

تازىمۇ خۇشال قىلىپ،
ياسايمىز تۆمۈر تاغاق.
بايلارنى ئوسال قىلىپ.
تاپىمىز كۈمۈش، ياماق.

يالقۇن ياساپ كۆمۈردىن،
ئالتۇن ياساپ تۆمۈردىن.
چوڭ - چوڭ خەجلەپ ئوينايمىز،
تەلىيمىز ھۈنەردىن.

ئۆتەر كۈنىمىز ئەلنىڭ
ئۆلىغىنى تاقىلاپ.
قاچانغىچە يۈرەرمىز
يار بېغىنى ياقىلاپ.

يارغا ياسىدىم قىسقاچ،
خەۋەر بەرسۇن ئاق قۇچقاچ.
بىر كەلسە ئەجەب ئەمەس،
بانىسى بولۇپ قىسقاچ.

### چالىمەن راۋاب

1

چالىمەن راۋاب،
بۇلبۇلدەك سايراپ.
ياردىم تىڭشايدۇ.
پەنجىرىدىن ماراپ.

چالىمەن راۋاب،
نەلگە قاراپ.
ياردىم ئوينايدۇ،
پەدىگە قاراپ.

چالىمەن راۋاب،
قىيا كۆز قاراپ.
ياردىم كۈلىدۇ،
خۇما كۆز قاراپ.

چالىمەن راۋاب،
كېچىنى ئويلاپ.
ياردىم كۆيدۈرەر،
چېچىنى ئويناپ.

چالىمەن راۋاب،
يۈرىكىم كاۋاپ.
ياردىم يولىغا
ئىنتىزار قاراپ.

چالىمەن راۋاب،
يۈرىكىم كاۋاپ،
يارىمنى كۆرسەم
قىلىمەن تاۋاپ.

2

بىز تۆرىلىپ كەلىمگەن،
بۇ ئالەمگە بىر باشقا.
باي غوجاملار كۈلۈشۈپ،
كەمبەغەللەر يىغلاشقا.

بىلىڭلاركى، ھەركىشى،
ئۆز - ئۆزىگە بەگ، پاشا.

www.uyghurkitap.com

ئۆلۈملەردىن باشقىسى
ئۆتەر بولۇپ تاماشا.

خارقىلماقلار ھۈنەرنى
زايا قىلىپ كۆمۈرنى.
ئالتۇن قىلار ئۇستىلار
ئوتقا سېلىپ تۆمۈرنى.

كەمبەغەلنىڭ، كۆڭلى ياز،
ئىشلارتولا، كۆمۈر ئاز.
ئىشتىن كېيىن ئويناقلار
غەزەل ئېيتىپ، چېلىپ ساز.

چالىمەن راۋاب،
يۈرىكىم كاۋاپ.
خەقنى خۇش قىلىپ
تاپىمەن ساۋاب.

3

قانماي چالىمەن دائىم
قەشقەرنىڭ راۋابىنى.
كۆڭلىنى ئېچىپ يارنىڭ
ئالىمەن ساۋابىنى.

ئاڭلاڭ مەدىكار باللا،
ئويناڭ دەردى بار باللا.

كوچىدا چېلىپ ماڭسام
سايرىتىپ راۋابىمنى.
باغرىمغا تېڭىۋالسام
يۈرىكى كاۋاپىمنى.
قايناپ چالىمەن راۋاب،
ياردىم ئاڭلىسا ساۋاب.

4

خارقىلىساڭمۇ كوچۇڭنى
پارە ئەيلەتمە يۈرتۈڭنى.
زارقىلىساڭمۇ ئۆزەڭنى
خار ئەيلەتمە يۈرتۈڭنى.

سېغىنلىقنىڭ يولى بار
كەڭ بولمىغىن ئۆچمەنگە

مەيلى شېھىت بولساڭمۇ
خار بولمىغىن دۈشمەنگە.

مۇساپىرلىق كۆز ئاچار
مۇجاۋىرلىق ① ئېغىرلىق.
قاچانغىچە يەپ، غاجار
كەمبەغەللىك، يېغىرلىق.

ئاغرىپ يۈرگەن دەرد ئەمەس،
غەمدە قالغان يوغان دەرد.
ئاينىپ يۈرگەن مەرت ئەمەس،
جەڭگە بارغان يوغان مەرد.

ئويناڭ قەرزى بار باللا،
ئويناڭ دەردى بار باللا.
ئەلنىڭ رەھمىتى سىزگە،
ئويناڭ جەڭگىۋار باللا.

چالىمەن راۋاب،
تاپىمەن ساۋاب.
شېھىت قەبرىگە
قىلىمەن تاۋاب.

5

زالىم كۆڭلى بەك قارا،
خۇددى سىيا، كۆمۈردىن.
كۆڭۈل ئېچىپ ئوينايمىز
چوڭ - چوڭ تېپىپ ھۈنەردىن.

مېنىڭ مۇرات - ھەۋىسىم
راۋاب چېلىپ ئوينىسام.
يارۇ دوستنى خۇش قىلىپ
كۆڭلىدە غەم قويمىسام.

زالىم كۆڭلى بەك قارا
سىيا بىلەن كۆمۈردىن.
ئەمما ئۇلار قورقىدۇ
تاياق بىلەن تۆمۈردىن.

تاڭ بىدار چېلىپ چىقسام،
قانمايمەن راۋابىمغا.
نە ئارمان شىرىك قىلسام
دوستلارنى ساۋابىمغا.

① مۇجاۋىرلىق — مەككىدەك يەرلەردە تۇرغـۇن بولۇپ ياشاش.

# لاپار



بىر كۈنى تۇرپانىيۇزىدە مەنىمەن دېگەن ئۈمچىلار بەسكە چۈشۈپ قالدۇق. بېشىمنى كۆتۈرمەي سولنى ۋىژاڭشىتىپ كېتىۋېرىپتىمەن. بىر چاغدا ئۆپچۆرەمدىن ماشىنىلارنىڭ دۇ-دۇتلىرى ئۇزۇلمەي ئاڭلاندى. نېمە ئىش بولدىكىن دەپ ئۆرە بولۇپ قارىسام سول تارتىپ شىخوغا كېپ-قاپتۇق. باغ باغلايدىغانلار كۈيتۈڭدا قاپتۇ.

× ×

— ھىسامكا، شەھەردىن قاچان چىقىشىڭ؟

— ھازىر چىقىشىم.

— نېمىدە چىقتىڭ، ماشىنىدىمۇ؟

— ياقەي، ئايروپىلاندا.

— ۋاھ، ئەمىسە ئايرۇپىلانىڭ قېنى؟

— تومۇزنىڭ قىزىقىدىن قاچۇرۇپ يارغا تارتىپ قويدۇم.

× ×

ئوقەتنىڭ گېپى چىقىپ، ھىسام سورۇندىكىلەرگە مۇنداق پاراڭ سېلىپ بەردى:

— ياش ۋاقتىمدا پۇل تاپقۇدەكلا ئىش بولسا قىلىپ بېقىۋېدىم.

بىر يىلى شەھەردە تۆمۈر ئەزانلىشىپ كەتتى. «توختا!» دېدىم-دە، بار پۇلۇمغا تۆمۈر ئېلىپ، بىر چوڭ ئامبارغا بېسىۋەتتىم. بۇ ئىشقا تاپا-تەنە قىلغانلارمۇ بولدى. غىڭ قىلمىدىم. دېگەندەك ئىككى يىلدىن كېيىن تۆمۈر دېگىنىڭ تۈتىيا بوپكەتتى. «ھە ھىسامباي، ئەمدى پۇل تېپىشىڭنى بىل!» دېدىم-دە، ئامبارنىڭ قۇلۇپىغا ئاچقۇچنى شاراققىدە سېلىپ، ئىشىكنى ئاچتىم...

— ھە...، ھە...! ئۇندىن كېيىنچۇ؟ — بىراۋ تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى.

— نېمىسىنى دەيسىلەر، چاشقان دېگەن كاساپەتلەر تۆمۈرلەرنى يەپ، كېپەكتەك قىلىۋېتىپتۇ.

× ×

مەلىمىزدە قىرغاۋۇل كۆپ قونىدىغان بىر دەرەخ بار ئىدى. بىر قېتىم تاغارنى ئەپچىقىپ تۇرۇپ، دەرەخنى بىر تېپىپتىكەن-



مەن، بىر دەمدە بىر تاغار قىرغاۋۇل بوپتۇ، — دېدى ھىسام.

— قويۇڭا ھىسامكا، توڭلاپ قالغۇچە قونۇپ تۇردۇبىرىدىغان قانداق قىرغاۋۇللاركەن ئۇ؟

— قەھرىتان سوغۇقتا قىرغاۋۇل تۇرماق، دەرەخكە قونساڭ سەنمۇ توڭلاپ قالىسەن.

× ×

قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ھىسام ئۆزى ئاتقان بەش پاي ئوقتىن بىر پېيىلا تاختىغا تەگكەنلىكىنى ئاڭلاپ، زادىلا ئىشەنمىدى. باشقۇرغۇچى ئۇنىڭغا تاختىنى ئەكىلىپ كۆرسەتتى. دېگەندەك تاختىدا بىر تاللا تۆشۈك تۇراتتى.

— ماڭا ئىشىنىڭ ئۇكا، — دېدى ھىسام، — بەش پاي ئوقنىڭ ھەممىسى تاختىغا تەگدى.

— ئەمىسە قالغان تۆتىنىڭ ئىزى قېنى؟ — دېدى باشقۇرغۇچى.

ھىسام تاختىدىكى ھېلىقى بىر تۆشۈكنى كۆرسىتىپ:

— قالغان تۆت پاي ئوقمۇ نەق مۇشۇ تۆشۈكتىن چىقىپ كەتتى! — دېدى.

× ×

دەريا بويىدىكى ئولتۇرۇشتا ھىسام يىگىتلەرگە ئۆزىنىڭ ئايروپىلانغا چۈشكەنىنىڭ پارىڭىنى قىلىپ بېرىۋاتاتتى.

دەل شۇ چاغدا بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە بىر قۇر ئايلىنىپ، كەينىگە يېنىپ كەتتى. يىگىتلەردىن بىرى:

— نېمىشقا تېكەس تەرەپكە ئۆتمەيكىنە! — دېدى ھەيرانلىقتا.

— كۆۋرۈك يوقتە ئۇكا، — دېدى ھىسام دەررۇ چۈشەنچە بېرىپ، — شۇڭلاشقا دەريادىن ئۆتەلمەي كېتىپ قالدى.

× ×

بىر چېلىشچى ھىسامغا لاپ ئېيتىپ بەردى:

— مۇشۇ كۈنلەردە تاۋسىمغا كېلىپ تۇرىمەن دەڭا، داڭقى چىققان پالانى چېلىشچىنى تۈنۈگۈنكى مۇسابىقىدە ئارقا-ئارقىدىن ئون قېتىم يىقىتتىم، ئىشەنمەمسىز؟

— ئۇ بىر پالەچقۇ! — دېدى ھىسام جاۋابەن، — دەل ئۇنىڭ ئالدىدىكىلا مۇسابىقىدا مەنمۇ شۇ چېلىشچىنى ئون قېتىم يىقىتىپ، ئون بىرىنچى قېتىمدا بېلىدىن تۇتۇپ لىككىدە كۆتۈرۈپ، سودىيەگە تۇتقۇزۇپ قويغاندىم.

× ×

ئۆمرىدە مىلتىق تۇتۇپ باقمىغان بىر لاپچى خەقلەرگە لاپ ئېيتىپ بەردى:

بىز ھەربىي بولغاندا يامغۇردەك يېغىپ تۇرغان ئوق ئاستىدىكى جەڭلەرگىمۇ قاتناشقان جۇمۇ! بىر كۈنى ئاخشىمى گازارمىغا كېتىپ بارسام، بىر ئوق ئوتتەك پالىلداپ يېنىپ «چىژ» قىلىپ ئۇچۇپ كەلدى-دە، ماڭلىيىمغا تەگدى جۇمۇڭ. ھېلىمۇ ياخشى بېشىمدا بولات قالپاق بار ئىدى. ئوق قاڭقىپ چىقىپ دەرەخكە تەگدى...

— توغرا دەيسىز، — دېدى توپ ئىچىدە ئولتۇرغان ھىسام ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، — سىز دېگەن شۇ ئوقنىڭ ئوتىدا مەن تاماكامنى تۇتاشتۇرىۋالغاندىم.

× ×

— بىر كۈنى بايتۇقايىغا ئوۋغا چىقىپ، قوشئاتارنى بەتلىدىم-دە، چۆپلۈك ئارىسى بىلەن سىلجىپ، كەكلىك بار جايغا يەتتىم. قارىسام، تۆردە كەكلىك دېگەننىڭ كەگرى يېيىلىپ، دانلاپ يۈرۈشۈپتۇ. كەك-

لىكلەرنىڭ چەت - چېتىگە چالما ئېتىپ،
جىمى كەكلىكنى بىر يەرگە يىغدىم - دە،
گۇملا سالدىم... ئىشەنمەيۋاتامسىلەر؟ ئا -
خىرىنى ئاڭلىمامسىلەر... گۇملا قىلغان ئا-
ۋازنى ئاڭلاپ، كەكلىكنىڭ جىمىسى موكلا
ياتتى. ئوق كەكلىكلەرنىڭ ئۈستىدىن ۋىڭ-
ڭىدە ئۆتۈپ كەتتى، شۇنداق قىلىپ ئوۋ-
دىن «ۋادەرىخا» ئېيتىپ ياندىم.

× ×

بىر چالا كۆرەڭ دوقمۇشتا بۇرۇتى-
نى سىيلاپ لاپ ئۇردى:
— پاھ، پاھ، ھېلىلا ئۆيدە كېلىشتۈ-
رۈپ پولو يەپتىكەنمەن، مەيدەمنى خوي
غىلغىتىۋاتىدا...
ھىسام لاپقا لاپ بىلەن جاۋاب بەردى:
— راست دەيسىز، ئايدا، يىلدا بىر
يېگەچكە بىئارام قىلىدۇ. بىزدەك كۈندىلا
پولو يەپ تۇرسىڭىز ھېچقانداق بولمايتى-
تىڭىز...

× ×

— يەنە مەرگەنلىكنىڭ گېپىنى قىلى-
شىۋاتامسىلەر؟ ۋاھ، ئۇ گەپنى بىزدىن سو-
راڭلار. تېخى تۈنۈگۈنلا قارىغا ئېتىش
مۇسابىقىسىدە ئۈچ پاي ئوقنى قالتىس ئې-
تىۋەتمىدىممۇ!
— قانداق تەگدى؟
بىرىنچى پېيى نەق يۈرىكىگە تەگ -
دى، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ سەل تۆۋەنرەكى-
گە تەگدى، ئۈچىنچىسى...

— خوش، ئۈچىنچىسىچۇ؟
— ئايلىنىپ بېرىپ ئۇمۇ تەگدى.

× ×

بىر ئاغىنىسى ھىسامغا:
— سەھراغا چىقىپ كېتىۋاتسام، شۇن-
داق بىر قاتتىق بوران چىقتىكى، مەن
چۈشكەن ئاپتوبۇس ئۆرۈلۈپ كەتتى جۇ -
مۇ! — دېدى.
— مەنمۇ شۇ يولدىدىم، — دېدى
ھىسام، — ۋېلىسىپتىم بىلەنلا ئاسمانغا
ئۇچۇپ چىقىپ كەتمىدىممۇ؟
— قويغىنا ئاداش، ۋېلىسىپىت بى-
لەن ئادەمنى ئاسمانغا ئەپچىقىپ كېتىدىغان
قانداق بوران ئىكەن ئۇ؟



— قانداق بوران بولاتتى، سېنىڭ
ئاپتوبۇسىڭنى ئۆرۈۋەتكەن بوران بولمامدۇ!

تەييارلىغۇچى: ماخمۇت مۇھەممەت

# چاغاتايچە لۇغەت

تۈزگۈچىلەر: غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىرى

**بىنەسىپ** [بى نصيب] (پ + ئە) نېسىۋىسىز، بەھرىسىز، ھەسسى يوق:

رەقىب تەئنە قىلۇر بىزنى بىنەسىپ دەبان،
جەفاسى بىزگە نې يەتمەس نەسىب ھەزرەتىدە.
— ئەتائى.

**بىنەفشە** [بنفشه] 1 › بىنەپشەرەڭ؛ 2 › شۇ رەڭدە ئېچىلىدىغان خۇشپۇراق گۈل.

**بىنەفئ** [بى نفع] (پ + ئە) پايدىسىز، مەنپەئەتسىز.

**بىنەماز** [بى نماز] نامازسىز، ناماز ئۆتىمەيدىغان:

دەۋزەخ ئايتۇر مەن ئارتۇق، بىنەمازلار مەندە بار،
بىنەمازلار بويىنىدا يىلان بىلەن چايان بار.
— ئەھمەت يەسەۋى.

**بىنەمەك** [بى نمك] (پ) تۇزسىز، مەزىسىز:

نەلەر كەلتۇرۇپ باشىغە بۇ فەلەك،
قىلىپ ئەيشىنى زۇلم ئىلە بىنەمەك.
— ئا. نىزارى.

**بىنەۋا** [بى نوا] (پ) 1 › پېقىر، يوقسۇل، كەمبەغەل:

غەرىبۇ بىنەۋا، ئاجىز قولۇڭغا رەھىم قىل، يا رەب،
ئۇمىد تۇتتۇم دۇئالاردىن مەنۇ بىچارەئى زارى.
— موللا مۇھەممەت نىيازى.

2 › بەھرىسىز مەھرۇم، بىچارە:

تاپىپ بەھر بىزدىنكى شاھۇ، گەدا،
نەۋا تاپقۇسىدۇركى ھەر بىنەۋا.
— غەرىبى.

**بىنەۋالىغ** [بى نواليغ] بىچارىلىك، مەھرۇملۇق:

ئەتەي پەيمانەدىن ئەۋۋارە بۇلدۇڭ دەرسەن، ئەي ناسىھ،
فەنا دەيرىدە قىلغان بىنەۋالىغدۇر نەۋا بىزگە.
— مەھزۇن خوتەنى.

**بىنەۋم** [بى نوم] (پ + ئە) ئۇيقۇسىز:

ئۆزى پەنچ ۋەقت دائىما سەۋم ئىدى،
كىچەلەردە بىدارۇ بىنەۋم ئىدى.
— موللا شاكىر.

**بىنىھايەت** [بى نهايت] (پ + ئە) چەكسىز، ئاياغلاشمىغان، پايانى يوق:
قامۇق ئالەمدە ئەدلۇ دادى مەشھۇر،
چىردىگى بىنىھايەت مۇلكى مەئمۇر.
— لۇتفى.

**بىنىياز** [بى نياز] (پ) بىھاجەت؛ ئىھتىياجسىز:
كى دۇنيا ئىشىدىن ئىدى بىنىياز،
قىلىبان نىياز ئەھلىنى سەرفەراز.
— ئا. نىزارى.

**بىنىيام** [بى نيام] (پ + ئە) ئۇخلىماي، ئۇيقۇسىز:
شاھ پەرزەندى تۇغقان زات «نەسىبى» دەپ قويدى ئات،
كىچە - كۈندۈز بىنىيام دۇئا قىلۇر ئەردىلا.
— موللا مۇھەممەت نىيازى.

**بىھا** [بها] (پ) «بىھە» گە قاراڭ.

**بىھار** [بحار] (ئە) [بىرلىكى: بەھر] دېڭىزلار:
گەھى كۆزۈمدىن ئاقار ياشۇ گاھ لەئل تامار،
بىھارۇ كان ھاسىلىدۇر ئانىڭ ئاقار - تامارى.
— سەككاكى.

**بىھازا** [بهذا] (ئە) بۇنىڭ بىلەن.

**بىھازەلقىياس** [بهذاالقياس] (ئە) بۇ مۆلچەر بىلەن، بۇ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ قىياسچە:
ئەرۇر چۇن تەفاۋۇت بىلە ئول ئەساس،
ئەسافىلغە تەگرۇ بىھازەلقىياس.
— ئا. نىزارى.

**بىھاسىل** [بى حاصل] (پ + ئە) پايدىسىز، نەتىجىسىز، مېۋىسىز:
نېچۈك سەن بۇ ئۇزۇن يول ئەمگەكىندىن،
بۇ ئەمسىز ئىشقى بىھاسىل ئېلىندىن.
— لۇتفى.

**بىھال** [بى حال] (پ + ئە) ھالسىز، مادارسىز، زەئىپ؛ مەيۇس:
بۇلار ئىلغادى ياخشى ئەجناسنى،
كى بىھال ئېتىپ بىرنەچە ناسنى.
— ئا. نىزارى.

**بىھەد** [بى حد] (پ + ئە) 1 › چەكسىز، چېگرىسىز، ساناقسىز، كۆپ:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كى ئالتۇن كۆمۈش ئاندا بىھەد ئىكەن،
كى لەئلۇ جەۋاھىر، زۇمۇرەد ئىكەن.
— ئا. نىزارى.

2) ئىنتايىن، ناھايىتى، غايەت:
كى ئەتراپىدا غار بىھەد تولا،
مۇئەييەن ئەمەس پىر ياتقان خەلا.
— ئا. نىزارى.

**بىھەددۇ** بىگەران — ھەددى - ھىسابسىز، سان - ساناقسىز:
كى لەشكەر ئاڭا بىھەدۇ بىگەران،
سىپاھىدىن ئانداغ تۇتۇلغان جەھان.
— ئا. نىزارى.

**بىھەددۇ** غايەت — چېكى ۋە ئاخىرى يوق، چەكسىز.

**بىھەددۇ** قىياس — چەكسىز ۋە تەڭسىز:
مەن قىرى قۇلدىن ئەگەر سەن ئار قىلساڭ تاڭ ئەمەس،
باردۇ ياش قۇللار ساڭا ئالەمدە بىھەددۇ قىياس.
— قەلەندەر.

**بىھەددۇ** ھىساب — ناھايىتى كۆپ، سان - ساناقسىز:
قىلدىڭىز جەبرۇ جەفا جانىمغە بىھەددۇ ھىساب،
كۆزلەرىمنىڭ ياشىنى لەئلى بەدەخشان قىلدىڭىز.
— لۇتفى.

**بىھەد** بەئىد — ناھايىتى يىراق.
سىز تۇشۇپ ئول شاھدىن بىھەد بەئىد،
ئول ياۋۇقراق سىزگە مەن ھەبلىل ۋەدىد.
— نەۋائى.

**بىھەمدەم** [بى همدم] (پ) ھەمدەمسىز، ئۇلپەتسىز.

**بىھەمدىكە** [بحمدك] (ئە) سېنىڭ (ئاللاغا ئېيتىلىدۇ) شان - شەرىپىڭ بىلەن.

**بىھەمدىللاھ** [بحمدالله] (ئە) خۇداغا شۈكرى:
بىھەمدىللاھكى، بولدى مۇنەۋۋەر كۆزۈم،
تۇرۇپ ئاڭلادى يار ئەندەك سۆزۈم
— ئا. نىزارى.

**بىھەمىيەت** [بى حميت] (پ + ئە) 1) غەيرەتسىز، بوشاڭ، سۇس:
نەدۇر ئەي بىھەمىيەتلەر بۇ ھەيرەت،
ئەر ئوغلىغە كېرەكتۇر بولسا غەيرەت.
— لۇتفى.

2) پەزىلەتسىز، نومۇسسىز.

**بىھەنگام** [بى هنكام] (پ) ۋاقىتسىز، پەيتسىز.

بىھەيا [بی حیا] (پ + ئە) ھاياسىز، ئۇياتسىز، ئار ـ نومۇسسىز:
ئۆتەر بىر ـ بىر باسىپ شۇم بىھەيالەر ۋەھشەتى بىرلە،
كۆرەلمەيكىم قالۇرلار شۇرۇ ـ شەر ئاھىستە ـ ئاھىستە.
— نەۋبەتى.

بىھۇدە [بی هوده] (پ) 1) نەتىجىسىز، پايدىسىز:
بىلدىم ئەمدى يوقتۇرۇر مەيلىڭ ماڭا ئەي پۇرجەفا،
بىھۇدە كۆيمەك ساڭا بۇ داغى ھىجرانىم نەسۇد.
— قەلەندەر.

2) بىكاردىن، بولا ـ بولماس:
ئۆيى فەلان يەردە ۋەلي بارماغىل،
بىھۇدە بۇ يولدا يۇرۇپ ھارماغىل.
—زەلىلى.

بىھۇزۇر [بی حضور] (پ + ئە) بىئارام، ھالاۋەتسىز.

بىھۇش [بی هوش] (پ) ھوشسىز، ئۆزىدىن كەتكەن، بىتاب:
تەھەممۇل قىلىپ سۆزدە خامۇش بول،
كى خامۇش بولۇپ بەلكى بىھۇش بول.
— غەرىبى.

بىھۆكمى [بحکم] (ئە) ھۆكۈم قىلىشى بىلەن، ھۆكمى بىلەن.
بىھۆكمى لىللاھ — خۇدانىڭ ھۆكمى بىلەن:
شەھى مىرزەبانىم، بىھۆكمى لىللاھ،
كى مەسئۇدنى قىلدى ئۆز ئورنىدا شاھ.
— ن. زىيائى.

بىھى I [بهی] (پ) 1) بىھى (مىۋە نامى):
يۇزۇمدىن تىغى ھەجرىڭ زەخمى ھەر سارى ئېرۇر، نې ۋەجھ،
بىھىنى تىغ بىلەن چۇن قەتئ قىلماق رەسىم ئەمەس ئەسلا.
— نەۋائى.

2) سېرىق رەڭ؛ سارغايغان چىراي:
بىھى رەڭگىدەك ئولمىش دەردى ھەجرىڭدىن ماڭا سىما،
دىماغىم ئىچرە ھەربىر تۇخمى يەڭلىغ دانەئى سەۋدا.
— نەۋائى.

بىھى II [بهی] (پ) ياخشىلىق، ساغلاملىق:
ئاڭا يىغلار ئېردى سەرەندىب شەھى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاناسىنىڭ ئۇلغان ئىدى چوڭ بېھى.
— ئا. نىزارى.

**بىھىجاب** [بى حجاب] (پ + ئە) پەردىسىز، ئوچۇق؛ يالىڭاچ:
ۋەزىر كىردى شاھ قاشىغە بىھىجاب،
دۇئالار ئەدا ئەيلەدى بىھىساب.
— ئا. نىزارى.

**بىھىراس** [بى حراس] (پ) قورقماس، يۈرەكلىك؛ قورقماستىن.

**بىھىس** [بى حس] (پ + ئە) ھېسسىياتسىز؛ رەھىمسىز.

**بىھىشت** [بهشت] (پ) جەننەت؛ ئەڭ گۈزەل باغ:
ماڭا بىھىشتى ۋىسالىڭ ئەمەستۇرۇر مۇمكىن،
قاچانغىچە چېكەيىن ھەجر دەۋزەخىدە ئەزاب.
— مەھزۇن خوتەنى.

**بىھىشت** ئاسا — جەننەت كەبى.
**بىھىشت** ئەدن — مەڭگۈ ياشاپ قالىدىغان جەننەت.
**بىھىشتى** جاۋىدان — ئەبەدى، مەڭگۈلۈك جەننەت:
كۆرمەگەي ھەرگىز بىھىشتى جاۋىداندا گۈل يۈزىن،
كىم يۈزى گۈل، كۆزى ئۇتلۇغ، خارى مىژگاندىن كېچەر.
— گۇمنام.

**بىھىل** [بحل] (ئە) كېچۈرۈش، ئەپۇ قىلىش، رازى بولۇش:
بۇ قەۋمى قېرىنداش، ئىنگچە ـ سىڭىل،
رىزالىق ئالىپ بىر ـ بىرىدىن بىھىل.
— موللا شاكىر.

**بىھىل** بولماق — رازى بولماق، بېغىشلىماق:
دوستلار، بىھىل بولۇڭلار بىز بارۇرمىز ئەلۋىدائ،
شەھرى ئۇقباغە سەفەر ئەيلەپ بارۇرمىز ئەلۋىدائ.
— نەۋبەتى.

**بىھىل** قىلماق — كەچۈرمەك، ئەپۇ قىلماق:
تۆكسە قانىم كۆزلەرىڭ، قىلدىم بىھىل، تۆكسۇن رەۋان،
كىم قاچان تاپقاي يەنە سەككاكى بۇ نەۋئ قاننى.
— سەككاكى.

**بىۋە** [بيوه] (پ) تۇل، يالغۇز ياشايدىغان ئايال:

دامەنى سەھرايى ھەممە چار باغ،
بىۋە خاتۇنلار يېپىشتى گوشتۇ ياغ.
— زەلىلى.

**بىۋەجھ** [بى وجه] (پ + ئە) سەۋەبسىز، ئاساسسىز، ئورۇنسىز.

**بىۋەزن** [بى وزن] (پ + ئە) ۋەزنى يوق، يەڭگىل؛ قەدر - قىممەتسىز.

**بىۋەفا** [بى وفا] (پ + ئە) ۋاپاسىز؛ رەھىمسىز.

**بىۋەھم** [بى وهم] (پ + ئە) ۋەھىمسىز، قورقۇنچسىز.

**بىۋۇجۇد** [بى وجود] (پ + ئە) ۋۇجۇدقا كەلمىگەن، پەيدا بولمىغان، گەۋدىلەنمىگەن:

قەرى ھەم بىۋۇجۇد ئەردىيۇ مۇھتاج،
تويا ئاش كۆرمەگەن ئاچۇ يالاڭغاچ.
— لۇتفى.

**بىۋۇقۇف** [بى وقوف] (پ + ئە) خەۋەرسىز، ۋاقىپسىز.

**بىۋۇھۇم** [بى وهوم] (پ + ئە) «بىۋەھم» گە قاراڭ:

گۈلۈ غۇنچە تۇتسە ئۆزىن بىۋۇھۇم،
بەناگاھ كەلسە مۇخالىف سەمۇم.
— ئا. نىزارى.

**بىئېتىبار** [بى اعتبار] (پ + ئە) ئېتىبارسىز، تىلغا ئېلىنمايدىغان:

ئەجەب زىرە نازۇك ھۇنەر بىزدە بار،
ھۇنەر بىزدەدۇر ئۆزگە بىئېتىبار.
— غەرىبى

**بىئېتىدال** [بى اعتدال] (پ + ئە) مۆتىدىل ئەمەس، نورمال بولمىغان، تەرتىپسىز.

**بىئېتىماد** [بى اعتماد] (پ + ئە) ئىشەنچسىز، تايانچسىز:

بۇ بەگلەردە يوق سەندىكى ئېتىقاد،
بۇ تۇڭگان خۇنرىزى بىئېتىماد.
— موللا شاكىر.

**بىئېتىنا** [بى اعتنى] ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، دىققەت قىلماي.

**بىئىبا** [بى ابا] (پ) 1) تارتىنماي، ئۇيالماي:

بۇچاڭدىن چىقىپ نەچچە تۇرلۇك سەدا،

www.uyghurkitap.com

بۇ مەنچىڭلا كۆپ يىغلاشىپ بىئىبا.

ـــ موللا شاكىر. ⁄

2) تارتىنمايدىغان، ئۇيالمايدىغان.

**بىئىجتىناب** [بى اجتناب] (پ + ئە) قاچمايدىغان، چەتلەشمەيدىغان، ئۇيالمايدىغان.

**بىئىدراك** [بى ادراك] (پ + ئە) ئاڭسىز، پەم ـ پاراسەتسىز؛ بىلىپ ـ يەتمەي؛

كى مەن تەۋرەنسەمۇ ئۇ يەردە تۇرماس،

ئەجەب بىغەمۇ بىئىدراكۇ بىجان.

ـــ سەدائى.

**بىئىستىتائەت** [بى استطاعت] (پ + ئە) قۇدرەتسىز، كۈچسىز، زەئىپ.

**بىئىشتىباھ** [بى اشتباه] (پ + ئە) شۈبھىسىز، شەكسىز:

كى سەنسەن كەرەملىك ئۇلۇغ پادشاھ،

ئەھەد لەم يەزەل شاھ بىئىشتىباھ.

ـــ ئا. نىزارى.

**بىئىكراھ** [بى‌اكراه] (پ + ئە) مەجبۇرسىز، زورلاشسىز.

**بىئىنايەت** [بى عنايت] (پ + ئە) رەھىمسىز، مەرھەمەتسىز.

**بىئىنتىقال** [بى انتقال] (پ + ئە) ئاجرالمايدىغان، كۆچمەيدىغان.

**بىئىنتىها** [بى انتهى] (پ + ئە) ئاخىرى يوق، چەكسىز، كۆپ.

**بىيارىد** [بيارد] (پ) دوست بولماق:

جەنانەئى مەن بەمەن بىيارىد،

ۋىن مۇردە تەنىم بەئۇسپارىد.

ـــ ئا. نىزارى.

**بىيەقىن** [بيقين] (ئە) شۈبھىسىز، ئېنىق؛ جەزمەن:

ئايا، مۇسلىمى نەقدىنىڭ قىيمەتىن،

دېگىلى مەتائىڭ بارى بىيەقىن.

ـــ ئا. نىزارى.

**بىيەكبار** [بيكبار] (پ) بىراقلا، بىر يولى؛ تىز:

جىلۋە سالىپ ئۆتتى بىيەكبار ئول،

كۆرسەتمىبان زەررەئى دىيدار ئول.

ـــ زەلىلى.

**بىيشە** [بيشه] (پ) ئورمان، جاڭگال.

مۇسافەت يۈرۈپ كەلدى بىر بىيشەگە،

تەرەددۇد بىلە تۇشتى ئەندىشەگە.
ئا. نىزارى.

**بىيىك** [بيىك] بۇيۇك، ئۇلۇغ، يۇكسەك:
بار ئەردىكى ھىندۇ دىيارىدا شاھ،
بىيىك رۇتبە تاپغان شەھى نىكخاھ
— ئا. نىزارى

**بىيىك بارگاھ** — كاتتا ۋە ئۇلۇغ ساراي، قەسر:
چۇھىندۇ ئارا بار ئىدى پادشاھ،
كى ئۈز ۋەقتىدە ئول بىيىك بارگاھ.
— نىزارى.

## پ

**پا I** [پا] (پ) «پاي» غا قاراڭ:
خىرامىڭ چاغى لۇتف ئەيلەپ نە بولغاي پايمال ئەتسەڭ،
ماڭا بەسكىم تەمەننادۇر كويۇڭدا خاكى پا بولماق.
— ئەرشى.

**پا II** [پا] (پ) تاب، تاقەت، قۇۋۋەت، ماغدۇر، قۇدرەت:
يوق ئىرسە ئىرۇر بۇ قەۋى، ئول زەئىف،
ئاڭا ھىچ پا بىرلە ئىرمەس ھەرىف.
— نەۋائى.

**پا بەرەھنە** [پابرهنه] (پ) 1 › يالىڭاياق 2 › كەمبەغەل
پا بەرەھنە، باش يالاڭ، يىرتىپ ياقە، فەرياد ئىتىپ،
تەلبەئى رەسۋا بولۇپ ھالى پەرىشانىمۇ ئىكىن.
— گۇمنام.

**پابەرجا** [پابرجا] (پ) بىر جايدا قىمىرلىماي تۇرىدىغان، مۇستەھكەم:
كىمسەنىڭكىم مىھر، ماھى كۆڭلىدە قىلماس سۇكۇن،
سىدق ئەتۋارىندا ئول چۇن چەرخى پا بەرجا ئەمەس.
— ئەرشى.

**پا بەست** [پابەبست] (پ) «پا بەستە» گە قاراڭ.

**پا بەستە** [پابسته] (پ) گىرىپتار بولغان، ئايىغى باغلانغان؛ تۇزاقتا چۇشكەن، مۇپتىلا.

**پا بەند** [پابند] (پ) پۇتى باغلانغان؛ كىشەن، چۇشەك.

**پا بەندان** [پابندان] (پ) كىپىللىك قىلغۇچى، ھۆددىگە ئالغۇچى.

**پا بۇس** [پابوس] (پ) ئايىغىنى بۇسە قىلىش؛ ھۇرمەت، تەزىم.
**پابۇس ئەتمەك** — زىيارەت قىلماق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**پا پۇش** [پاپوش] (پ) ئاياغ كىيىم، ئاياغ.

**پا پۇش دۇزى** [پاپوش دوزى] (پ) ئاياغ تىكىش، ئاياغ ياماش.

**پاچە** [پاچە] (پ) كىچىك پۇت؛ پاچاق.

**پادار** [پادار] (پ) «پايدار» غا قاراڭ.

**پاداش** [پاداش] (پ) 1› بىر نەرسىنىڭ ئورنىغا تۆلىنىدىغان ھەق، بەدەل؛ مۇكاپات:

ئەگەر ئەيلەسە ئول ۋەفادارلىق،
كى پاداشى بولمىش جەفاكارلىق.
— ئا. نىزارى.

2› ھەمراھ

پەلەكتىن نەلەر كەلدى بۇ باشىمە،
داغى ئىشق ئارا ئۇشبۇ پاداشىمە.
— ئا. نىزارى.

**پادە** [پادە] (پ) پادا، توپ.

**پادە - پادە** [پادە پادە] (پ) بىرنەچچە پادا، توپ - توپ.

**پادەست** [پادست] (پ) تـوختام، كېلىشىم.

**پادزەھەر** [پادزھر] (پ) زەھەرگە قارشى؛ زەھەرنى قايتۇرغۇچى دورا.

**پادشا** [پادشا] (پ) «پادشاھ» گە قاراڭ

بۇ ئەگەر دەرۋىش ئۆزى قىلسا گۇمان ئول پادشا،
يوق ئەجەب چۇن ئىككىسىدە يوق تۇرۇر ئەقلۇھەيا.
— نەۋائى.

**پادشاھ** [پادشاه] (پ) خان، شاھ، پادىشاھ

خىرامان چىقىپ تەختقە پادشاھ،
كۆرۈنۈش بېرىپ ئاچتۇرۇپ بارگاھ.
— ئا. نىزارى.

**پادشاشەب** [پاشاشب] (پ) كېچىسى شەھەر، بازارلارنى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار، پاششاپ:

سېرىغ ھىرىنى قىلدى پادشاشەب.
كېچە ھېچكىم يامان ئىش قىلماسۇن دەپ.
— مەھزۇن خوتەنى.

**پادشالىغ** [پادشاليغ] پادىشاھلىق

**پادشاھانە** [پادشاهانه] (پ) پادىشاھلارچە، دەبدەبىلىك.

**پادشاھزادە** [پادشاهزاده] (پ) پادىشاھنىڭ بالىسى، پادىشاھ ئەۋلادى.

**پادشاھۋار** [پادشاهوار] (پ) پادىشاھ كەبى، پادىشاھقا ئوخشاش.

**پارە** [پاره] (پ) 1› پارچە، بۆلەك:

ۋەلىكىن تاپالماي ئاڭا چارەئى،
ئورۇپ يەرگە باغرىن قىلىپ پارەئى.
— ئا. نىزارى.

**پارە ئەيلەمەك** — پارچىلىماق، بۆلەك - بۆلەك قىلماق.
**تەختە پارە** — بىر پارچە تاختاي:
قالىپىمەنكى بىر تەختە پارە ئۆزە،
كى سۇ تاشلادى سەڭگخارە ئۆزە.
— ئا. نىزارى.

**پارە جىگەر** — سۆيۈملۈك؛ پەرزەنت
جىگەر پارەسىدىن جۇدا بولدى ئول،
ئەلەم بىرلە ئاخىر فەنا بولدى ئول.
— ئا. نىزارى.

2) يانچىلغان، ئېزىلگەن:
جەبەلنىڭ يۈزىكىم بەسى يارەدۇر،
كى تىرناغى زەخمى بىلە پارەدۇر.
— ئا. نىزارى.

**جىگەر پارە** — كۆڭلى ئېزىلگەن كۆڭلى يېرىم:
دەبان: «كەلسە مۇندا ئەگەر ئاشىقىم،
كۆزى ياشۇ پارە جىگەر ئاشىقىم.»
— ئا. نىزارى.

**پارە بولماق** — يانچىلماق.
3) كىتابىنىڭ بىر بابى، بۆلۈمى:
شەۋكەتى ھۇسنۇڭ بىلە شەئنى جۇنۇنۇمغە باقىپ،
دەفتەرى پەرھاد - شىرىن پارەئى ئەفسانەدۇر.
— ئەرشى.

**پارە - پارە** [پارەپارە] (پ) پارچە - پارچە:
قىلىپ پارە - پارە بۇلار سالىنى،
كى دەرياغە غەرق ئەيلەبان مالىنى.
— ئا. نىزارى.

**پارەسىز** [پارەسىز] پۈتۈن، پارچىلانمىغان، سۇنمىغان؛

**پارەنج** [پارنج] (پ) خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرگە بېرىلىدىغان ئىنئام، سۆيۈنچە

**پارسا** [پارسا] (پ) پەرھىزكار، تەقۋادار، خۇداگۆي، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى:
مەلامەت ئەھلىدىن، ئەي پارسا، ھەزەر قىلىپ كۆر،
كى ھۇسن ئەھلى قويماس ئۆز ئىختىيارى بىلە.
— لۇتفى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

**پارساۋۇ كۇبرا** — تەقۋادار ئۇلۇغلار

ئۆزرە بولماستىن تەزەللۇل ھەم تەمەللۇقدۇر ھەرام،
قىلماغىل سەن پارساۋۇ كۇبراغە غەلىز.
— شەۋقى.

**پارسال** [پارسال] (پ) ئۆتكەن يىل.

**پارسالىغ** [پارسالیغ] تەقۋادارلىق، خۇداگۇيلۇق.

كەل ئەمدى ئەرشى، ئۆز كۆڭلۈڭ سەلاھى پارسالىغدىن،
نېچۇككىم پارە ئەيلەپ خىرقە تاردىن رىدا قىلدىم.
— ئەرشى.

**زوھدى پاسالىغ** — مال ـ دۇنيادىن كېچىپ تەقۋادارلىق قىلىش، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش:

ئاتاۋۇ فەزلىڭ ئەگەر ئىلگە بولماسا، يا رەب،
يوق ئاندا فايىدەسى زوھدى پارسالىغنىڭ
— گۇمنام.

**پارۇ I** [پارو] (پ) سۈپۈرۈندى.

**پارۇ II** [پارو] (پ) كۈرەك؛ پالاق.

**پاس** [پاس] (پ) 1) كېچىنىڭ بىر قىسمى، سەككىزدىن بىرى:

ئۆتۈپ ئىردى تۈندىن داغى ئىككى پاس،
كى ئۇيقۇغە بارغان ئىدى بارچە ناس.
— ئا. نىزارى.

2) ساقلاش، مۇھاپىزەت، رىئايە.

**پاس ئەتمەك** — ساقلىماق، مۇھاپىزەت قىلماق:

قاشۇ مىژگان يوق، يامان كۆز تۈشمەسۈن دەپ ھۇسنىغە،
پاس ئېتەرگە ساغداقىن يانىغا ئاسقاندۇر كۆزۈم.
— گۇمنام.

**پاس تۇتماق** — رىئايە قىلماق، ئەمەل قىلماق:

گەر مۇسۇلمانسەن پەيەمبەر شەرئىگە قىلما خىلاف،
پاس تۇتقىل شەرئىدۇر ئىمانىئى دىلگە غىلاف.
— نەۋبەتى

**پاسىبان** [پاسبان] (پ) مۇھاپىزەت قىلغۇچى، قاراۋۇل، ساقچى:

ھۇزۇرى غەيرىدىن گەرچە ھەرىمى قۇدس ئېرۇر فارىغ،
كى تۇفراق ئۆزگەدىن تاپماقغە بولدى پاسىبان ئاندا.
— ئەرشى.

**پاسىبانلىق** [پاسبانلیق] مۇھاپىزەت، ساقچىلىق:

ئەمانلىق كېتىپدۇر، يامانلىق قالىپ،

تۇرۇپدۇر ئاندا شاھ پاسىبانلىق قىلىپ.
— ئا. نىزارى.

**پاسۇخ** [پاسخ] (پ) جاۋاب.

**پاش** [پاش] (پ) سۆز بىرىكمىسىدە «چاچقۇچى»، «سەپكۈچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ:
نۇ پاش — نۇرچاچقۇچى.
ئاب پاش — سۇ سەپكۈچى.

**پاشەندە** [پاشنده] (پ) چاچقۇچى، سەپكۈچى.

**پاشكەستە** [پاشكسته] (پ) 1 › پۇتى سۇنۇق، توكۇر.
2 › كۆچمە م: قۇدرەتسىز، ئاجىز

**پاشنە** [پاشنه] (پ) 1 › پاشنا، سوڭ؛ تاقا 2 › كۆچمە م: ئاستانە.

**پاغۇندە** [پاغنده] (پ) پاختا، ئېتىلغان پاختا.

**باغۇر** [باغر] (پ) قىل قۇرت كېسىلى.

**پافشار** [پافشار] (پ) ئېگىلمەس، قەيسەر، كۈچلۈك.

**پاك** [پاك] (پ) 1 › پاك، تازا، ساپ:
قىلىپ سۇبھ ئول دەم ياقاسىنى چاك،
كى ئەنۋارىدىن قىلدى زۇلمەتنى پاك.
— ئا. نىزارى.

2 › بىگۇناھ:
ئىككى پاك ئاشىق جەھاندىن كېچىپ،
كى روھى قۇشى خاكدانىدىن كېچىپ.
— ئا. نىزارى.

3 › خالىس:
مەجازىدا كىم بولسا چۈن پاكرەك،
ھەقىقەت ھېسابىنى قىلغاي دەرەك.
— ئا. نىزارى.

پاك ئايىن — پاكىزە، توغرا ئىش تۇتقۇچى.
پاك ئەلفاز — پاك سۆزلەر، يامان نىيەت ئارىلاشمىغان سۆزلەر.
پاك پەيۋەند — ئېسىلزادە.
پاك تەجرىد — بارلىق ھەۋەسلەردىن كەچكەن.
پاك تەدبىر — توغرا تەدبىر.
پاك زاد — ئېسىلزادە، ئۇلۇغ زات.
پاك زېھىن — ئۆتكۈر زېھىن.
پاك شىئار — ياخشى ئادەتلىك، ئەخلاقلىق.

**پاكان** [پاكان] (پ) پاك، تازا، ساپ بولغان:

www.uyghurkitap.com



يا رەب، مۇھەممەد ھۆرمەتى ھەم چەھار يارلار ئۇلفەتى،
ئەزۋاجى پاكان ئىففەتى مەھشەردە قىل ۋەقتىمنى چاغ.
— شەۋقى.

**پاكباز** [پاك باز] (پ) ساداقەتلىك، ۋاپادار، چىن ئاشىق:
زاھىدى پاكباز ئەگەر بادەنى ئەيلەر ئىھتىراز،
قورقىما سوراھى بويلۇغۇم تۇت ماڭا مېھرىبان قەدەھ.
— زەلىلى.

**پاكدامەن** [پاك دامن] (پ) ئىپپەتلىك، يامان يولغا ماڭمىغان.

**پاكدەست** [پاك دست] (پ) پاك قول، ھالال قول.

**پاكراي** [پاك راى] (پ + ئە) ياخشى پىكىرلىك، بىلىملىك.

**پاكرۇ** [پاك رو] (پ) پاك يۈزلۈك، پاكىز.

**پاكى** [پاكى] (پ) پاكىز، تازا.

**پاكىزە** [پاكيزه] (پ) تازا، ساپ، پاكىز.

**پالا** [پالا] (پ) سۈزۈلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ «سۈزگۈچ»
دېگەن مەنىدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىدا كېلىدۇ.
بادە پالا — ماي سۈزگۈچ.

**پالەھەڭ** [پالهنگ] (پ) نوختا.

**پالۇدە** [پالوده] (پ) ساپ، سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈلگەن.

**پامال** [پامال] (پ) «پايمال» غا قاراڭ.
پامالى قەدەم — ئاياغ ئاستىدا قالغان، ئېزىلگەن:
گۈلدەك باشىمە خانا ھەجرىڭدە تۇتاشقان ئوت،
پامالى قەدەم بولغاي بەزم ئىچرە سەمەن سەنسىز.
— گۇمنام.

**پاي** [پاي ] (پ) 1) ئاياغ:
كېلىپ چۇست پەرھادنىڭ قاشىغە،
كى پەند ئەيلەدى پايىدىن باشىغە.
— ئا. نىزارى.

2) ئاست، تەگ، ئاساس:
ئەگەر بەندە سەن بولمە ئازار بەخش،
شىكەستە بولۇپ ئۆزنى قىل پايى نەقش.
— ئا. نىزارى.

**پاياب** [پاياب] (پ) تېيىز، كېچىپ ئۆتكىلى بولىدىغان سۇ.

**پايان** [پايان] (پ) چېگرا، ئاخىر، چەك:
ئەي جەفاچى تۇت غەنىمەت كۆركىنىڭ دەۋرانىنى،
كىم كىشى تاپمايدۇرۇر دەۋرنىڭ پايانىنى.
— مەھزۇن خوتەنى.

پايان ئابه ـ سۇنىڭ تەكتى.
پايان تاپماق ـ تامام بولماق
**پايه** [پايه] (پ) 1 › ئاياغ:
نىگارا خاكى پايىڭغه نىسار ئەز خانۇمانىمدۇر،
دەمى تىيغى هىلالىڭغه فىدا يۈزقاتله جانىمدۇر.
ـــ ئەرشى
2 › باسقۇچ، دەرىجه، مەرتىۋه:
سەرۋ نەهەد بىرله سەركەشلىك قىلۇر قەددىڭ بىله،
بىلگۈرۈر مەيدان ئىچىنده هەر كىشىنىڭ پايەسى
ـــ سەككاكى.
پايه تاپماق ـ مەرتىۋىگه ئىگه بولماق.
3 › ئاست، تەگ:
نەردبان ئولغاندا سىررىڭ چاغى توققۇز چەرخىم،
پايەلەردىن پايه ئىبردى نەيىيىرى ئەئزەم ئەمەس.
ـــ ئەرشى.
**پايەنده** [پاينده] (پ) دائىمي، ئەبەدىي، مۇستەهكەم:
رەهىم قىل گۇمناغه بىرخەسته دۇر زارىڭ سەنىڭ،
دەۋلەتىڭ پايەنده قىلسۇن ئول خۇدايى زۇلمەنەن.
ـــ گۇمنام
**پايبەست** [پايبست] (پ) «پابەسته» گه قاراڭ:
ئۆتەر ئەردىم بىبال ئەفسانەئى ئەنقايى مەغرىبدىن،
سەرى زەنجىرى زۇلفۇڭ بىرله جانا پايبەست ئولدۇم.
ـــ زەلىلى.
**پايبەسته** [پايبسته] (پ) «پابەسته» گه قاراڭ.
**پايبۇس** [پايبوس] (پ) «پابۇس» غا قاراڭ.
**پايدار** [پايدار] (پ) بەرقارار، مەهكەم، دائىمي.
**پايدار بولماق** ـ بەرقارار بولماق، دائىمي بولماق:
چۇشەهزاده تۇرپاندا تاپتى قەرار.
هەمه خاندانلار بولۇپ پايدار.
ـــ ئا. نىزارى،
**پايكار** [پايكار] (پ) خىزمەتكار، چاكار، نۆكەر.
**پايگاه** [پايگاه] (پ) تۇرار جاي؛ بازار:
ئىبادەتنىڭ قىبىلەى پايگاهى خانەئى كەئبەڭ،
ئىزىڭ ئول ئاستانى ئاگى ئۆزره سەجده گاهىمدۇر.
ـــ گۇمنام.

www.uyghurkitap.com

**پايمال** [پايمال] (پ) ئاياغ ئاستى، ئاياغ ئاستى قىلىنغان، ئېزىلگەن:
جەمالىڭ بولماسە ھەرگىز تەماشايى گۈل ئەتمەسمەن،
بارى گۈلشەن گۈلى ئالىمدا خەسدېك پايمالىدۇر.
— گۇمنام.

**پايمال ئەتمەك** — ئاياغ ئاستى قىلماق:
خىرامىڭ چاغى لۇتنى ئەيلەپ نە بولغاي پايمال ئەتسەڭ،
ماڭا بەسكىم تەمەننادۇر كويۇڭدا خاكى پا بولماق.
— ئەرشى.

**پايمال بولماق** — ئاياغ ئاستى بولماق، ئېزىلمەك:
مەن خەستە خەستەك تاك ئەمەس بولسام يولىدا پايمال،
ئۇل گۈل سەمەندىن سەكرەتىپ جەۋلان ئۈزە، جەۋلان ئېرۇر.
— مەھزۇن خوتەنى.

**پايمال قىلماق** — ئەزمەك، ئاياغ ئاستى قىلماق:
كۆڭۈلنى قىلىڭ ئىشق ئارا پايمال،
ئەجەب يوق نەسىب ئۇلسە فەررۇخ جەمال.
— ئا. نىزارى.

**پەدەر** [پدر] ئاتا، دادا:
كى مەھزۇننى ھەمراھ قىلىپ ئۇل سەفەر،
بەلا شۇندا دۇر قايدا بولسا پەدەر.
— ئا. نىزارى.

**پەدەرانە** [پدرانه] (پ) ئاتىلارچە.

**پەدەر بۇزۇرگ** [پدر بزرگ] (پ) بوۋا.

**پەدرۇد** [پدرود] (پ) خوشلىشىش، خەيرلىشىش.

**پەدرۇد ئەتمەك** — خوشلاشماق، خەيرلەشمەك، ۋىدالاشماق:
كى پەدرۇد ئېتىپ چىقتى، بولدى سەۋار،
ئىكەۋ خوبلاشىپ، يىغلاشىپ زار - زار.
— ئا. نىزارى.

**پەدرۇد ئەيلەمەك** — خەيرلەشمەك، ۋىدالاشماق، خوشلاشماق:
ئاقىزىپ ئىككى كۆزىدىن ئىككى رۇد،
ئاتاسى بىرلە ئەيلەدى پەدرۇد.
— نەۋائى.

**پەدىد** [پديد] (پ) پەيدا بولغان، كۆرۈنۈپ تۇرغان، روشەن، ئېنىق:
ئانىڭ رەڭگىدىن زەئفى ئانچە پەدىد،
ئۈرۈپ تاشقە باشىن، بولۇبدۇر شەھىد.
— ئا. نىزارى.

**پەدىد ئەيلەمەك** ـ پەيدا قىلماق
ياساپ ھۇجرەنى ئاندا خاجە سەئىد،
مۇزەييەن بىساتىنى ئەيلەپ پەدىد.
ـ ئا. نىزارى

**پەدىد بولماق** ـ زاھىر بولماق، پەيدا بولماق:
ياڭى ئىككى قەبرى بولۇپدۇر پەدىد،
بۆلەك قەبرلەردىن تۇرۇپدۇر جەدىد.
ـ ئا. نىزارى.

**پەدىد قىلماق** ـ كۆزگە كۆرسەتمەك، پەيدا قىلماق:
ئەجەب ئىشدۇرۇر بولسا بۇ زەر خەرىد،
بۇ يەڭلىغ ھەراكەتنى قىلدى پەدىد.
ـ ئا. نىزارى

**پەدىد ئولماق** ـ زاھىر بولماق، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرماق:
رويى زەمىن ئۆزرە كۆر سۇبھى دەرەختى بەلەند،
سايە پەدىد ئولمادى تانەزەرى بولماسا.
ـ زەلىلى.

**پەدىدار** [پديدار] (پ) پەيدا بولغان، كۆرۈنگەن:
بارۇ خەزان پەدىيدار، قالماس جەھاندا گۇلزار،
نى باغۇ نى سەمەنزار، فەسلى بەھار ئىچىدە.
ـ زەلىلى.

**پەدىدار بولماق** ـ پەيدا بولماق، كۆرۈنمەك:
نەۋ بادەئى فىردەۋس ۋە سەرۋى خىرامان،
ياخىنچەئى تۇبى،
يا بىر ئەلىفى جانغە بۇرەڭ بولدى پەدىيدار،
يا قامەتى زىيبا.
ـ ئەرشى.

**پەدىيدار قىلماق** ـ پەيدا قىلماق، كۆرسەتمەك.

**پەر** [پر] (پ) پەي، قانات:
نىگارىم كۆڭلى مۇلكىن ئالغالى ھاجەت ياراغ ئىرمەس،
نىگۇن قەد بىلە ئاھىم بەس، كەرەكمەس باش ئىلە پەر ھەم.
ـ گۇمنام.

**پەر ئاچماق** ـ قانات ئاچماق، ئۇچماق.

**پەراكەندە** [پراكنده] (پ) تارقالغان، توزىغان، قالايمىقان؛ پەرىشان؛
پەراكەندەلەرنى قىلىپ مۇجتەمىئ،
كى ئۆز جايىدا ئەيلەدى مۇرتەفىئ.

ـ ئا. نىزارى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



**پەرەست** [پرست] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ تېۋىنغۇچى، چوقۇنغۇچى، بېرىلگۈچى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:
بادە پەرەست ـ ئىچىملىككە بېرىلگەن
ئاتە پەرەست ـ ئوتقا چوقۇنغۇچى
مېھمان پەرەست ـ مېھماندوست

**پەرەستار** [پرستار] (پ) 1) تېۋىنغۇچى، چوقۇنغۇچى 2) خىزمەتكار، چۆرە؛ 3) غەمخورلۇق قىلغۇچى.

**پەرەستەندە** [پرستنده] (پ) 1) تېۋىنغۇچى، قۇللۇق قىلغۇچى؛ 2) خىزمەتچى، چۆرە 3) ياخشى كۆرگۈچى.

**پەرەستىش** [پرستش] (پ) تېۋىنىش، چوقۇنۇش.

**پەرەن** [پرن] (پ) «پەرەندە» گە قاراڭ.

**پەرەند** [پرند] (پ) يۇپقا يىپەك، ئەۋرىشىم.

**پەرەندە** [پرنده] (پ) ئۇچار قانات.

**پەرتاب** [پرتاب] (پ) ئېتىش (ئوق ھەققىدە).
پەرتاب ئەتمەك ـ ئاتماق.

**پەرتەۋ** [پرتو] (پ) نۇر، شولا، يورۇقلۇق:
تۇرى پاكىڭ پەرتەۋىدىن بىزگە ئىسيار ئەيلەدىڭ،
دىن ئۆيىگە تا قىيامەت نۇرى ئىماندىن سىراج.
ـــ شەۋقى.
پەرتەۋ ساچماق ـ نۇر چاچماق:
چەشم گىريانىم جىلا تاپتى ئىزى پەرتەۋ ساچىپ،
ئىتىنىڭ ھەر نەچچەسى يۈز نەچچەئى مەھدۇر مەگەر.
ـــ ئەرشى.

**پەرتەۋرا** [پرتورا] (پ) نۇر ئىزى، نۇر سىزىقى، شولا:
مەھۋەشىم رۇخسارىدىن خۇرشىدى پەرتەۋراسى بار،
خىزر خەتتى ئاستىدا لەئلى مەسىھ ئەنفاسى بار.
ـــ ئەرشى.

**پەرتەۋلىغ** [پرتوليغ] روشەنلىك، پارلاقلىق.

**پەرتەۋى** [پرتوى] (پ) نۇرلۇق، نۇرانە:
پەرتەۋى ھۆسنۈڭ قەمەرمۇ، لەززەتى لەئلى شەكەر،
بولۇ بان شىرىن سەمەر ھەر سۆزىدىن ھاسىل يىگىت.
ـــ ئەرشى.

**پەرخاش** [پرخاش] (پ) جەڭ، ئۇرۇش.
پەرخاش قىلماق ـ جەڭ قىلماق، ئۇرۇشماق.

**پەرداخت** [پرداخت] (پ) زىننەت، بېزەك.

پەرداخت قىلماق ــ زىننەتلىمەك.

**پەرداز** [پرداز] (پ) باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ «قىلغۇچى، ئەتكۈچى، ئۇستا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

ئەفسانە پەرداز ــ ھېكايە، چۆچەكلەرنى ئېيتقۇچى.
چارە پەرداز ــ چارە تاپقۇچى.
خارە پەرداز ــ تاش يونغۇچى، تاشتىراش.
سېھر پەرداز ــ سېھىر قىلغۇچى، سېھىرگەر؛ سەنئەتكار.
كىنە پەرداز ــ دۈشمەنلىك قىلغۇچى، ئاداۋەت ساقلىغۇچى.
نۇكتە پەرداز ــ مەنىلىك سۆز قىلغۇچى، گۈزەل سۆز ئۇستىسى.

**پەردە** [پرده] (پ) 1) پەردە، توسۇق:

خەلاس ئولماق ئۈمىد ئەتسەڭ بۇ ئىككى پەردە زۇلمەتدىن.
شەبىستانى ۋۇجۇدۇڭغە ئىبادەت شەمئى كەلتۈرمىش.
ــ شەۋقى.

پەردە سالماق ــ پەردە چۈشۈرمەك، پەردە ياپماق:

مەگەر تەشرىق ئەتسە، ئەرشىيا، سال پەردە سىدىنىڭىم،
كۆزۈڭ مەئۋالار ئەيلەپ، مەسنەدى شاھانە ئاندىن كۆپە
ــ ئەرشى.

پەردە كۆپمەك ــ پەردە كۆتۈرۈلمەك، سىر ئېچىلماق.
پەردەئى ئابگۇن ــ ئاسمان مەنزىرىسى.
پەردەئى راز ــ سىر پەردىسى، سىر.
پەردەئى شام ــ تۈن كېچە.
پەردەئى شەرم ــ ھايا پەردىسى، ئۇيات.
پەردەئى مۇشكىن ــ 1) قارا پەردە 2) كۆچمەم: قاراڭغۇ كېچە.
پەردەئى ئىسمەت ــ پاكلىق پەردىسى.
2) دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق سازلارنىڭ پەدىسى.

**پەردە باف** [پرده باف] (پ) پەردە توقۇغۇچى.

**پەردە پۇش** [پرده پوش] (پ) پەردە ياپقۇچى؛ توسۇق:

قىلدى دەرياغە بۇ خارىڭ پەردە پۇش،
مېھرى ئوتىدىن تۆشمەسۇن دەپ سۇغا جۇش.
ــ نەۋائى.

**پەردەدار** [پرده دار] (پ) پەردە تۇتقۇچى؛ ئىشىك باقار:

پەردەدارى ھەزرەتى ھەق بولغانىڭ مەئلۇم ئۇچۇن،
مەرقەدىڭ تۇرى تەجەللى جىلۋەسى نۇرى ھۇدا.
ــ زەلىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پەردەدەر [پردەدەر] (پ) پەردە يىرتقۇچى، سىر ئاچقۇچى.
پەردەگى [پردەگی] (پ) پەردىلىك؛ يوشۇرۇن.
پەرران [پران] (پ) ئۇچقان هالدا، ئۇچىدىغان، ئۇچقۇچى.

ئەي پەرى بىتابلىقدىن بەرقدەك پەررانمۇ سەن؟
ئوت ساچىپ هەريان يۈزۈڭدىن ئافەتى دەۋرانمۇ سەن؟

— ئەرشى.

پەرران ئەتمەك — ئۇچۇرماق.
پەرران بولماق — ئۇچماق.
پەرران ئۆتمەك — ئۇچقاندەك تېز ئۆتۈپ كەتمەك:

چۇ ئول ئوق بارىپ تەگدى چۈنكى سىنان،
سىنان يوقكى، پەرران ئۆتۈپ ئوق يىلان.

— ئا. نىزارى

پەرزەدە [پرزدە] (پ) 1 › قانات قاققان 2 › قانىتى قىرقىلغان 3 › چەككۈچى بىلەن چېكىلگەن.
پەرزور [پرزور] (پ) 1 › كۈچلۈك، قابىل 2 › شىددەتلىك، قاتتىق.
پەرسەش [پرسش] (پ) سوئال سوراش، سوئال قويۇش؛ سوئال، مەسىلەن:

پەرسەشى ئىسيان سەۋاب ئەيلەگەي،
ئالەمى ئادەمگە خىتاب ئەيلەگەي.

— زەلىلى

پەرگاه [پرگاه] (پ) شال پاخىلى:

دېدىكىم: «ئايا دەرد ئەهلىگە شاه،
كى ئىشق ئەهلى قاشىڭدا بىر پەرگاه.»

— ئا. نىزارى.

پەركەچى [پرکەچی] تاج تىككۈچى:

باكاۋۇل پاشاهغە پەركەچىدۇر،
بىلىپ دىۋانغە ئىش يەتكۈرگۈچىدۇر.

— مەهزۇن خوتەنى.

پەركەند [پرکند] (پ) پارچە، بۆلەك.
پەركەند ئەيلەمەك — پارچىلىماق.
پەركەند - پەركەند — پارچە - پارچە
پەركەندە [پرکندە] (پ) قانىتى يۇلۇنغان.
پەرگار [پرکار] (پ) دۈگىلەك، ئەندىزە، سىركول.
پەرگالە [پرکالە] (پ) تىتىلغان، يىرتىلغان، پارچە، بۆلەك،
پەرگالە - پەرگالە — پارچە - پارچە، پارە - پارە؛ ۋەيران:

چۇ دەريا باشىدا قىلىپ نالە كۆپ،

ئۆزىن قىلدى پەرگالە-پەرگالە كۆپ.
— ئا. نىزارى.

**پەرنەيان** [پرنيان] (پ) يىپەكتىن توقۇلغان نىپىز رەخت:
ئىشىكىلىك تۇپراقى مەجرۇھ بولغان جانۇ تەنلەرغە،
شىفالىق مەرھەمى بولدى بىساتى پەرنەيان كېلدى.
— سەككاكى.

**پەرھىز** [پرهيز] (پ) ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ساقلىنىش، پەرھىز:
مەيى لەئلىك خەيالى چەشمەسى كۆڭلۈم سارى ئاقىب،
يۇدى پەرھىز تۇپراغىنى ھەر نەچچە غۇباردىم بار.
— گۇمنام.

**پەرۇبال** [پروبال] (پ) قانات-قۇيرۇق:
باسىپ تۇخمىنى چۇن چىقاردى بالا،
پەرۇبال ئىلەكىم بولۇپ خۇشنەما.
— ئا. نىزارى.

**پەرۇبال ئاچماق** — قانات-قۇيرۇقىنى يايماق، ئۇچماق.

**پەرۋا** [پروا] (پ) سەۋر-تاقەت؛ رىغبەت، ئېتىبار، قىزىقىش:
نەچچە بىپەرۋا ئېيسەڭ گەر ھۆسن ئىستىغناسىدىن،
قىلغاي ئېردىك گاھى-گاھى ئەرشىغە پەرۋا يىگىت.
— ئەرشى.

**پەرۋاز** [پرواز] (پ) 1) ئۇچۇش، قانات قېقىش.
**پەرۋاز ئەتمەك** — ئۇچماق، قانات قاقماق:
مۇھەببەت ھەۋاسىدا پەرۋاز ئېتەي،
ھەرەمگە بارىپ بىر نەچە راز ئېتەي.
— ئا. نىزارى

2) ئۇچقاندەك تېز:
گەر ئالسە قولىغا شەمشىرى جانباز،
سالىپ كۇفر ئەھلىنىڭ جانىغە پەرۋاز.
— موللا پازىل.

**پەرۋانە** [پروانه] (پ) 1) شام، چىراغ ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان كېپىنەك، پەرۋانە:
چۇ پەرۋانە ئەيلەپ ۋۇجۇدىن فەنا،
بولۇر ئاقىبەت شەمئ ھەم بىزدىا.
— ئا. نىزارى.

2) كۆچمە م: سۆيگىنىگە بېرىلگەن، مەپتۇن بولغان:
يۈزى شەمئىغە ئەسىرۇ پەرۋانەمەن،
كى پەرۋانەدەك ھەرزەمان يانەمەن.
— ئا. نىزارى.

www.uyghurkitap.com

پەرۋانەدەك ــ پىرقىراپ، ئايلىنىپ:
چۇ مەجنۇن كىرىپ يارنىڭ قاشىغە،
كى پەرۋانەدەك ئۆيرۇلۇپ باشىغە.
ــ ئا. نىزارى.

**پەرۋانەۋار** [پروانەوار] (پ) پەرۋانە كەبى، پەرۋانىدەك؛ بىرلىگەن:
ئۆرتەدى شەمئىغە دائىم پەرۋانەۋار،
يىغلار ئەردى چۇنكى ئەبرى نەۋبەھار.
ــ خەراباتى

**پەرۋەر** [پرور] (پ) باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ تەربىيىلىگۈچى، قوللىغۇچى، ئۆستۇرگۈچى، قۇۋۋەتلىگۈچى، سۆيگۈچى دىگەن مەنىلەردە كىلىدۇ.
جان پەرۋەر ــ جانلاندۇرغۇچى.
خىرەد پەرۋەر ــ ئەقىللىق.
سىفلە پەرۋەر ــ تۆۋەنلىكنى قۇۋۋەتلىگۈچى:
ئىرۇر سىفلە پەرۋەر ئانىڭ قىلمىشى،
ئەمەسدۇركى ئىمىن ئانىڭدىن كىشى.
ــ ئا. نىزارى.
غەم پەرۋەر ــ غەم بىلەن ئۆسكەن، غەمكىن.
ناز پەرۋەر ــ نازلىق قىلغۇچى:
تۇرفە كىم سەرگەشتەلىك ھەم قىلغاي ئول ئەفكەندەلىك،
لىك ئىتەر بۇ شىيۋەلەرنى ناز پەرۋەر ئەگمە قاش.
ــ ئەرشى.
نەقش پەرۋەر ــ نەقشنى سۆيگۈچى
قۇدرەتىن نەققاشى ھىكمەت نەقش پەرۋەر ئەيلەدى،
گۇل مەشامىن ئەيلەدى، سۇمبۇل مۇئەتتەر ئەيلەدى.
ــ ئەرشى.

**پەرۋەرەد** [پرورد] (پ) باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ تەربىيىلەنگەن، ئۆسكەن دىگەن مەنىدە كىلىدۇ.
دەرد پەرۋەرەد ــ دەرد بىلەن ئۆسكەن، دەرد مەن.
ناز پەرۋەرەد ــ ناز قىلىشقا ئۆگەنگەن.

**پەرۋەردە** [پرورده] (پ) تەربىيىلەنگەن، پەرۋىش قىلىنغان.
پەرۋەردە تاپماق ــ تەربىيىلەنمەك.
پەرۋەردە قىلماق ــ تەربىيىلىمەك.

**پەرۋەردىگار** [پروردكار] (پ) بارلىقنى ياراتقۇچى، خۇدا:
چۇ گەنجى سىكەندەر بولۇپ ئاشكار،
ساڭادۇر نەسىب لۇتفى پەرۋەردىگار.
ــ ئا. نىزارى

**پەرۋەرش** [پرورش] (پ) تەربىيلەش، ئۆستۈرۈش.

**پەرۋىزەن** [پرويزن] (پ) غەلۋىر، ئەگلەك.

**پەرۋىن** [پروين] (پ) ئۈركەر يۇلتۇز.

كى خۇرشىد خاۋەر يۈزى كۆزگۈسى،
قولاقىغە پەرۋىن ئېرۇر ئۈنچۈسى.

— ئا. نىزارى.

**پەرى** [پرى] (پ) 1› پەرى 2› گۈزەل، چىرايلىق:

قاچىپ كىردى تەخت، ئاستىغە ئول زەمان،
پەرى ئول زەمان بولدى كۆزدىن نىھان.

— ئا. نىزارى.

**پەرى پەيكەر** — پەرى سۈرەتلىك، گۈزەل، چىرايلىق.

**پەرى رۇ** — پەرى يۈزلۈك، گۈزەل:

ئىستەسەم گەرچە پەرى رولار تەمامىن دەھر ئارا،
بارچەسى خەرمۇھر، بۇ بىر گەۋھەرى ۋالا يىگىت.

— ئەرشى.

**پەرى رۇخ** — پەرى يۈزلۈك، گۈزەل:

كېلىپ بىر گەۋھەرى يەكتا پەرى رۇخ،
نۇبۇۋۋەت بەھرىدىن زىبا پەرى رۇخ.

— شەۋقى.

**پەرى رۇخسار** — پەرى يۈزلۈك، گۈزەل، چىرايلىق.

**پەرى كەھ** — قايسى بىر پەرى، قانداقتۇر بىر پەرى:

چەشم گىريانىم ۋۇجۇدۇمنى قىلۇر ئانداغ خەيال،
ھەلقەئى گىردابغە تۈشكەن پەرى كەھدۇر مەگەر.

— ئەرشى.

**پەرىزاد** [پرىزاد] (پ) پەرىدىن تۇغۇلغان، گۈزەل:

خەيال ئەيلەدى: «بۇ مېنىڭ لايىقىم،
ئۆيۈمدە پەرىزاد بولغاي مۇقىم.»

— ئا. نىزارى.

**پەرىزاد ئەجناسى** — پەرىزاد جىنسى، پەرىزات ئەۋلادى:

ئەرەم باغىنىڭ سەرۋى رەئناسىمۇ،
ۋە ياخود پەرىزاد ئەجناسىمۇ؟

— ئا. نىزارى.

**پەرىزادە** [پرىزاده] (پ) «پەرىزاد» قا قاراڭ.

**پەرىسان** [پرىسان] (پ) پەرى كەبى، پەرىگە ئوخشاش؛ گۈزەل.

**پەرىشان** [پريشان] (پ) 1› چېچىلغان، تارالغان، تەرتىپسىز:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلى ئەشكىم لالەگۈندۇر لەئلە رەخشانىن كۆرۈپ،
خاتىرىم ئاشۇفتەدۇر زۇلفى پەرىشانىن كۆرۈپ.
— ئەرشى.

2) پاراكەندە:
ئويقىدا ئېركەن مەگەر زۇلفۇڭنى تاغىتتى سەبا،
كىم، بىرەر يۇمسام كۆزۈم چۇشۇم پەرىشان كۆرۈنۇر.
— لۇتفى.

**پەرىشان ئەيلەمەك** — چاچماق؛ پاراكەندە قىلماق، بىئارام قىلماق:
جانۇ كۆڭلۇمگە قويۇپ ئەمدى يىتمىلىك داغىنى،
بۇ تىرىكلىكدىن داغى كۆڭلۇم پەرىشان ئەيلەدىڭ.
— ئا. نىزارى.

**پەرىشان خاتىر** — خاتىرجەمسىز، بىئارام:
كى مەجنۇن ئاسا رەۋان بولدى ئول،
پەرىشان خاتىر يۈرۈپ كەزدى يول.
— ئا. نىزارى.

**پەرىشان ئولماق** — چېچىلىپ كەتمەك، بىئارام بولماق:
بۇ ئىشغە ئاتاسى پەرىشان ئولۇپ،
دېدى ھەم ئاناسى ھەراسان ئولۇپ.
— ئا. نىزارى.

**پەرىشانلىغ** [پريشانليغ] تارقاقلىق؛ پاراكەندىچىلىك، بىئاراملىق:
يۈزىگە ساچتىم ئۈگۈن تەگمىسۇن پەرىشانلىغ،
كۆڭۈلنى ئول تۈنۈر كۈن نېچە مۇپتەلا قىلسا.
— لۇتفى.

**پەرىۋەش** [پرى‌وش] (پ) پەرىگە ئوخشاش، گۈزەل:
پەرىۋەش بىلە ئۈچتى ئانداغ پەرى،
ئانى كەلتۈرۈپ بارچەدىن ئىلگەرى.
— ئا. نىزارى.

**پەزىر** [پذير] (پ) سۆزلەرگە قوشۇلۇپ قوبۇل قىلغۇچى، ياققۇچى، تاپقۇچى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ:
تەبئ پەزىر — كىشىنىڭ تەبىئىتىگە ياقىدىغان، يېقىملىق.
دەرمان پەزىر — دەرمان تاپقان، دەرمانلىق:
كۆڭۈلنى دەرد ئىلە دەرمان پەزىر ئەت،
كىشىكىم دەردى يوق ئول ھېچ كارە.
— ئەرشى.

دىل پەزىر — كۆڭۈلگە ياققۇچى، يېقىملىق.

سىھھەت پەزىر ــ ساغلام:
چېكىپ زەخمىنىڭ دەردىنى ئۇل ۋەزىر،
ياتىپ نەچچە كۈن بولدى سىھھەت پەزىر.
ـــ ئا. نىزارى.
نەسھەت پەزىر ــ نەسىھەتنى قوبۇل قىلغۇچى، نەسىھەتنى ئاڭلىغۇچى:
كىمكى بولۇر مۇندا نەسىھەت پەزىر،
باسقان ئانىڭ تۇپراغى مۇشكى ئەبىر.
ـــ زەلىلى.
نەقش پەزىر ــ نەقىشنى قوبۇل قىلغۇچى، ئۆزلەشتۈرگۈچى.
**پەزىرە** [پذیره] (پ) قوبۇل قىلىش، قارشى ئېلىش.
پەزىرە كەلمەك ــ ماقۇل بولماق.
**پەژمان** [پژمان] (پ) غەمكىن، سۇلغۇن؛ بىئارام.
جانى پەژمان ــ غەمكىن روھ، ئېزىلگەن ۋۇجۇد.
**پەژمۇردە** [پژمرده] (پ) 1) سۇلغۇن، بۇزۇلغان، خاراب بولغان:
ۋەلايەت بولۇپ ئېردى پەژمۇردەئى،
ئەدۇ خەيلى زەربىدىن ئەفسۇردەئى.
ـــ ئا. نىزارى.
2) غەمكىن، غەم باسقان:
قەبىلە بارى بىلدى ئۇل ھالنى،
سوراپ كەلدى پەژمۇردە ئەھۋالنى.
ـــ ئا. نىزارى.
پەژمۇردە بولماق ــ غەمكىن بولماق؛ ۋەيران بولماق:
كى پەژمۇردە بولدى گۈل ئەھمەر يۈزى،
كىشى بىلمەس ھالىن مەگەر ئۇل ئۆزى.
ـــ ئا. نىزارى.
پەژمۇردە قىلماق ــ سۇلدۇرماق، ۋەيران قىلماق:
فەلەكنى قىلغۇسى پەژمۇردە ئەزبەس سوزى ئەفغانىم،
مەدارى مەزھەبۇ ئايىنى شەمئى شەب رەۋان كەتمىش.
ـــ ئەرشى.
پەژمۇردە ھال ــ ۋەيران، بىئارام:
ۋەزىر ھەم بولۇپ ئانچە پەژمۇردە ھال،
غەزەبدىن قىلىپ ئۆلتۈرۈشكە خەيال.
ـــ ئا. نىزارى.
**پەژۋەھ** [پژوه] (پ) تەكشۈرگۈچى، تەتقىق قىلغۇچى.
دانىش پەژۋەھ ــ ئىلىم تەتقىق قىلغۇچى.

www.uyghurkitap.com



دىن پەژۋە ــ دىن تەتقىق قىلغۇچى.

**پەست** [پست] (پ) تۆۋەن، پەس.
پەست قىلماق ــ پەسەيتمەك، توختاتماق:
تۇگەتتى سۆزىن، يۇمدى ئۇل كۆزىنى،
كى جان تاپشۇرۇپ پەست قىلىپ سۆزىنى.
ــ ئا. نىزارى.

**پەسۋپىش** [پسرو پش] (پ) ئىلگىرى ـ كېيىن، ئىلگىرى ـ ئاخىر:
غەمــكى دىن غەمدۇر ئەسلى غەم ئەگەر بىلسەڭ،
چۇنانكى خوب قارا ئىبرەت كۆزۈڭ بىلەن پەسۋپىش.
ــ شەۋقى.

**پەسىچ** [پسيچ] (پ) 1) تەييار، تەييارلاپ قويۇلغان يۈك 2) قىممەتلىك.
**پەشمىن** [پشمين] (پ) يۇڭدىن توقۇلغان، يۇڭلۇق.
پەشمىن كىسۋەت ــ يۇڭدىن ئىشلەنگەن كىيىم.
**پەشمىنە** [پشمينه] (پ) 1) يۇڭ چەكمەن، يۇڭدىن توقۇلغان رەخت، 2) يۇڭ كىيىم:
يايىپ ساچىنى ئۆزىنى يۇرگەدى،
كى پەشمىنە بىرلە تەنىن چۇرگەدى.
ــ ئا. نىزارى.

**پەششە** [پشه] (پ) پاشا:
ئەگەر ئىشق قىلسە بىرەۋنى ئەسىر،
ئەگەر پەششە بولسا، بولۇر مىسلى شىر.
ــ ئا. نىزارى.

**پەشم** [پشم] (پ) يۇڭ، موي
**پەشنەد** [پشند] (پ) يېقىمسىز.
**پەشىز** [پشيز] (پ) 1) ئەرزىمەس 2) پارچە پۇل، ئۇششاق پۇل،
**پەغنە** [پغنه] (پ) باسقۇچ، پەلەمپەي.
**پەگاھ** [پگاه] (پ) ئەتىگەن، سەھەر، تاڭ.
**پەلەڭ** [پلنگ] (پ) قاپلان:
مەئانى بىشەسىدە شىرۇ ئەژدە ھالار بار،
پەلەڭى جەئفەرى سادىقنى ئىستىخارە قىلاي.
ــ زەلىلى.

**پەلىد** [پليد] (پ) ناپاك، نىجىس:
كۆرۈڭ قەترە پەلىدنى پاك قىلدى،
كى بەردى جاننى، ئاخىر خاك قىلدى.
ــ موللا پازىل.

**پەناھ** [پناه] (پ) 1) ھىمايە، ياردەم، باشپاناھ:
ھەقايىق پەناھ نەچچە قۇتبى ۋەلى،
چۇ كاشغەر نەۋاھىن قىلىپ مەنزىلى.
— ئا. نىزارى.
2) سىغىنىدىغان، ياردەم سورايدىغان جاي:
كېلىپمەن بۇ يەرگە پەناھ ئىستەبان،
سېنى ئىشق ئەھلىغە شاھ ئىستەبان.
— ئا. نىزارى.
**پەناھ ئەيلىمەك** — سىغىنماق، پاناھلانماق:
تاپاي چۇن فەنا قافىغە شاھ راھ،
سەئادەت ھەرىمىنى ئەيلەي پەناھ.
— ئا. نىزارى.
**پەناھ بەرمەك** — ئۆز ھىمايىسىگە ئالماق.

**پەنج** [پنج] (پ) بەش
**پەنج گەنج** — بەش خەزىنە؛ خەمسە.

**پەنجە** [پنجه] (پ) قول، بارماق، چاڭگال:
پەنجەڭنى كۆرەر ئىبسەم بەناگاھ،
قىلغۇمدۇ خەيال زاتى ئەللاھ.
— ئەرشى.
**پەنجە خۇرشىد** — كۆچمەم: قۇياش نۇرلىرى.

**پەنجاھ** [پنجاه] (پ) ئەللىك.
**پەنجاھۇ ھەفت** — ئەللىك يەتتە:
ۋەرەقغە كىتابەت ئىشى بولدى سەبت،
ھەزارۇ دۇسەد باز پەنجاھۇ ھەفت.
— ئا. نىزارى.

**پەند** [پند] (پ) نەسىھەت، تەربىيە:
ئەي قاياشىم، سال قۇلاق بۇ پەندىغە،
گەپنى ئاز قىل ئىرشاد ئىرسەڭ قەندىغە.
— خەراباتى.
**پەند ئەھلى** — نەسىھەت قىلغۇچىلار.
**پەند ئەيلەمەك** — نەسىھەت قىلماق، تەربىيە بەرمەك:
كېلىپ چۇست پەرھادنىڭ قاشىغە،
كى پەند ئەيلەدى پايىدىن باشىغە.
— ئا. نىزارى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**پەند قىلماق** ـ نەسھەت قىلماق:
ئانى بىز تاپىپ پەند قىلساق كېرەك،
قەبۇل ئەتمەسە بەند قىلساق كېرەك.
ـ ئا. نىزارى.

**پەند پەزىر** [پند پزير] (پ) نەسھەتنى قۇلىقىدا تۇتىدىغان، نەسھەت ئاڭلايدىغان.

**پەھلەۋان** [پهلوان] (پ) باتۇر، قەھرىمان، يۈرەكلىك
نىھان ساقلاسە بىر نەچچە خادەمى،
بولۇپ پاسىبان پەھلەۋان ئادەمى.
ـ ئا. نىزارى.

**پەھلەۋانانە** [پهلوانانه] (پ) قەھرىمانلارچە.

**پەھلۇ** [پهلو] (پ) يان، بىقىن، قانات.

**پەي I** [پى] (پ) ئاياغ، قەدەم:
بۇ غەم بەزمىدە تۇت، ئەي ساقى، مەي،
ھەياتى ئەبەدكە بولاي نىك پەي.
ـ ئا. نىزارى.

**پەي قويماق** ـ ئاياغ باسماق. 2 > ئىز:
كۆكۆل ئەگرەش خىرەد پەيدىن ئەبەس تۇت،
تۇرۇپ بۇلبۇل زەغەن سەۋتى چەكارە.
ـ ئەرشى.

**پەي سالماق** ـ ئىزدىغا چۈشمەك.

**پەي II** [پى] (پ) تومۇر، نېرۋا يىپلىرى:
ئەز پەي كۇشتەھە كىرگەيلەر ھەمە،
ھەر بىرىنىڭ كۆكلىدە يۈز زەمزەمە.
ـ زەلىلى.

**پەيام** [پيام] (پ) خەۋەر، دېرەك:
چۇ تەييار ئېتىپ نامەئى خۇش كەلام،
ئىبەردى ئاڭا ئۆزرە ئامىز پەيام.
ـ ئا. نىزارى.

**پەيام تاپماق** ـ خەۋەر تاپماق، خەۋەردار بولماق.
**شىرىن پەيام** ـ خۇش خەۋەر، يېقىملىق خەۋەر:
سەلامەت يەتكەچ ئوق لۇتنى ئەيلەبان شىرىن پەيامىڭنى،
نە بولدى گەر ئىبەرسەڭ بۇ ھەزىن كۆڭلۈمنى شاد ئەيلەپ.
ـ ئەرشى.

**پەيامئاۋەر** [پيام آور] (پ) خەۋەر كەلتۈرگۈچى

**پەياپەي** [پياپى] (پ) قاتمۇ قات، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ، ئارقىمۇ ـ ئارقا:

سەبا يەتكۆرسە بۇ ئوتلۇغ پـەيا پەي دەرد ئىلە كۆڭلۈم،
نى تاڭ فەرياد قىلسە ئەرغەنۇن بىرلە باياد ئەيلەپ.
— ئەرشى.

**پەيامبەر** [پيامبر] (پ) «پەيغەمبەر» گە قاراڭ.

**پەيەمبەر** [پيمبر] (پ) «پەيغەمبەر» گە قاراڭ:
پەيەمبەر ئىدى هەزرەتى زىكرىيا،
ئىبەردى بۇ دوستىغا تۇرلۇك بەلا.
— ئا. نىزارى.

**پەيەمبەران** [پيمبران] (پ) [بىرلىكى: پەيەمبەر] پەيغەمبەرلەر:
يېتىشسەلەر چى ئەجەپ پەرتەۋى شەفائەتدىن،
بىهەققى هۇرمەتى نامى پەيەمبەران تارىخ.
— شەۋقى.

**پەيرەۋ** [پيرو] (پ) ئەگەشكۈچى، ئىزىدىن ماڭغۇچى:
مەدايىن ئىلى شاهى خۇسرەۋ ئىدى،
كى هورمۇز مەقامىدا پەيرەۋ ئىدى.
— ئا. نىزارى.

**پەيرەۋ** بولماق — ئەگەشمەك، ئىزىدىن ماڭماق.
**پەيرەۋ** كەلمەك — ئەگەشمەك، ماسلاشماق.

**پەيرەۋلىق** [پيرولىق] تەۋەلىك، ئەگەشكەنلىك:
ئىشق ئىستەر بولسا مەجنۇن ئەيلەگەي پەيرەۋلىقىم،
يولنى نې بىلگەي كىشى تارەھنەما كۆرسەتمەگەي.
— بابىر

**پەيرەۋى** [پيروى] (پ) 1) ئىزىدىن مېڭىش، تەۋە بولۇش؛ 2) تەۋەلىك.
**پەيرەۋى** قىلماق — ئەگەشتۈرمەك، تەۋە قىلماق:
لىسانى غەيبىگە سەن پەيرەۋى قىلالماس سەن،
زەلىلى شوخلۇقۇڭ تۇتتى مەرهەبا قىلايىن.
— زەلىلى.

**پەيرەۋىدە** قىلماق — تەۋەلىكىدە، هۇزۇرىدا قىلماق
مېنى پەيرەۋىدە قىلىپ مۇستەقىم،
جەنابىڭدا بۇ قۇلنى قىلغىل مۇقىم.
— ئا. نىزارى.

**پەيغام** [پيغام] (پ) خەۋەر، دېرەك:
يارنىڭ پەيغامىدىن تاپتى تەنى فەرسۇدە جان،
ئىبسە ئەئجازى مەگەر مۇزمەر دۇرۇر پەيغامىدا.
— بابىر.

www.uyghurkitap.com

پەيغام ئەھلى ــ ئەلچىلەر، خەۋەرچىلەر.
پەيغام قىلماق ــ خەۋەر قىلماق، ئاگلاتماق.
پەيغام ئولماق ــ خەۋەر يەتمەك، ئاگلانماق.

**پەيغامگەر** [پیکام کر] (پ) خەۋەر قىلغۇچى، سالام يەتكۈزگۈچى.

**پەيغەمبەر** [پیغمبر] (پ) خۇدادىن بەندىلەرگە خەۋەر كەلتۈرگۈچى، رەسۇل، ئەلچى.

**پەيك** [پیلك] (پ) خەۋەرچى، ئەلچى.

مۇژدە بەرگەيمۇ سۇلەيمانۇ نەبىدىن خەلقئارا،
تاجدارۇ ھۇد ـ ھۇدى پەيكى سابا كەلتۈرمىشەم.
ــ زەلىلى.

پەيكى خەيال ــ خىيالغا كەلتۈرگۈچى، خىيال ئەلچىسى.
پەيكى نەسىم ــ ئىللىق شامال ئەلچىسى.

**پەيكار** [پیکار] (پ) ئۇرۇش، جەڭ.

**پەيكان** [پیکان] (پ) 1) ئوقيا ئوقنىڭ ئۇچى، ئوق:

ئوقىدا پەيكان ئەمەس بىر قەترە ھەيۋان سۈيىدۇر،
يەتكەچ ئوق جانسىز تەنىمغە جان ئۇشۇل پەيكان بىرۇر.
ــ بابىر.

تىيرى پەيكان ــ ئوق ئۇچى:

تىگىپ تىيرى ئىشقى ئەزىز جانىغە،
ھەدەف بولدى جان تىيرى پەيكانىغە.
ــ ئا. نىزارى.

ناۋەكى پەيكان ــ ئوقيا ئۇچىدىكى تۆمۈر:

نەگە تۇردۇڭ دەرسىلەر مەھشەردە لۇتفى دۇنيىدىن،
كۆرگۈزەي باغرىمىدەغى ناۋەكلەرىڭ پەيكانىنى.
2› تىكەن. 3› كۆچمە م: كىرپىك:

كۆز ئۇچى بىلە باقتى، تەگدى تىيرى مىژگانى،
سىينەم ئۆزرە پەيكانى رەھنە قىلدى ۋەيران، قىز.
ــ نەۋبەتى.

**پەيكەر** [پیکار] (پ) 1› گەۋدە، بوي:

بەيابانى ئەدەمدە پەيكەرىمنى لەختە قان ئەتكەچ،
چۇدۇر رەۋشەن ئولدى خاتىرىم سەيرى، جەھان ئەتكەچ.
ــ زەلىلى.

2› سۇرەت، شەكىل:

تەن ئىچىدىن بەلگۇرۇر جانىڭ سەنىڭ،
شىشە يا مىرئات ئولۇپتۇر پەيكەرىڭ.
ــ گۇمنام.

پەرى پەيكەر ــ پەرى سۈرەتلىك.
دىۋ پەيكەر ــ بەتھەيۋەت، دىۋە سۈرەت
كوھ پەيكەر ــ تاغدەك، تاغ سۈرەتلىك.
بولۇپ كوھ پەيكەر ئاتىغە سەۋار،
قىلىپ ئەژدەھا سارىغا ئىختىيار.
ــ ئا. نىزارى.

3 › يۈز، چىراي.
ماھ پەيكەر ــ ئاي يۈزلۈك.
4 › كۆرۈنۈش، قىياپەت:
عەرق ئېتىبدۇر پەيكەرىمنى، ئاھكىم، گىردابى غەم،
كىم سەلامەت قالغۇسى ئالەمدە بۇ توپان بىلە.
ــ ئا. نىزارى.

**پەيما** [پيما] (پ) باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ «تارتقۇچى، ئۆلچىگۈچى؛ يۈرگۈچى، كەزگۈچى، تۇتقۇچى» مەنىسىدە كېلىدۇ:
بادە پەيما ــ مەي تۇتقۇچى؛ ساقى.
بەھر پەيما ــ دەريا كەزگۈچى، دېڭىز ساياھەتچىسى.
قەدەھ پەيما ــ قەدەھ تۇتقۇچى:
مەستمەن بىر باقماغىنىدىنكىم، جەھانغا كەلمەگەي،
كۆزلەرى جامى بىلە مۇنداغ قەدەھ پەيما يىگىت.
ــ ئەرشى.

**پەيمان** [پيمان] (پ) ۋەدە، ئەھدە:
بىر قاتىغ جانلىغ جەھاندا كۆرمەدىم كۆڭلۈم بىكىن،
كىم چىكەر جەبرۇ بۇرۇنقى ئەھدو پەيمانىندەدۇر.
ــ لۇتفى.

پەيمان شىكەن ــ ۋەدىنى بۇزغۇچى.
پەيمان قىلماق ــ ئەھدە قىلماق، ۋەدە بەرمەك:
بۇ شەرت ئىلە خەنجەرنى ئالدى پەرى،
قىلىپ ئەھد پەيمان ئاڭا دىلبەرى.
ــ ئا. نىزارى

**پەيمانە** [پيمانة] (پ) 1 › پىيالە، قەدەھ:
مۇيەسسەر بولسە گەر ۋەسلى غەنىمەت بىلمەكۇ قۇتماق،
كە تۇرمەكدۇر سۇراھى نەچچە ۋۇ پەيمانە ئاندىن كۆپ.
ــ ئەرشى.

2 › ئۆلچەم، قاچا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۇ مەھزۇنغە شەرت ئەتتى جانانەسى،
كى قەۋل ئەيلەبان ئۆزر پەيمانەسى.
— ئا. نىزارى.

**پەيمانە كەش** — مەي ئىچكۈچى.
**پەيمانەئى ئۇمر** — ئۆمرى تۈگىگەن.
**ئەجەل پەيمانەسى تولماق** — ئەجىلى يەتمەك.

**پەيمۇدە** [پیمودە] (پ) يول يۈرگۈچى، سەيياھ:
زەمانە ئەھلى ئىچرە، ئەي كۆڭۈل، ئايا تاپىلغايمۇ،
سېنىڭدەك دەردى پەيمانۇ، مېنىڭدەك دەردى پەيمۇدە.
— بابىر.

**پەيۋەست** [پیوست] (پ) تۇتاش، ئۇلانغان؛ ھەمىشە، دائىم.
**پەيۋەست ئەتمەك** — تۇتاشتۇرماق.

**پەيۋەستە** [پیوستە] (پ) تۇتاشقان، ئۇلاشقان:
قاراقچى بولمىسا ئەييار كۆزى،
نەغۇ پەيۋەستە ھەر بىر دەمدە سەنسەن.
— ئا. نىزارى

**پەيۋەستە قاش** — قوشۇما قاش:
كۆڭۈل باغرى ئارا ئەزم ئەتسە دېرمەن باغرى تاشىمدۇر،
يوق ئەتكەن بۇدۇ نابۇدۇمنى ئول پەيۋەستە قاشىمدۇر.
— گۇمنام.

2 〉 ھەمىشە، دائىم:
جادۇ كۆزۈڭكى باردۇر ئانىڭ فىتنە قاشىدە،
پەيۋەستە نازۇ شېۋە ئەرۇر فىكرى باشىدە.
— ئەتائى.

**پەيۋەند** [پیوند] (پ) باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ «ئۇلىغۇچى، باغلىغۇچى؛ تۇتقۇچى، قىلغۇچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.
**ئەدل پەيۋەند** — ئادالەتلىك قىلغۇچى:
مۇشارۇن ئىلەيھ ئەدل پەيۋەند ئېرۇر،
خەلايىق سەلاھى ئاڭا بەند ئېرۇر.
— ئا. نىزارى.

**بەند پەيۋەند** — بەند قىلىنغۇچى، باغلاقلىق:
بەندى پەيۋەندىكى ئادەم جىسمىدا پەيدا ئېرۇر،
بىتەكەللۇف ئاڭلاغىل دارى مادارى ئاشقان.
— زەلىلى.

**پەيۋەند ئەتمەك** — باغلىماق، تۇتاشتۇرماق:

مېهرى لۇتفۇڭ نەچچە زىدلەر ئۇنسۇرىن پەيۋەند ئېتىپ،
باد، خاكۇ ئابۇ ئاتەش بىر - بىرىگە ئىختىلات.
— شەۋقى.

**پەيۋەند** ئەنگۇشت — بارماق ئۇگىلىرى.
**پەيۋەند** تاپماق — تۇتاشماق، باغلانماق.
**پەيۋەند** ئولماق — باغلانماق، ئۇلانماق.
**چارە پەيۋەند** — ئىلاج قىلغۇچى، چارە تاپقۇچى.
**دەرد پەيۋەند** — دەردلىك.
**فەسانە پەيۋەند** — هېكايە ئېيتقۇچى، داستانچى.
**قەيد پەيۋەند** — بەنت قىلغۇچى، ئاسارەتكە سالغۇچى.
**هەۋەس پەيۋەند** — هەۋەس قىلغۇچى، هەۋەسكە بېرىلگۈچى.

**پەيۋەندلىق** [پيوندليق] 1) ئۇلاقلىق؛ 2 قېرىندىداشلىق، يېقىنلىق.

**پۇتراتماق** [پوتراتماك] تارقاتماق؛ هۈركۈتمەك.

**پۇتراشماق** [پوتراشماك] تارقىلىشماق:
سۇزۇلدى جەهاندىن ئەلاماتى گەرد،
قاچىپ، پۇتراشىپ يىلبەسۇن ئەهلى دەرد.
— ئا. نىزارى.

**پۇتراماق** [پوتراماك] تارقىماق، چېچىلماق؛ پاراكەندە بولماق:
چۇ خاقان ئەزىمەت قىلىپ ئوغرادى،
سىپاهى ئانىڭ ئارقادىن پۇترادى.
— ئا. نىزارى

**پۇد** [پود] (پ) ئارقاق.
**تارۇ پۇد** — ئۆرۈش ۋە ئارقاق.

**پۇر I** [پر] (پ) كۆپ، نۇرغۇن؛ مول.
كى سەئدىن شىكەستە ئاگا پۇر ئىدى،
ۋەلى ئىشق ئوقى بىرلە مەهجۇر ئىدى.
— ئا. نىزاى.

**پۇر ئاب** — سۇلۇق، سۇغا تولغان:
يۈزۈڭ ئۆزرە ئەرەقلەر يادى كۆزۈمنى پۇر ئاب ئەيلەپ،
دەۋا تاپماي قالىپ دەرد ئىچرە دەرمانىمدىن ئايرىلغاچ.
— ئەرشى.

**پۇر ئافەت** — ئاپەتى كۆپ، ئاپەتلىك.
**پۇر ئەيلەمەك** — مول قىلماق، يېتەرلىك قىلماق:
نەچەكىم خەستە جاندۇرمەن مەيى لەئلىڭگە، ئەي ساقى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەبەسسۇم جامىنى پۇر ئەيلەگىل، دەفئى ئەت خۇمارىمنى.
— ئەرشى.

پۇر جەفا — جاپاسى كۆپ، جاپالىق:
بىر مەھۋەشى پۇر جەفا قۇلىدىن،
ھەردەم ماڭا يۈز بەلا نېبدىندۇر.
سەن رەھم نىگاھى بىرلە باقماي،
مەندىن ساڭا بۇ ۋەفا نېبدىندۇر.
— ئەرشى.

پۇر خەتەر — كۆپ خەتەرلىك، ناھايىتى قورقۇنچلۇق.
پۇر خۇمار — مەست، كۆزى خۇمارلاشقان.
پۇر دەرد — دەردكە تولغان، دەردى كۆپ.
پۇر دەردانە — دەردمەنلەرچە، كۆپ قايغۇ بىلەن.
پۇر دىل — يۈرەكلىك، قەھرىمان.
پۇر زىيا — ناھايىتى يورۇق، ناھايىتى روشەن:
جەھان رەئنالارىدىن كۆزلەرىم شەھبازدېك تىكتىم،
بولۇرمۇ كۆزلەرىم كۆندېك يۈزۈڭدىن پۇرزىيا بىر كۆن.
— گۇمنام.

پۇر زىينەت — ناھايىتى زىننەتلىك، ياسىداق.
پۇر غۇسسە — كۆپ قايغۇ، غەم:
چىقتى داغى سىينەئى پۇر غۇسسەدىن تۇرلۇك سەدا،
بولمە نەۋمىد، ئەي، يارۇغلۇق بولسەگەر فېئىلىك تەباھ.
— ئەرشى.

پۇر كار — ئىشچان، تەجرىبىلىك:
باشىڭدىن چەرخ ئۆرۈپ مەن رىشتەئى مېھرىڭگە چىرماندىم،
فەلەك ھەم بولمادى ئىشقىڭ ئارا پۇركارمەن ياڭلىغ.
— گۇمنام.

پۇر گوي — كۆپ گەپ قىلغۇچى.
پۇر مەكر — ھىيلىگەر، مىكىرلىك.
پۇر نۇر — پارلاق، نۇرلۇق:
مېھر ئەگەر پۇر نۇردۇر چەرخ ئەۋجىدە، سالمان نەزەر،
كۆلبەم ئىچرە جىلۋەئى ماھى جەھانىم بولسە بەس.
— ئەرشى.

پۇر ھال — خۇرسەن، شاد.
پۇر ھالەت — ھەر خىل ھالدا.
پۇر ھەزىن — مەيۇس، قايغۇلۇق؛ كۆپ قايغۇ؛

مەقسەدكى توختى پۇر ھەزىن قىلدى شۇرۇڭ غەمكىن ھەزىن،
ئەھۋال بەيان قىلدى كىيىن باشغە ھەرنە كەلگەنىن.

— موللا توختى غەرىبى.

پۇر ھىيلە — ھىيلىگەر، ھىيلىسى كۆپ.
تۇھفەئى پۇر — نۇرغۇن تۆھپە، ئىنئام:
كى تەئيىن قىلىپ تۇھفەئى پۇر بەھا،
قىلىپ ئول زەمان ياخشى قىتئە ئەدا.

— ئا. نىزارى.

پۇر II [پور] (پ) پەرزەنت، بالا:
زەمانى كۆڭۈل غەمدىن ئازاد ئەمەس،
ئاتا چاغلاغان پۇر پەرھاد ئەمەس.

— ئا. نىزارى.

پۇر تاب [پرتاب] (پ) ناھايىتى روشەن، پارقىراق.

پۇر پەچ [پرپیچ] (پ) چىرماش، كۆپ يۆگەلگەن.

پۇر جۇش [پرجوش] (پ) قايناق، زوقلۇق، خۇشال؛ ھاياجانلىق.

پۇر چىن [پرچین] (پ) قورۇقلىرى كۆپ، قورۇقلۇق.
پۇرچىن ئارەز — قورۇق باسقان يۈز.

پۇر خەم [پرخم] (پ) كۆپ بۇرالغان، بۇرام - بۇرام، كۆپ ئىگىلگەن.

پۇر خۇن [پرخون] (پ) قانغا تولغان، قانلىق:
ئەي ئوغۇل زاھىرنى مەجنۇن قىلمىساڭ،
دەرد بىرلە سىينە پۇر خۇن قىلمىساڭ.

— خەراباتى.

پۇر دان [پردان] (پ) كۆپ بىلگۈچى، بىلىملىك.

پۇر سو [پرسو] (پ) يورۇق، نۇرلۇق.

پۇر سوز [پرسوز] (پ) تېز ياندۇرغۇچى، كۆيدۈرگۈچى.

پۇر شور [پرشور] (پ) شاۋقۇن - سۈرەنلىك.

پۇر فەن [پرفن] (پ) نەيرەڭۋاز، ھىيلىگەر:
جەفايۇ ئىشۋەلەرنى فەن تۇتۇپسەن،
مۇنىڭدەك ئىشۋە پۇر فەندىن نەھاسىل.

— لۇتفى.

پۇرفۇسۇن [پرفسون] (پ) نەيرەڭلەر، ھىيلىلەر:
ئاتا يەئقۇب ئولمىش گىرىفتارى دۇن،
دىلىن سەيد قىلغان جەھان پۇر فۇسۇن.

— ئا. نىزارى.

پۇزىش [پوزش] (پ) ئۆزرە، كەچۇرۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇزش پەزىر — ئۆزرىنى قوبۇل قىلغۇچى.

**پۇش** [پوش] (پ) 1) باشقا سۆزلەرگە قوشۇلۇپ «كىيگۈچى كىيگەن» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ئەخزەر پۇش — يېشىل كىيىملىك.

پەردە پۇش — پەردە يېپىنغان.

پۇست پۇش — تېرە كىيگەن؛ كۆچمەن؛ دىۋانە.

زۇمرەد پۇش — يېشىل كىيىم كېيىگەن.

زىرىھ پۇش — ساۋۇت كىيگەن.

سىياھ پۇش — قارا كىيىملىك، ماتەم كىيىمى كىيگەن.

2) كىيىم لىباس:

قەدى شەمشادى شوخى ئەنبەرىن پۇشى پەرىزادى،
كى ئاندىن تۇردە سۆزنى يەزەدگە شانەدۇر پەيدا.
— زەلىلى.

زەررىن پۇش — زەر بىلەن زىننەتلەنگەن كىيىم:

نەكاپىر، نەمۇسۇلمان، تاڭ ئاتتى زەررىن پۇش،
كىيەر يەنە كېچەلەردە گەداۋۇ شاھ قارا.
— زەلىلى.

**پۇشت I** [پشت] (پ) 1) ئارقا، ئارقا گەۋدە:

كۆزدىن پەرىۋەش ئۆچتىلار، سەۋدايى ئىشقىڭ تۇشتىلەر،
خەم بولدى مەھكەم پۇشتىلار، مەستانە ئۆرۈلدى دىماغ.
— شەۋقى.

2) سىرت، تېرە:

سەۋاد زاھىر ئەيلەپ پۇشت لەبىدىن فەھم قىلمىشمەن،
مۇردى ساددەلەرگە خەت بىلەن ئىرشاد قىلغايمۇ؟
— زەلىلى.

پۇشت پا ئۇرماق — تەرك ئەتمەك، كەچمەك.

**پۇشت II** [پشت] (پ) ئەۋلات:

كى ئول مۇلك ئالارغا قالىپ نېچە پۇشت،
چىقارماي ئالاردىن سىپىھرى دۇرۇشت.
— نەۋائى.

پۇشتى پەناھ — يۆلەندىغان تايىنىدىغان، يۆلەنگۈچى:

زۇھد ئېلىدىن ئىشق ئېلى ھەرگىزدە كۆز تۇتماس پەناھ،
بۇ نەزەر باز ئەھلىنىڭ پۇشتى پەناھى ئۆزگەدۇر.
— گۇمنام.

**پۇشتە** [پشته] (پ) تۆپىلىك، ئېگىزلىك.

**پۇشتىبان** [پشتبان] (پ) تىرەك، تايانچ؛ مەدەتكار.

**پۇشىدە** [پوشيده] (پ) 1) مەخپىي، يوشۇرۇن، بېكىتىلگەن:

كاكۇلى مۇشكىن سەنەمنىڭ چېھرەسىن پۇشىدە تۇت،
جىلۋەئى ھۇسنىدە ئەيلەر ۋەر نە ئالەمنى خەراب.
— زەلىلى.

2) كېيىنگەن، يېپىنغان.

**پۇيە** [پوية] (پ) يۈگۈرۈش، چېپىش.

**پۇيە ئەيلەمەك** — يۈرمەك، كەزمەك:

گەھى پۇيە ئەيسلەر ئىدى ھەر تەرەف،
بولۇپ گاھ ھىجران ئوقىغە ھەدەف.
— ئا. نىزارى.

**پۇيە** تاپماق — يۈرۈشكە، يېرىشقا مۇيەسسەر بولماق.

**پۇيە** سالماق — يۈرۈش قىلماق.

**پۇيە** ئۇرماق — يۈرمەك، كەزمەك:

ئول ئىتدەك بەيابانىدا چەكمىش فىغان،
ئۇرۇپ پۇيە ئول سارى بولمىش ئەيان.
— ئا. نىزارى.

**پۇيەزەن** [پويه‌زن] (پ) قەدەم باسقۇچى، يۈرگۈچى.

**پۇيەسىز** [پويه‌سز] ھەرىكەتسىز، يۈرۈشسىز.

**پۇيەگەر** [پويه‌كر] (پ) يۈرگۈچى، يۈگۈرگۈچى:

ئۇمر ئىچى باشۇ-ئاياغ پۇيەگەر ئولغان كىمدۇر،
ئىشق دەشتىدە مېنى بىسە رۇپادىن غەيرى.
— ئەرشى

**پۇيەندە** [پوينده] (پ) كەزگۈچى، يۈگۈرگۈچى.

**پۈتكۈرمەك** [پتكورماك] تاماملىماق، پۈتكۈزمەك:

ماڭا مۇشكىل سېنىڭ ئالدىڭدا ئاسان،
ئىشىم پۈتكۈرمەسەڭ مەندە نەئىمكان.
— موللا پازىل.

**پىتمەس** [پتماس] پۈتمەيدىغان، يازمايدىغان:

نەۋبەتى ئاجىز جەھاندا دوست تۇتقىل ئالىمى،
تاتىرىكدۇرسەن گۇناھىڭنى پىتمەس بولسا پەيز.
— نەۋبەتى.

**پىچ** [پيچ] (پ) تولغىنىش، ئورىلىش، بۇرىلىش.

پىچ بەرمەك — قولغا ئورىماق.

پىچ دەر پىچ — ئۈستى-ئۈستىگە ئورالغان، قاتمۇ قات، مەھكەم.

www.uyghurkitap.com



**پىچ ئۇرماق** ــ تولغانماق، بۇرالماق.
**دەست پىچ** ــ قولغا ئۇرىماق، چىڭ تۇتماق.

**پىچا پىچ** [پيچا پيچ] (پ) 1) چىرماشقان، ئورالغان؛ 2) كۆچمە. م: مۇشكۈل، قىيىن.

**پىچان** [پيچان] (پ) تولغانغان، چىرمالغان:

**ئىشقىپىچان** [عشق پيچان] ئە پ ھەشپىچەك (بىر خىل سامان غوللۇق گۈل):
رەھىم ئەيلە، ئەي مەھۋەش، تۈشتى جانىمە ئاتەش،
نەۋبەتى نىھالىڭغە بولدى ئىشقىپىچان قىز.
ــ نەۋبەتى.

**پىچ - پىچ** [پيچ پيچ] (پ) بۇرام - بۇرام؛ ئۆرۈم:
ئەي مەسەلسەل زۇلفىدىن جانىمدە يۈز مىڭ پىچ - پىچ،
سورماساڭ ھەردەم بۇقۇلنى، گاھى سورغىل كېچ - كېچ.
ــ ئەتائى.

**پىچۇتاب** [پيچ و تاب] (پ) 1) تولغىنىش، مىدىرلاش:
كى بىچارەلىكدىن قىلىپ ئىزتىراب،
كىمۇ ئوتغە تۈشكەن كەبى پىچۇتاب.
ــ ئا. نىزارى.

2) ھاياجانلىنىش:
كۆڭۈلگە تۈشۈپ ئول زەمان پىچۇتاب،
كى رەئشە بولۇپ جىسمى گويا سىماب.
ــ ئا. نىزارى.

3) قىينىلىش، ئازابلىنىش:
يۈزۈڭ مېھرىدە كۆڭلۈم زەررە يەڭلىغ ئىزتىراب ئەيلەب،
ساچىڭ يادىدا تۈنلەر تولغا نۇرمەن پىچۇتاب ئەيلەب.
ــ ئەرشى

**پىچۇتاب ئەيلىمەك** ــ قىينىماق، ئازابلىماق:
فەلەكدە مېھرو گۈلشەن ئىچرە گۇللار يافراغىن ناگەھ،
تەزەلزۇل ئىچرە سالدى ئارەزىنى پىچۇ تاب ئەيلەب.
ــ ئەرشى.

**پىچۇتاب سالماق** ــ لەرزىگە سالماق؛ سىلكىتمەك:
كېتەر بۇ چەمەندىنكى رۇزى شەباب،
چۇ گۇل بەرگى ئىچرە سالۇر پىچۇتاب.
ــ ئا. نىزارى.

**پىچۇتاب ئۇرماق** ــ تولغانماق، پەرياد ئۇرماق:
تولا نالە ئەيلەپ، ئۇرۇپ پىچۇتاب،

تۆكۈپ ئاندا شەبنەم كەبى ئەشكى ئاب.
— ئا. نىزارى.

**پىچىدە** [پیچیدە] (پ) ئۇرالغان، چىرمالغان؛ تولغانغان.

**پىچىش** [پیچیش] (پ) تولغىنىش، ئۇرىلىش؛ ئېگىلىش.

**پىچىن** [پیچین] (پ) چىگىش، مۇرەككەپ، قىيىن.

**پىر** [پیر] (پ) 1) قېرى، ياشانغان، پېشقەدەم:
كۆرەرلەر بىرنى ئىككى پىرى گۇمراھ،
شەياتىن سەپلەرىگە زەردىۋال شەيخ.
— شەۋقى.

2) بىرەر دىىنىي، روھانىي گۇرۇھىنىڭ باشلىقى؛ ئىشان، شەيخ، سوپىلار باشلىقى:
بېرۇر ئېردى تەئلىم ئاڭا ئاندا پىر،
ئۆزى پاك دامەن مۇئەللىم دەبىر.
— ئا. نىزارى.

3) بىرەر كەسىپنى ياخشى ئىگىلىگەن كىشى، ئۇستاز، ئاقساقال:
ئاتام باردۇر مۇندا بىر ماھىگىر،
فەقىر كارىدىن بىخەبەردۇر بۇ پىر.
— ئا. نىزارى.

**پىرۇ** جەۋان — قېرى - ياش:
ئىلمسىز ھەسرەتتەدۇر پىرۇ جەۋان،
ئىلم ئىستەپ كىۈنۇ تۈن يۈرگىل رەۋان.
— خەراباتى.

**پىرى** ئەرباب — تەربىيەچى، ئۇستاز:
كۆرۈشتى كېلىپ پىرى ئەرباب ئىلە،
كى مەكتەبدەكى يارۇ ئەھباب ئىلە.
— ئا. نىزارى

**پىرى** دانا — ھەممىدىن خەۋەردار ئەرباب:
كى مۇنداغ دۇرۇر پىرى دانا ئىشى،
بۇ ئىشنى قاچان قىلسۇ نادان كىشى.
— ئا. نىزارى.

**پىرى** دەير — مەيخانا باشلىقى:
ئۆلگۈدەك دۇرمەن خۇماردىن رەنجىدىن ئەي پىرى دەير،
رەھم ئېتىپ ئاغزىمغا قەترەمەي تامىز چىقماستا جان.
— مەھزۇن خوتەنى.

**پىرى** زال — كەمپىر، قېرى خوتۇن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېدىم: «نەۋئەرۇسكى، ئېرۇر پىرى زال،
ئەجەب ھەرزە گۇيدۇر ئەفسۇن سىگال.»
— ئا. نىزارى

پىرى زال ئەتمەك — قېرىتماق؛ مۇكچەيتمەك:
بۇ بىچارەگە كۆپ بولۇبدۇر ۋەبال،
ئەلنى قەددىن ئەتتى فەلەك پىرى زال.
— ئا. نىزارى.

پىرى سەيياد — پىشقەدەم ئوۋچى:
بۇ مەۋزىئ ئارا پىرى سەيياد مەن،
كى سەييادلىق ئىچرە ئۇستاد مەن.
— ئا. نىزارى.

پىرى كامىل — كامالەتكە يەتكەن پىر، ئۇستاز:
قۇتقۇلماق قايدا مۇمكىندۇركى، قىلماس
خەلاس ئۇل زەھردىن، گەر پىرى كامىل.
— ئەرشى.

پىرى نۇر — پىشقەدەم يولباشچى، يېتەكچى؛ ئەقىل - پاراسەتلىك قېرى كىشى:
ئەي ئوغۇل بۇ يولغا بىر رەھبەر كېرەك،
ئىلكىدە بىر شەمئى پىرى نۇر كېرەك.
— خەراباتى.

پىرى ئۇستاد — پىشقەدەم ئۇستاز، تەربىيىچى:
تەۋەللا قىلىپ پىرى ئۇستادغە،
دېدى: «يەتكۈزۈڭ سەرۋى ئازادغە!»
— ئا. نىزارى.

پىراستە [پیراسته] (پ) بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن؛ تەرتىپلىك:
كى مېھمان سەرانى قىلىپ خاستە،
مۇزەييەن فەراش ئىچرە پىراستە.
— ئا. نىزارى.

پىراستە قىلماق — بېزىمەك، زىننەتلىمەك، تەرتىپكە سالماق:
... گاھى قەدەم كىسۋەتىن پىراستە قىلىپ، تەختەئى
تابۇت سەرئەنداز قىلماق. ...
— ئا. نىزارى.

پىران [پران] (پ) [بىرلىكى: پىر]: پىرلار،
ئەي گۇمناما، پاكى زەمىران كەتتى،
ئۇقبا تەرەفىگە گۇشە گىران كەتتى.

ياتما، قوپاقوي، نىجىس جەھان ئۇستىدىن،
پاك ئەيلەدى جانۇ-تەننى پىران كەتتى.
— گۇمنام.

**پىراھەن** [پیراهن] (پ) كۆڭلەك:
گۇلىستاندا چىقار پىراھەنىڭنى،
سەبادەك غۇنچە بىرلە ئويىنا سۇيماچ.
— ئەتائى.

**پىرايە** [پیرایه] بېزەك، زىننەت:
ئەي قارا زۇلفۇڭ سەنىڭ سەۋدايىلەر سەرمايەسى،
سەرۋ بويلۇقلار يۈزىنىڭ گۈل يۈزۈڭ پىرايەسى.
— گۇمنام.

**پىرەھەن** [پیرهن] (پ) «پىراھەن» گە قاراڭ:
فانۇس كەبى شۇئلەسىدىن كىيچەلا كۆيدۇم،
تا كىيدى قەددى قامەتىغە پىرەھەنى شۇخ.
— زەلىلى.

پىرەھەن ئەتمەك — كۆڭلەك قىلماق، كۆڭلەك كىيمەك:
رەسۋالىغ ئوتىنىكىم ماڭا ئۇچرار ياقادۇرمەن،
جىسمىمغە سەمەندەر كەبى ئوت پىرەھەن ئەتتىم.
— گۇمنام.

**پىرزەن** [پیرزن] (پ) موماي، قېرى، ياشانغان ئايال:
كۆتەردىكى لەيلىنى ئول پىرى زەن،
چىقىپ باشىغە گۈل كەبى سىيمتەن.
— ئا. نىزارى.

**پىرلىق** [پیرلیق] 1 › قېرىلىق:
خۇدا بىزگە فەرزەند قىلدى ئەتا،
يېتىپ پىرلىق بولدۇم ئەمدى فەنا.
— ئا. نىزارى.

2 › شەيخلىق.

**پىرى مۇغان** [پیرمغان] (پ) مەيخانىچى:
تەلبە زەلىلى ھۇش ئىلە قوي قەدەمىڭ سېكىن-سېكىن،
پىرى مۇغان ئىشكىدە تىزدىلەر ھەر قايان تەدەھ.
— زەلىلى.

**پىسە** [پیسه] (پ) ئالچىپار، ئالا-بۇلا.
پىسە يىپەك — ئالچىپار يىپەك.
پىسە تەناب — ئالا-بۇلا يىپ.

www.uyghurkitap.com

**پىسەر** [پسر] (پ) 1) بالا، پەرزەنت، ئۆسمۈر، ياش:

ئىرادە بۇ ئىركەن قەزاۋۇ قەدەر،
پىسەر كەلدى مۇندا قالىپدۇر پەدەر.

— ئا. نىزارى.

2) ئوغۇل، يىگىت:

بىرى دەپ: پەرىدىن يېتىپدۇر ئەسەر،
بىرى دەپكى: سەۋدا بولۇپدۇر پىسەر.

— ئا. نىزارى.

**پىسەند** [پسند] (پ) ياقتۇرۇش، كۆڭۈل بېرىش؛ ئېتىبار:

بىرى كۆڭلىگە بولسا ئاندا پىسەند،
بولۇرمۇ ئىكىن غەمگە ئول سۇرمەند.

— ئا. نىزارى.

**پىسەند ئەيلەمەك** — ماقۇل قىلماق، ماقۇللىماق:

رەفىقى لەيلى، مەجنۇن روھىمىزنى ئەيلەدىم خۇشنۇد،
پىسەند ئەيلەڭكى ئول يارىمغە قىلغان جان نىسارىمغە.

— ئا. نىزارى.

**پىسەند قىلماق** — ياقتۇرماق، كۆڭۈل بەرمەك:

كىشىكىم جەھاندا ئېرۇر دەرد مەند،
كى بۇ نەزمىنى كۆرسە قىلغاي پىسەند.

— ئا. نىزارى.

**خۇد پىسەند** — تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق:

نىزارى بولۇپدۇر بەسى خۇد پىسەند،
ھەۋا قەيدى بولمىش يولىغە كەمەند.

— ئا. نىزارى.

**نا پىسەند** — ناماقۇل؛ يېقىمسىز.

**پىسەندە** [پسنده] (پ) كۆركەم، يېقىملىق، ياخشى.

**پىسەندىدە** [پسنديده] (پ) تاللانغان، خالىغان، كۆڭۈلگە ياققان.

**پىستە** [پسته] (پ) پىستە ۋە پىستە دەرىخى.

**پىستەئى دىلرەبا** — مەھبۇبىنىڭ ئاغزىدىكى دىلنى تارتقۇچى پىستە (مەھبۇبىنىڭ ئاغزىغا كىنايە قىلىنغان):

تۇرسە كەرەشمەلەر قىلىپ، ناز ئىلە باقسە ئايلانىپ،
بولسە چۇ غۇنچە ئاچىلىپ پىستەئى دىلرەبا كۆرۈك.

— گۇمنام.

**پىش** [پيش] (پ) ئىلگىرى، ئالدىن؛ ئالدى:

ھەر بەلايى پىش كەلسە ئەۋلىيالار ياندۇرۇر،

ئاڭا ھەم ھەقدىن ئىنايەت بولسە قۇدرەت باردۇر.
— نەۋبەتى.

**پىش ئامەد** — ئۆزگىرىش، ۋەقە:
نەچە كەلسە مۇندا پىش ئامەد قىلۇر،
تىلەنمەك بىلە كۆپ خۇش ئامەد قىلۇر.
— ئا. نىزارى.

**پىش تۇتماق** — ئالدىغا قويماق.
**پىش قەدەم** — ئالدىدا ماڭغۇچى، ئالدىنقى.
**پىش نەزەر** — كۆز ئالدىدىكى

**پىشاب** [پیشاب] (پ) سۈيدۈك.
**پىشاپىش** [پیشاپیش] (پ) ھەممىنىڭ ئالدىدا، ھەممىدىن ئىلگىرى.
**پىشانى** [پیشانی] (پ) 1) پېشانە، ماڭلاي؛ 2) تەقدىر، **تەلەي**:
ئۇلدى بىر نۇرۇڭ رىكابىن نەرگىسى رۇھۇل - ئەمىن،
رەھمەتىڭ پىشانەسىدە دائىما يوق ئەردى ھىن.
— ئەرشى.

**پىشە** [پیشه] (پ) ھۈنەر، كەسىپ؛ ئادەت:
دېدى شاھزادە: «كېتۇر تىشەنى،
كى مەئلۇم قىل بىزگە بۇ پىشەنى.»
— ئا. نىزارى.

**پىشە ئەيلەمەك** — ئادەت قىلماق:
ئادەمىيلىق پىشە ئەيلەپ ئىشق ئەفزۇن ئەيلەگىل،
مۇمكىن ئېرمەس ئول پەرىگە گەرچە ئاشىق پەرۋەرى.
— ئەرشى.

**پىشە قىلماق** — كەسىپ قىلماق، ھۈنەر قىلماق:
ئاخىرەت سەرمايەسىدۇر كىم سەخاۋەت پىشە قىل،
رۇزى مەھشەردە شەفائەت ئەيلەگەي خاتەم ساڭا.
— نەۋبەتى.

**ئافەت پىشە** — ئاپەت كەلتۈرگۈچى، ئاپەتخور:
چىن چىمەندىن ئالىپ ئۇلدەم ئاچىلسە گۈل كەبى،
بولماغاي ناگەھ بۇ ئافەت پىشە، ناگاھ ئۆزگەچە.
— ئەرشى.

**دام پىشە** — دامىغا چۈشۈرگۈچى، ھىيلىگەر:
مىكر ئايىن دام پىشە ئەنبەرىن كاكۇللارىڭ،
خاتىرىم تارقاتماق ئۈچۈن ھەر تەرەفكە تاراشۇر.
— ئەرشى.

www.uyghurkitap.com

خىرەد پىشە ـ ئەقىللىق، ئويلاپ ئىش قىلغۇچى.
هەم پىشە ـ هەم كەسىپ.
ۋەفا پىشە ـ ۋاپادار:

گەر بولسە ساڭا جەبرۇ جەفا خۇيۇ ۋەزىفە،
بولدى ماڭا هەم مېھرۇ ۋەفا پىشەۋۇ ئادەت.
ـــ ئەتائى.

**پىشەسىز** [پیشەسیز] هۈنەرسىز، كەسپى يوق:
خوب ئەمەس چىقماق سەپەرگە تۆشەسىز هەم پىشەسىز،
هەر قەدەمدە نەچچە خىل كۈلفەت مۇهەييالانمىسۇن.
ـــ ئارەزى.

**پىشەۋۇر** [پیشەور] (پ) هۈنەرۋەن، كاسىپ.
**پىشباز** [پیشباز] (پ) كۈتۈۋېلىش، قارشى ئېلىش.
**پىشباز چىقماق** ـ قارشى ئېلىپ چىقماق، ئالدىغا چىقماق:
هەمە هېكمەت ئەهلى چىقىپ پىشباز،
تەھىييەت قىلىپ ئەيلەپ ئەرزۇ نىيازۇ.
ـــ ئا. نىزارى.

**پىشخانە** [پیشخانە] (پ) قوبۇلخانا.
**پىشكار** [پیشكار] (پ) باشقۇرغۇچى، غوجىدار.
**پىشكەش** [پیشكش] (پ) سوغا، تۆھپە:
كۆتەرتىپ هەمە پىشكەش مالنى،
تاپىپ كەلتۈرۈپ نەچچە هەممالنى.
ـــ ئا. نىزارى.

**پىشگاه** [پیشگاه] (پ) ئۆينىڭ تۆرى، ئالدى؛ ئالدى تەرەپ.
**پىشۋا** [پیشوا] (پ) يولباشچى، رەھبەر.
**پىشۋاز** [پیشواز] (پ) «پىشبازغا» غا قاراڭ.
**پىشىن** [پیشین] (پ) 1) ئۆتمۈشتىكى؛ 2) كۈن ئېگىلگەن چاغ.
ـــ ئا. نىزارى.

**پىندار I** [پندار] (پ) مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق.
**پىندار II** [پندار] (پ) ئويلاش، پىكىر قىلىش؛ گۇمان قىلىش.
**پىنھان** [پنهان] (پ) يوشۇرۇن، مەخپى:
چۇ زىھرەك دېدى: «بىلمەدىم بۇ زەرۇر،
كى پىنھان ئىدى، تاپتى بۇ ئىش زۇھۇر.»
ـــ ئا. نىزارى.

(ئاخىرى 134 ـ بەتتە)




آغاز داستان لیلی مجنون


بسم الله الرحمن الرحیم



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



源 泉（维吾尔文）总25期

بۇلاق (ئومۇمىي 25 - سان) (پەسىللىك ژۇرنال)

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN 65－1063/I
本刊代号：58－108定价：1.25元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 108 - 58  باھاسى: 1.25 يۈەن